

AltunOq


1986


# قەشقەر ئەدەبىياتى

4

www.uyghurkitap.com

## يۈسۈپ خاس هاجىپ مازىرىنىڭ ئەسلىدىكى كۆرۈنۈشلىرى





# قەشقەر ئەدەبىياتى

(قوش ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

4

1986

15 - يىل نەشرى

(ئومۇمىي 71 - سان)

«قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## بوستاندا

### نەسرى ئەسەرلەر


ناغىلىقلار ............ ( پوۋېست ) ............ ئەخمەت مۇساق 39
ئۇقۇش يۇلتۇزگەندىن كېيىن ............ ئېيسا شاكىر 17
كۈلچى بوۋا ............ هاجى ئەخمەت 31
كۇتۇلمىگەن ۋەقە ............ مەممەت ئىلى 102
ئىسسىق ئۇرۇق، شىرىن مېۋە ............ مەھمۇتزەيدى 7
كۆكۈل ھەققىدە ناخشا ............ ئابلىمىت توختى 107
كەم ئۇچرايدىغان ئادەم ............ ئەنۋەر توختى 108
ئەمەلدىن قالدى ............ تۇراپ ئۇبۇل 108
قاساپ ............ ئامانگۈل مامۇت 109


### شېئىرىيەت گۈلزارى


ئالتۇن ئوردۇنلۇق يىگىت ............ ( داستان ) ............ ئۇچقۇن 84
بىر جۇپ يۇلتۇز چاقناپ تۇرار ئاسماندا ............ ياسىن خۇداۋەردى 10
سۆزلۈك تارامىلار ............ مىرزاھىد كېرىمى 10
بىلىملىك ئۇزار، بىلىمسىز توزار ............ ئابدۇللا تالىپ 13
مەرسىيە ............ غولام ئەبەيدۇللا 16
شېئىرلار ............ مۇقەددىر ساھىت 57
ئايدىڭدىكى نەزمىلەر ............ ھوشۇر ئىبراھىم 59
ئىككى شېئىر ............ ئابدۇرېھىم توختى 61
ئىككى شېئىر ............ يۇسۇپجان ھېيىت 64
شېئىرلار ............ ئابدۇللا ياقۇپ 64
لىرىكىلار ............ ئابدۇشۈكۈر قاۋۇل 65
ئانا ۋە بوۋاق ............ ئۆمەرجان نىيازى 66
شېئىرلار ............ ئابدىرېھىم قاۋۇل 67
ئىككى شېئىر ............ ئەمەتجان قەييۇم 68

گەچقۇرۇن ...... تۇراپ ھەسەن 95
ئىككى شېئىر ...... ئەيسا سايىم 96
ئىككى شېئىر ...... ناسىرجان مۇھەممەت 97
ئانىدەك مېھرىبان يوقتۇر ...... تۇرغۇن مۆمىن 98
يىغىمىزمۇ ناخشىدۇر بىزنىڭ ...... تۇرسۇن ئابدىقادىر 98
دىلمۇراتنىڭ ئارزۇسى ...... ئېزىز سايىت 98
ياشلىقىڭ...... رەيھانگۈل مۆمىن 100
كۆزەتتە تۇرسام ...... ئوبۇل ئېزىز 100
ھۆپۈپ بىلەن قالغاچ ...... ( مەسەل ) ...... ئوسمانجان مەھەممەت 101

## مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە تارىخ

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى ھەققىدە ...... مۇھەممەت زۇنۇن سىدىق 1

## سەھنە ۋە ئېكران

يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام…(تېلېۋىزىيە تىياتىرى) ......سايىت سادىق 69

## شەبنەم

ئىپتىخارلىق قەلبىنىڭ لېرىك ساداسى ...... مۇھەممەت پولات 111

## چەتئەل ئەدەبىياتى

دىلكەشلەر ...... ( ھېكايە ـ باللادا ) ...... خىزمەت ئابدۇللىن 116

## ئەدەبىي كالىندار

ھېمىڭۋېي، مۇپاسسان ، ماياكوۋىسكى ، شېللى ، چىخوف ، دوما [ چوڭ ] ، دوما
[ كىچىك ] ، برناردشاۋ . ...... 121

---

بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىم ۋە ھۆسنى خەتلەرنى مەخمۇتجان تۇردى، جۇمە ئابدۇللا ئىشلىگەن.

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى ھەققىدە

مۇھەممەت سىدىق زۇنۇن

I

ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۇزاق تارىختىن بىرى مۆجىزە خاراكتېرلىك سان - ساناقسىز ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى يارىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شانلىق مەدەنىيەت تارىخىنى بەرپا قىلغانلىقى ئۈچۈن جۇڭگو «جاھان مەدەنىيىتىنىڭ شەرقتىكى بۆشۈكى» دېگەن پەخىرلىك نامغا ئىگە. جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ تەڭ ھوقۇقلۇق ئەزالىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت تارىخىمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ شانلىق مەدەنىيەت تارىخىغا قوشقان پارلاق نەتىجىلىرى بىلەن شەرەپلىك ئورۇنغا ئىگە.

9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا جۇملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان قاراخانىلار سۇلالىسى 11 - ئەسىرگە كەلگەندە مۇقىم زور گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى. قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ شۇ چاغلاردىكى پايتەختى بولغان قەشقەردە «مەدرىسە ساچىيە» دېگەن داڭلىق بىلىم يۇرتلىرى، كۇتۇپخانىلار ۋە باشقا مەدەنىيەت ئوچاقلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدا نۇرغۇن ئالىملار، پەيلاسوپلار، ئاسترونوملار، يازغۇچىلار، شائىرلار، تىلشۇناسلار يېتىشىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ مول مەدەنىيەت غەزىنىسىنى بېيىتىشقا چوڭ تۆھپە بولۇپ قوشۇلدى. ئەنە شۇ چوڭ تۆھپىلەرنىڭ بىرى، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىش دەۋرى بولغان 11 - ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرى ۋە دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» داستانى بىلەن قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىسى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسچىسى، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بوۋىسى، بۈيۈك پەيلاسوپ سۈپىتى بىلەن ئالەمگە مەشھۇردۇر.

مەرىپەت سۆيەر ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك پەخىرلىك پەرزەنتلىرىنى ئەزەلدىن ئۇنتۇتمىدى، تۈرلۈك ئۇسۇل، تۈرلۈك ۋاستىلار بىلەن ئەسلىدى، قەبرىلىرىنى بىنا قىلىپ، ئەڭ نەپىس ھۈنەر - سەنئەتلىرى بىلەن بېزىدى. يەر - زېمىنلىرىنى بېغىشلاپ ۋەخپە قىلدى، ئەتراپىغا دەرەخ تىكىپ، گۈل - گىيا ئۆستۈرۈپ، باغ - بوستان ئەھيا قىلدى. ھېيت - ئايەم كۈنلىرى توپلۇشۇپ زىيارەت قىلىپ، نەزرە - چىراغ ئۆتكۈزۈپ روھىغا خاتىرجەملىك تىلىدى، مازارلىرىنى ئۇلۇغلاپ «ئالتۇنلۇغۇم» دەپ ئاتىدى.

# II

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 478- يىلى ( مىلادى 1086- يىلى ) ① ۋاپات بولۇپ، ئەينى زاماندا تۈمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش جايىغا، ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇن « ئەسكى ھىسار » قەدىمىي شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى « بارىڭگا » دېگەن يەرگە دەفنە قىلىنغان ۋە ئەجداتلىرىمىز ئالىمىنىڭ قەۋرىسىنى چىرايلىق ياساپ، تۈز تورۇسلۇق قەبرى ئۆيى، قېشىغا تىلاۋەتخانا ۋە مۇنار، گۈمبەزلىرى بىلەن قوشۇپ ھەيۋەتلىك دەرۋازا بىنا قىلغان ② بۇ ئەتراپتا يالغۇز يۈسۈپخاس ھاجىپنىڭ مازىرى بولۇپلا قالماي قاراخانىلار دەۋرىگە ئائىت باشقا مازالارمۇ بار.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ شىمالىغا تەخمىنەن بىر كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بۈيۈك تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسىرىدە «ئۇستازىم» دەپ ئاتىغان شەيخ ئىمام زاھىت ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف قەشقەرىنىڭ مازىرى، بۇنىڭدىن يەنە تەخمىنەن بىر كىلومېتىرچە يىراقلىقتا تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدە كىشىلەر تەرەپپىدىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى دەپ رىۋايەت قىلىنىپ جامائەتكە تونۇشلۇق بولغان نۇر ئەلانۇر خېنىم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىبلى ئارسلان خاننىڭ مازىرى بار.

... يۈسۈپخاس ھاجىپ مازىرىنىڭ دەسلەپكى ئورنى دېيىلگەن جاينىڭ ئەتراپىدا يۇقىرىقىدەك مازارلارنىڭ ھېلىمۇ قەد كۆتىرىپ تۇرىشى مۇشۇ مازارلار جايلاشقان بىر پارچە زېمىننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەسكى ھىسار قەدىمىي شەھىرى خارابىسىنىڭ بولۇشى كىشىلەرنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ دەسلەپكى ئورنى ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ ئىلمىيلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتمەدۇ.

مەلۇمكى 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قاراخانىلار خانىدانلىرى ئىچىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق كۈچىيىپ، ئۆز ئارا ھوقوق، مەنپەئەت تالىشىش كۈرەشلىرى، جېدەل - ماجىرالار توختىماي داۋاملىشىپ خەلققە ئاراملىق بەرمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ مۇقىم گۈللىنىش دەۋرى ئاخىرلىشىپ، تەدرىجى زاۋاللىققا يۈز تۇتتى، بولۇپمۇ 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ گۇمران بولۇشى، 13 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى، جۈملىدىن شىنجاڭنى چىڭگىزخان قوشۇنلىرىنىڭ ئىستىلا قىلىشى بىلەن ئالەمنى جاھالەت بۇلۇتلىرى قاپلاپ كەتتى. كۆچمەنچىلىك بىلەن ياشاپ، دالا تۇرمۇشىغا ئادەتلەنگەن چىڭگىز قوشۇنلىرى ئىلغار شەھەر مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلدى. ئەمما تارىخ چاقى ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئەگرى-توقايلىق ئىچىدە گاھى پەسلەپ گاھى ئۆرلەپ ئالغا سىلجىۋەردى خېلى بىر مەزگىل بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە قايمۇقۇپ قالغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى 16 - ئەسىردىن 17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە يەنە ئۆرلەشكە باشلىدى. 1514-يىلىدىن كېيىن يەكەننى پايتەخت قىلغان سەئىدىيە سۇلتانلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن جاھالەت بۇلۇتلىرى تارقاپ ھاۋا سۈزۈلدى. ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت، ھۈنەر-سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىلدى. بولۇپمۇ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۇنجى

پادىشاھىسى سۇلتان سەئىدخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان يېرىم ئەسىردەك ۋاقىت ئىچىدە، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەش يولىغا كىردى. دىخانلار زېمىنىدىكى ئالۋاڭ - ياساقلار ئازايتىلدى. ئېرىق - ئۆستەڭلەر چېپىلىپ، بوز يەرلەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، يېزىلار ئاۋاتلاشتۇرۇلدى. ھۈنەر-سەنئەتكە كۆچلۈك مەدەت بېرىلىپ، زەرگەرلىك، ھەلگەرلىك، مىسكەرلىك، تۆمۈرچىلىك نەققاشلىق، گىلەمچىلىك، كەشتىچىلىك، قويمىچىلىق، قورال-ياراغ ياساشقا ئوخشاش نۇرغۇن ئۇستىخانىلار، مانۇپاكتورا كارخانىلىرى قۇرۇلدى. ھۈنەر-سەنئەتتە يۇقىرى ماھارەتلىك ئۇستىلار پادىشاھلىق تەرىپىدىن ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلدى، داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىشقا ئىمكانىيەتلەر يارىتىلىپ ئۇلغار كەشپىياتلار مۇكاپاتلاندى. نۇرغۇن مەكتەپ-مەدرىسلەر تەمىر قىلىنىپ ئىلىم-پەنگە كەڭ يول ئېچىلدى. پەقەت يەكەندىلا سەئىدىيە مەدرىسى، رەشىدىيە مەدرىسى، خانلىق مەدرىسكە ئوخشاش، 47 ئورۇندا مەدرىس بىنا قىلىندى. قەشقەر شەھىرىدە خانلىق مەدرىس بىنا قىلىنىپ، چاپان بازىرى جامەسى رېمونت قىلىنىپ يېڭىلاندى. ئالىملار، شائىرلار، يازغۇچىلار، پەيلاسوپلار، ئاسترونوملار، تېبىبلار، كىمياگەرلەر يېتىشىپ چىقتى. نۇرغۇن پۈتۈكچىلەر، خەتتات-كاتىپلار ئۇيۇشتۇرۇلۇپ پادىشاھلىق راسخوتى بىلەن بىباھا يازما يادىكارلىرىمىز، كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىز كۆچۈرۈلۈپ كۆپەيتىلدى. بۇنىڭ بىلەن يازما يادىكارلىقلىرىمىزنى زاۋاللىقتىن قۇتقۇزۇپلا قالماستىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. قىدىرخان ۋە ئامانىساخېنىمغا ئوخشاش مۇقام پېشۋالىرىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك مۇنارى، نەفىس سەنئەتنىڭ گۈل تاجىسى بولغان ئون ئىككى مۇقامنى رەتلەش، تەتقىق قىلىش، ئىجات قىلىش ئىشلىرىغا زور ئىمكانىيەتلەر يارىتىپ بېرىلدى.

سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخانلارنىڭ ئۆزى ئەتراپلىق تەربىيە كۆرگەن ئالىم، شائىر، سەركەردىلەر بولغىنى ئۈچۈن ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئالىملارنىڭ، شائىرلارنىڭ، سەركەردىلەرنىڭ، تارىختا مۇھىم رول ئوينىغان ئاتاقلىق شەخسىيلەرنىڭ مازارلىرىنى قايتا ياساپ، ئىزى ئۆچۈپ كېتىشتىن ساقلاپ قالدى. جۈملىدىن ئاتۇشتىكى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرىنى ياسىدى. ھازىرقى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي، ئەسكى ھىسار قەدىمى شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى شەيخ ئىمام زاھىت ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف قەشقەرىنىڭ مازىرىنى[3] ياساپ يېڭىلىدى.

يۈسۈپخاس ھاجىپنىڭ مازىرى تۈمەن دەرياسى بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش جايىدا بولۇپ، كەلكۈن ئاپىتىنىڭ ۋەيران قىلىۋېتىش تەھدىتىگە دۇچ كەلگەنلىكى ئۈچۈن يۆتكەپ ئەسكى ھىسار قەدىمى شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى پايى ئاب (پارسچە سۆز بولۇپ سۇنىڭ ئايىغى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. جانلىق تىلدا پاياناپ دەپ ئاتىلىدۇ) دېگەن جايغا دەپنە قىلىپ، ھەشەمەتلىك دەرۋازا، سەلتەنەتلىك گۈمبەز، نەخشىلىك مەسچىت ۋە تىلاۋەتخانىلاردىن ئىبارەت يۈرۈشلەشكەن مازار بىنا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەردە ئۆتكەن بىر مۇنچە مەشھۇر شەخسىيلەر ۋاپات بولغاندىن كېيىن يۈسۈپخاس ھاجىپ مازىرى ئەتراپىغا دەپنە قىلىندى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ جايدا كۆلىمى تەخمىنەن يۈز مو ئەتراپىدا كېلىدىغان جامائەت قەبرىستانلىقى پەيدا بولدى.

مازارنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتكەن كىشىلەر ئات - ئۇلاقلىرىدىن چۈشۈپ دۇئا تەكبىر قىلىپ، ئالىمغا بولغان ھۆرمەت ۋە مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ كەلدى.

## III

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ مازىرى بۇرۇندىنلا كەڭ جامائەتچىلىككە، بولۇپمۇ ئىسلام ئەھلىگە تونۇشلۇق بولۇپ كەلدى. 18- ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان مەشھۇر شائىر مىرھۇسەيىن سەبۇرى بىر پارچە شەجەرە (نەسەبلەر سخېمىسى) يېزىپ چىقىپ ئۇنىڭغا «بەھرىلئەنساب» (نەسەبلەر دېڭىزى) دەپ نام بەرگەن. بۇ شەجەرەنىڭ ئاخىرىغا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىسمىنى، ۋاپات بولغان يىلىنى ۋە مازىرىنىڭ جايلاشقان ئورنىنى يېزىپ قالدۇرماقچى بولغان بولسىمۇ ئۆمرى يار بەرمىگەن. ۋاپات بولۇش ئالدىدا شاگىرتى — قازى مۇھەممەت سايىم سوپى ئاللا يارى دېگەن كىشىگە ئۆزى يازغان بەھرىلئەنساب ناملىق شەجەرەنىڭ ئاخىرىسىغا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىسمىنى، ۋاپات بولغان ۋاقتىنى ۋە مازارنىڭ ئورنىنى يېزىپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلغان. قازى مۇھەممەت سايىم سوپى ئاللا يارى ئۇستازى مىر ھۇسەيىن سەبۇرىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە شەجەرەنىڭ ئاخىرىسىغا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىسمىنى، ۋاپات بولغان ۋاقتى ھىجرىيىنىڭ 478- يىلى ئىكەنلىكىنى ۋە مازىرىنىڭ ئورنى كونا ھىسارنىڭ شىمالىدىكى پايناپ دېگەن جايدا ئىكەنلىكىنى يېزىپ قالدۇرغان ۋە بۇ جەھەتتە ئىمزا خاتىمۇ يېزىپ قويغان. ئىمزا خاتىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئىزھار قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئىمزا خاتىنىڭ ئاخىرىغا بېسىلغان موھۇردا «1232» دېگەن يىل بار، دېمەك قازى مۇھەممەت سايىم سوپى ئاللا يارىنىڭ موھۇرى ھىجرىيە 1232- يىلى (مىلادى 1816- يىلى) ئويۇلغان بولسا شەجەرەنىڭ 1230- يىللىرى (مىلادى 1814 ياكى 1815 - يىللىرى) ئىچىدە يېزىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

× × ×

مەنچىڭ خانلىقى تەرىپىدىن قەشقەرنىڭ ۋاڭلىقىغا تەيىنلىنىپ 1830 - يىلدىن 1850 - يىللىرىغىچە 20 يىلدەك ھۆكۈم سۈرگەن تۇرپانلىق زوھورىدىن ھېكىم بەگ قەشقەر شەھىرىنى كېڭەيتىش غەرىزى بىلەن ھازىر «تاشقارقى شەھەر» دەپ ئاتىلىۋاتقان قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي قىسمىغا سېپىل سوقتۇرماقچى بولىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان خەلق ئاممىسى ئارىسىدا نارازىلىق پەيدا بولۇپ غۇلغۇلا كۆپىيىدۇ. ئوردا ئەمەلدارلىرى ئىچىدىكى ئايرىم ئىلغار پىكىرلىك خەلقپەرۋەر كىشىلەرمۇ پۇخرالار ئۈستىدىكى زۇلۇمنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ زوھورىدىن ھېكىم بەگنى بۇ نىيىتىدىن يېنىشقا دالالەت قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن زوھورىدىن ھېكىم بەگ ئىككىلىنىپ ئارىسالدا بولۇپ، بۇ ئىشنى تەگرىنىڭ ھۆكۈمى بىلەن بىر تەرەپ قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. شۇ چاغدا قەشقەردە ئەڭ مۆتىۋەر كىشى ھېسابلانغان كاتتا ئۆلىما تەرىقەت پېشىۋاسى، دۇئاگۆي نىئمەتۇللا خوجامنىڭ شەھەرنى كېڭەيتىپ سېپىل سوقتۇرسا ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولىدىغانلىقىغا ئىستىخارە ④ قىلىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. نىئمەتۇللا خوجام زوھورىدىن ھېكىم بەگنىڭ بۇ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرىغا چىقىپ ئۈن بىر كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ يوشۇرۇن ئىبادەت قىلىپ

ئىستىخارە قىلىدۇ ۋە زوھورىدىن ھېكىم بەككە شەھەرنى كېڭەيتىپ سېپىل سوقتۇرسا، ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقى چۈشىدە ئايان بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. زوھورىدىن ھېكىم بەگ خۇشال بولۇپ نىئمەتۇللا خوجامغا بىر دانە قول يازما قۇرئان ھەدىيە قىلىدۇ. نىئمەتۇللا خوجام بۇ قۇرئاننىڭ ئاخىرقى ۋارىقى بىرىنچى بېتىنىڭ ھاشىيەسىگە (خەت يېزىلمىغان ئاق يېرىگە) بۇ ۋەقەنى ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىپ «ساھىبى، دۇئا نىئمەتۇللا قەشقەرى 1253 ـ ھىجرىيە» دەپ موھىرىنى باسىدۇ. بۇ ۋاقىت مىلادى 1837 ـ ، 1838 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىدىكى پاكىتلار يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ ئەزەلدىن پۈتۈن جامائەتچىلىككە مەلۇم ۋە مەشھۇر ئىكەنلىكىنىڭ يېتەرلىك دەلىلى بولالايدۇ.

IV

يۈز يىللاردىن بېرى قاتمۇقات زۇلۇم ۋە جاھالەت ئاستىدا ياشىغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى 1949 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىزگە ئوخشاش ئازادلىققا ئېرىشىپ، ئەركىن، بەختىيار يېڭى تۇرمۇش قۇرۇش يولىغا قەدەم باستى، سوتسىيالىستىك، باي، قۇدرەتلىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇش داغدام يولىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز خەلقىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھاياتىنىڭ يۈكسىلىشىگە توغرا رەھبەرلىك قىلىپلا قالماي مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن كۆپلىگەن چارە ـ تەدبىرلەرنى يولغا قويدى. جۈملىدىن 1955 ـ يىلى مەخسۇس ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ئاسارە ـ ئەتىقە مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. بۇ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1956 ـ يىلى قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، قەشقەر ۋىلايىتى دائىرىسىدىكى قەدىمىي يادىكارلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ـ ئېنىقلاش خىزمىتىنى ئىشلىدى ۋە ھەممىدىن بۇرۇن يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنى تەكشۈرۈپ ـ ئېنىقلاپ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ دوكلادىغا ئاساسەن 1957 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى (56) 1721 ـ نومۇرلۇق ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، 1 ـ تۈركۈمدە ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان 77 مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇننىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى. رەت تەرتىۋىنىڭ 1 ـ سىگە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ نامى يېزىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئۇقتۇرۇشى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان 77 مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇننىڭ ئىسىملىكى بىرلا ۋاقىتتا «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى. شۇندىن باشلاپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى پايناپ دېگەن جايدا ئىكەنلىكى شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىگە بەلكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمىزگە تونۇشلۇق بولغان ئەتىۋارلىق جايغا ئايلاندى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىغىچە بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردىن قەشقەرگە كەلگەن ئالىملار، يازغۇچىلار، شائىرلار، تىياتىر ـ كىنو ساھەسىدىكىلەر ھۆرمەت ۋە ئىپتىخار بىلەن زىيارەت قىلىپ كەلدى.

1961 ـ يىلى بېيجىڭ قۇرۇلۇش تەتقىقات ئاكادېمىيىسىنىڭ قەدىمىي قۇرۇلۇشلارنى تەتقىق قىلغۇچى ئىلمىي خادىملىرى قەشقەرگە كېلىپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ نەمۇنىسى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ قۇرۇلۇشلىرىدىن نەچچە ئون پارچە فوتو سۈرەت تارتىپ ئېلىپ كەتتى. بۇ سۈرەتلەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ھېلىمۇ بېيجىڭ قۇرۇلۇش تەتقىقات ئاكادېمىيىسىدە ساقلانماقتا.

ئەپسۇسكى زامان ـ زامانلاردىن بېرى خەلقىمىز ئىپتىخار بىلەن ياد ئېتىپ، ھۆرمەت بىلەن زىيارەت قىلىپ، بىزنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ يۈكسەك نەمۇنىسى بولغان بۇ مازار ئاتالمىش مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئاپەتلىك يىللىرىدا چېقىپ ـ بۇزۇۋېتىلدى.

تۆت «كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلىپ قالايمىقانچىلىقلار تۈگىتىلگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پارتىيىنىڭ ھەر ساھەدىكى سىياسەتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنىڭ ئىلھامى بىلەن ھەر مىللەت خەلقى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مەدەنىيەت تارىخىنىڭ خەزىنىسىدىكى يارقىن دۇردانىلىرىنىڭ بىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە بولغان بۈيۈك ئالىم، شائىر، مۇتەپەككۇر پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرىنى قايتا ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشنى چىندىل ئارزۇ قىلماقتا. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىمۇ بۇ ئىشقا ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلمەكتە. 1980 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرىدىن تەركىب تاپقان 7 كىشىلىك خىزمەت گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتتى. بۇ گۇرۇپپا قەشقەرگە كېلىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ ئورنىنى ۋە ئەسلىدىكى تام ھۇلىنى كولاپ تۇپراق قەۋەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ كۆردى. پېشقەدەم تارىخچىلار، يازغۇچى ـ شائىرلار، دىنىي ساھەدىكى مۆتىۋەرلەر، پېشقەدەم تامچى ـ ياغاچچىلار بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ، مازارنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ پىكىر ئالدى. خىزمەت گۇرۇپپىسى قايتىپ كېتىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدىكى پىكىر لايىھەسىنى ۋە دەسلەپكى تەخمىنى خامچوتىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە سۇندى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1981 ـ يىلى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسىگە مازارنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىش ھەيئىتى قۇرۇپ ئالدىن ئىشلەشكە تېگىشلىك زۆرۈر تەييارلىق خىزمەتلىرىگە كىرىشىشنى تەلەپ قىلىپ ئۇقتۇرۇش چۈشۈردى ۋە تەييارلىق راسخوتى ئۈچۈن 20 مىڭ يۈەن خاراجەت ئاجرىتىپ بەرگەن ئىدى.

شۇندىن بېرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ شۇ ھەيئەتنىڭ رەھبەرلىكىدە تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىزچىل ئىشلىنىپ كەلمەكتە. يېقىن ئارىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مازىرى قايتا ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ كەڭ ئاممىنى خۇشاللىققا چۆمۈلدۈرگۈسى.

---

① ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى تۈزگەن «بەھرۇلئەنساب» تىن ئېلىندى.

② پېشقەدەم تارىخچى ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا سۆزلەپ بەرگەن خاتىرىدىن ئېلىندى.

③ ھۈسەيىن ئېپەندى خەلپە قەشقەرى مازىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى چېقىپ قۇرۇلۇش قىلمىغان، مەسچىت بىلەن جامائەت قەبرىستانلىقىنىڭ بىر قىسمى ھېلىمۇ بار.

④ ئىستىخارە ـــ مۇندىن كېيىن بولىدىغان بىرەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى چۈشىدە كۆرۈش دېگەن مەنىدە.

# ئېسىل ئۇرۇق، شېرىن مېۋە

مەھمۇت زەيدى

ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىي خەرىتىسىگە نەزەر تاشلىسىڭىز بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى ئۆتكەن «قاراخانىلار پادىشاھلىقى»نىڭ ئالتۇن دەۋرىنى كۆرىسىز. «بۇ سۇلالە مىلادىيە 9- ئەسىردىن 13- ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە دەۋر سۈرگەن ۋە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى»

ئۇ زامانلاردا مەدەنىيەت گۈللەنگەن، ئۇلۇغ ئالىم، مۇتەپەككۇر، يازغۇچى - شائىر، سەنئەتكارلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، فارابى، مەھمۇد قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىقلار يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. ئۇلار پەن ۋە سەنئەت ئاسمىنىدا يورۇق چولپانلاردەك چاقناپ، كىشىلەر قەلبىنى يورۇتقانىدى.

ئۇلار تارىم دەرياسىنىڭ ئەسىرلەردىن - ئەسىرلەرگە ئۈزۈلمەي شىددەتلىك دولقۇنلىرى ياڭراتقان كۈي - قوشاقلىرىغا سىرداش ئىدى. تارىم ۋادىسىدىكى ھەر بىر تۇغراقنىڭ شىۋىرلاشلىرىدا ئۇلارنىڭ نەپەسلىرى بار، مەڭگۈ شاقىراپ ئاققان سۇلارنىڭ دولقۇنلىرىدا ئۇلارنىڭ يۈرەك ئۇرۇشلىرى بار، قىش - ياز سولماستىن كۆكىرىپ تۇرىدىغان قارىغايلاردا ئۇلارنىڭ ئوبرازى بار. ئۇلارنىڭ بۇ ئانا زېمىنغا سىڭىپ كەتكەن مېھرى-مۇھەببىتى بار...

بۇ كەڭ زېمىندا تاغلار قەد كۆتىرىپ، دەريالار ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرغاندەك، پېشقەدەم يازغۇچى - شائىرلار ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد ۋۇجۇدقا كېلىپ، ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى. باغ - بوستانلار جۇدۇن - چاپقۇنغا ئۇچراپ تۇرسىمۇ، ھەر باھاردا يەنىلا كۆكلەپ - ئۆسۈپ، چېچەكلەپ مېۋە بەرگەندەك، بۇ كەڭ زېمىندا ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارلىقى پۇراق چېچىپ، خەلقىمىزنىڭ روھىنى ئىپادىلەپ، كىشىلەرگە زوق بېرىپ كەلدى.

تېغىمىزدا مەدەن كۆپ،
تۈگمەيدۇ قېزىلىپ.
تۈگمەيدۇ مەڭگۈگە،
قىزىل گۈللەر ئېچىلىپ

دېگەندەك، بىزنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس مەدەنىي بايلىق خەزىنىمىز بار. دۇنيادىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك خەلقلەرگە ئوخشاش، ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئۇزۇن مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە.

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى خەلقلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تىل - يېزىقى بىر زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەممە تۈركىي تىل سىستېمىسىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئۈچۈن ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلغانىدى. تارىخ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، 10-، 11- ئەسىرلەردە ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەرەب تىلى خۇددى مۇسابىقىگە چۈشكەن ئاتتەك دەۋر قايناملىرىدا بەيگىدە بولغان. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئاشۇ دەۋردە يېزىلغانىدى. بۈگۈن بىز مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىلگىرىكى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى ئوقۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. بۇ نېمە دېگەن خوشاللىنارلىق،

ئېپتىخارلىنارلىق ئىش ـ ھە؟!

بىزدە نەشىر قىلىنغان بۇ كىتاب ـ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەسلى مەتنى (تېكىست) بېرىلگەن تىرانسكرىپسىيە بىلەن ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەنگەن نەزمىسىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ بىلەن دۇنياغا قەدىمكى ئۇلۇغ مەدەنىيەتنىڭ ئۇنچە ـ مەرۋايىتلىرى نامايەن قىلىپ كۆرسىتىلدى. ئىلىم دۇنياسىدا بۇ كۈندىن ئېتىبارەن «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى.

ئېلىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئىستىمداتىنى شائىرنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرى داستانىنىڭ ھەر بىر مىسرا، ھەر بىر بەت، سەھىپىلىرىدە ئالتۇن نەقىشلەر بىلەن ئەكس ئەتتۈردى. بۇ كىتابنىڭ ھەر بىر قۇرى خۇددى قىرلىق ياقۇت قوياش نۇرىدا چاقناپ پارقىرىغاندەك كۆزلەرنى قاماشتۇرىدۇ. بۇ، ئۇزاقتىن بۇيان تىللاردا داستان بولۇپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۆتۈپ، زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن ئەسەردۇر. بۇ داستاندا كۈن بىلەن ئاي ئوبرازى («كۈن تۇغدى»، «ئاي تولدى» دېگەن پېرسوناژلار ئارقىلىق) ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇڭا شائىر كىشىلەر ئارىسىدا خۇددى كۈن بىلەن ئايغا ئوخشاش نۇر بولۇپ يۈرىدۇ. شائىر ھېچقاچان ئۇنتۇلمايدۇ. ئۇ، ئۆز داستانى بىلەن مەڭگۈلۈك ھەيكەل قويدى. «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئەڭ بۈيۈك ۋە نۇرلۇق چوققا.

ئۇزۇن تارىخ، گۈزەل تۇرمۇش، قەدىمكى مەدەنىيەت ئېلىمىزنى مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس خەزىنىسىگە ئايلاندۇردى. «قۇتادغۇ بىلىك» بولسا، ئۇزۇن تارىخ دەرياسىنىڭ مۇھىم تارمىقى بولۇپ، ئۇنچە ـ مەرۋايىتلارغا تولغان ئېلىمىزنىڭ دېڭىز ـ ئوكيانىغا قوشۇلغان بىر ئېقىنى. ئۇنىڭدا گۈزەل تۇرمۇش، باي مەدەنىيەت، باتۇر مىللەتنىڭ ئەنئەنىسى ئەكس ئەتكەن ۋە نۇرغۇن ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقلىرى سىڭىپ كەتكەن. تەپەككۇر ئەينىكىدە باقىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزنىڭ تارىخىنى كۆرىمىز.

بۈگۈن بىز «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەسلى نۇسقا ـ تىرانسكرىپسىيىسى بىلەن ھازىرقى زامان نەزمىسىنى ئوقۇماقتىمىز:

قىممەتلىك سوۋغا تۇتتى مىڭ ـ مىڭچە قول،
«قۇتادغۇ بىلىك» دۇر مېنىڭ سوۋغام ئول.
نەچچە دۇنيا يىغسا، تۈگەيدۇ يوقاپ،
پۈتۈلسە قالۇر سۆز جاھانغا تاراپ.

شۇنداق، «قۇتادغۇ بىلىك» جاھانغا تارالغان مەشھۇر داستان. ئۇنى دۇنيا ئالىملىرى نېمىسچە، فرانسۇزچە، روسچە، ئۆزبېكچە ۋە تۈركچە… تىل ـ يېزىقلاردا تەرجىمە قىلىپ، جاھان كۈتۈپخانىلىرىغا سوۋغا قىلىشتى. بۈگۈن بىز ئۇنىڭ ھەغدالىرى، جۇڭگوچە ئۇسلۇپ بىلەن ئۇنىڭغا يېڭىدىن ھايات بەردۇق.

ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچكەن قوشاقلار،
دىللاردىن ـ دىللارغا ئۆتتى گۈل چېچىپ.
«مىڭ ئۆي» نى ياراتقان سەنئەتكار خەلق،
كەلمەكتە ھەر يانغا ئۈنچىلەر چېچىپ.

«پۇلنىڭ قىممىتى ئالتۇن بىلەن، سەنئەتنىڭ قىممىتى رېئاللىقنى ئۆلچەش بىلەن ئۆلچىنىدۇ» دېگەندەك، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئەينى زاماندىكى رېئاللىق ياخشى ئىپادە قىلىنغان، خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەزىنىسىدىن ئوبدان ئوزۇقلانغان. داستاندا شائىر ياشاپ كەلگەن دەۋرگىچە يارىتىلغان مەدەنىيەت ـ سەنئەت نامايەندىلىرىدىن نەچچە يۈزلىگەن نەمۇنىلەر يالتىراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇ. هازىرمۇ قوللىنىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن خەلق ھېكمەتلىرى، ماقال ـ تەمسىللەر بۇ كىتابقا تىزىلغان مارجانلاردەك كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ. دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇ بىر ئەينەك. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ئوبرازىنى كۆرىمىز. بېلىنىسكىي روس ئەدەبىياتى روسلارنىڭ ئۆزىنى تونۇۋېلىشى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

خەلقىنىڭ تۇرمۇشى مەڭگۈ كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەختەك خازان بولماي چېچەكلەپ تۇرىدۇ. شائىر ۋە مۇتەپەككۇر، ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى يېزىپ بىزگە يادىكار قىلىپ قالدۇردى. بىز ئۇنىڭدا ئۆزىمىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كۆردۇق. دەر ھەقىقەت، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى قوغداپ قالدى. شائىر جىسمانى جەھەتتىن بىزدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئانا تۇپراق قەلبىدە، خەلقلەر دىلىدا ياشىماقتا، ئۇ، بىر ئۇرۇق بولۇپ يەرگە كۆمۈلگەن. مىڭ يىللاردىن بۇيان بۇ ئېزىز ئانا تۇپراقتا كۆمۈلۈپ ياتقان بۇ ئېسىل ئۇرۇق ئاخىرى قايتا بىخ چىقاردى. ئۇنىڭ رەڭدار گۈللىرىدىن خۇشپۇراقلار چېچىلماقتا. «قۇتادغۇ بىلىك» بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەمۇنىسى. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ نەفىسلىكى، خىل ۋە تۈرلىرى ساقلاپ قېلىنغان. يىلتىزى بولمىغان دەرەخ كۆكلىيەلمەيدۇ، شۇنىڭدەك مىللىيلىكى بولمىغان ھەر قانداق ئەدەبىيات ـ سەنئەتمۇ تەرەققىي قىلالمايدۇ. بىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقان ئېلىمىزدە ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىياتى گۈزەل پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە. بۇنداق گۈزەل ئىستىقبالغا ئىگە ئىكەنلىكى بۈگۈن يەنە بىر قېتىم ئىسپات قىلىندى. مىڭ يىل كۆمۈلۈپ قالغان ئېسىل ئۇرۇق ئانا تۇپراقتا قايتا ئۈنۈپ چىقتى، بىخ تارتىپ چېچەكلىدى. ئەدەبىيات گۈلزارلىقىمىزغا ھۆسن قوشتى. «قۇتادغۇ بىلىك» بىزنىڭ ئىپتىخارىمىز، مەنىۋى مەدەنىيەت قورۇلۇشىدا ئۇ ئەسەر ئۆزىگە مۇناسىپ تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنى ئوقۇيلى، كۆرمىگەنلەرگە ئۇرۇق بولۇپ چېچىلسۇن!

(بېشى 38 ـ بەتتە)

ئەسقەرنىڭ «بوۋاي تونىۋالمىغىدى!»...

دېگەن تەشۋىشى ئورۇنسىز بولۇپ چىقتى. بوۋاينىڭ بارغانسېرى خىرەلىشىپ كېتىۋاتقان كۆزلىرى شۇنچە نۇرغۇن بالىلارنى بىر ـ بىردىن پەرقلەندۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلاتتى. ئۇ قولىدىكى بىر دەستە گۈل ئىچىدىن رەيھاننىڭ بىر تال شېخىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئەسقەرگە ئۇزاتتى:

ــ مە، ئوغلۇم، بۈگۈلنى پۇرىغىن، ئۇنىڭ خۇشپۇرىقى مېڭىنى تازىلاپ، يۈرەكنى ياشارتىدۇ...

ــ رەخمەت، بوۋا!

ئەسقەرنىڭ يۈرىكى ھاياجان ۋە خۇشاللىقتىن كۆكرەك قەپىزىگە سىغماي قالدى. «يىگىت» دېگەن بۇ سۆزنى ئاتىسى تۇنۇگۈن ئۇنىڭغا قارىتىپ بىر قېتىم ئېيتقان ئىدى. ئىككىنچى قېتىم بۇ سۆزنى گۈلچى بوۋاينىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ باشقىچە سۆيۈنۈپ كەتتى. ھازىر ئۇ ئۆزىنى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 11 ياشلىق ئوقۇغۇچىسى ئەمەس، بەلكى چوپ ـ چوڭ بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى!...

ئەسقەر قولىدىكى گۈلنى قانغىدەك بىر پۇرىدى ـ دە، بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان بوۋاينىڭ قارىسى كۆزدىن يوقالغۇچە قاراپ تۇردى.

# بىر جۇپ يۇلتۇز چاقناپ تۇرار ئاسماندا

ياسىن خۇداۋەردى

ئاسماندا يېنىپ تۇرغان يۇلتۇز سانسىز،
ئۆزىدە ساقلاپ كەلگەن سىرلىرى كۆپ.
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزگىچە نۇر–
چاچىدۇ يۇلتۇزىمىز بىزنىڭ بىرجۇپ.

پارلايدۇ ئەسىرلەرنىڭ باغرىنى تىلىپ،
ئۆچمىگەن زۇلمەت باسقان تۈنلەردىمۇ.
كۆز تىكىپ زوقلىنىمىز غۇرۇر بىلەن،
ئۇلارغا بۇ بەختىيار كۈنلەردىمۇ.

بىرىنىڭ نامى مەھمۇد قەشقەرىدۇر،
دانىشمەن ئەللامىلار ئەللامىسى.
ئۇ يازغان « دىۋان » بىزگە ئەسىرلەرنىڭ
قالدۇرغان ئەڭ قىممەتلىك يالدامىسى.

دەۋرلەر قېرىپ كېتەر، قېرىماس ئۇ،
ھەمرادۇر قانچە-قانچە ئەۋلادلارغا.

زامانلار ئۆتكەنسېرى رەخمەت ياغار،
مەھمۇدنى ئۆستۈرگەن شۇ ئەجدادلارغا.

بىرسىنى «يۈسۈپخاس» دەپ ئەزىزلەيمىز،
ئىرفاندىن شەرۋەت تۆكۈپ، يول ئاچقان زات.
ئۇ يازغان « بەخت ئىلمى» نۇرلارچېچىپ،
جاھالەت، نادانلىققا ئاچتى غازات.

ھەر قۇرىدىن ياغار نۇرغۇن ئىلمۇ-ھېكمەت،
ئادالەت، دانالىقنىڭ بايرىقى ئۇ.
ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدىكى پەزىلەتلەر
مۇجەسسەم بولغان ئەقىل بۇلىقى ئۇ.

چاقنايدۇ بىر جۇپ يۇلتۇز كۆكتە مەڭگۈ،
ئىپتىخار ھېسلىرىنى سېلىپ دىلغا.
« دىۋان» ھەم «قۇتادغۇبىلىك »ۋاراقلانسا،
دانىشمەن ئەجدادىمىز كىرەر تىلغا.

1986 - يىل ، ئۈرۈمچى .

# سۆزۈك تاراملار

مىرزاھىد كېرىمى

## ئالتۇن جامغا تولغان مەي

«بىلىملىككە سۆزلىدىمەن بۇ سۆزۈم،
بىلىمسىز تىلنى بىلمەيمەن ئۆزۈم. »
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

پىچاق ئەمەس شۇدەم قولغا ئالغىنىم،
پىچاقلىشىپ داغدا قالغان ئەجدادىم.

ھوشۇق ئەمەس، يولنى ئاچقان مارىسقا،
ھوشۇق ئويناپ ۋەيران بولماس ئەۋلادىم.

تەسۋى ئەمەس پىچىر - پىچىر ئەمەلسىز،
تەسۋى سىرىپ، مۇراد تاپماس ھېچكىشى.
تەخسە ئەمەس، خۇشامەتچى يالجىماس،
ئەلگە ئىبرەت ھامان ئۇنىڭ قىلمىشى.

كۇرجەك ئەمەس، ئۇرا قازار بىراۋغا،
ئۇرا قازسام چۇشۇشۇمنى بىلمەمەن.
يەر ئايلىنار، ئۆمۈر ئۆتەر ھەر كويدا،
ۋەتەن ئۇچۇن ئىزدىنىپ جان بىرىمەن.

ۋە يا ئەمەس قولۇمدىكى ئەنگۈشتەر،
مەن كۆتمەيمەن تىلسىماتتىن بەختىمنى.
سۇلايمانىنىڭ قاپىقى ھەم ئەمەس بۇ،
مەن ياشايمەن ئىشقا سېلىپ ئەقلىمنى.

قولۇمدىكى گۈزەل تۇيغۇ، پىكىرلەر
گۇلشىنىمدە پۇراق چاچقان ئالەمگە.
شېرىن مەي بۇ ئالتۇن جامغا قۇيۇلغان،
ئىمپەتخار، زوق بەخش ئەتكۈچى ئادەمگە.

قولۇمدا بۇ ئالتۇن جامغا توشقان مەي،
نەمەيكى ئۇ ئابىھايات شەرۋىتى.
باقسام جاھان بازارىغا بۇ نەپەس،
يۈز گۆھەرگە تېپىلماس بىر قەترىسى.

قولۇمدا بۇ ئالتۇن جامغا توشقان مەي،
مىڭ يىل تەشنا بولۇپ ئۆتكەن ئەجدادىم.
نىچۇن ئىچمەي ھەييام كەبى مەن كۇيلەپ،
ئىچكەن چاغدا تولار كۆچكە ئەۋلادىم.

قولۇمدا بۇ ئالتۇن جامغا توشقان مەي،
يۈسۈپ بوۋام قۇيۇپ قويغان مېھرىدىن.
ئىچەي ياۋنىڭ يۈزى ①چۇشسۇن قارىيىپ،
پارلىسۇن كۆز دوستلىرىمنىڭ چېھرىدىن.

× ×

قالغانىدىم كۆپ ئىچىدە يۈزۈمنى-
تۆكىدىغان ئاچچىق شاراپ ئىچىشتىن.
يۇغانىدىم نادانلىقتىن قولۇمنى،
شەيدا بولۇپ گۈزەللىككە پىلىشتىن.

نەزەر سالسام مەيخور شاھلارخەزىنىسى،
ۋەيران بولۇپ قاپتۇ ئۇندىن خارابە.
يەتمەپتۇ ھەم سېخىلارنىڭ بەرگىنى،
دىلغا بەرگەن ھوزۇرىغا بىر ئىبارە.

قىممىتى چوڭ تاجۇ - تەختتىن بىلىمنىڭ،
تىزىلغان ئاق بەتكە بولۇپ سۆز - شېئىر.
ئاشىغىدۇر، ھەمراسىدۇر دىلىمنىڭ،
خەلقنى مەپتۇن قىلغان نادىر ئوي - پىكىر.

ئالتۇن جامنى سۇنغان نادىر ساقىغا،
ئاچىتىڭ تىنغان بۇلاق كۆزىن، دەپ ئىچەي.
قارا دىلغا ياقتىڭ ئۆچمەس نۇر چىراق،
قىلىپ بۇگۈن ئەلنىڭ يۈزىن دەپ ئىچەي.

مەن ئوقۇيمەي شاھقا ئەمەس، نازغا ھەم،
تەشنا دىلنى سۇغارغانغا ئاپىرىن!
ئاپىرىنشۇ ئالىم، شائىر ساقىغا،
زەر جام بىلەن مەي تۇتقانغا ئاپىرىن!

① جاھالەتپەرەسلەر، ئىلىم ـ پەن دۇشمەنلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

# جامدىن سادا

كىشى ئەسلىگە ئىش ھەرىكىتى كۆۋا
ئىش ـ ھەرىكەت نەبولسا ـــ ئەسلى شۇ بولا.
(يۈسۈپخاس ھاجىپ)

جام قولۇمدا مەيگە بېقىپ تۇرىمەن ،
باققانسېرى كۆڭلۈم شۇنچە سۆيىنەر.
بۈركۈتكە ـ گۆش، يىگىتكە قىز ئۈزـلەۋەن
كۆرۈنگەندەك مەيمۇ گۈزەل كۆرۈنەر.

لېكىن بۇ مەي شاراپ ئەمەس مەس قىلار،
مۇسەللەسمۇ ئەمەس باشنى قايدۇرار.
ئىچمەس ئىدىم ھاراق بولسا، بوس ئاچچىق،
مەن ئىچىمەن، ئىچسەم پىكرىم جانلىنار.

مەي داۋالغۇپ قالدى دوستلار مۇشۇدەم،
قۇلاق سېلىڭ جامدىن سادا كەلمەكتە.
باش كۆتىرىپ بوۋام يۈسۈپخاس ھاجىپ
ئۆگەن-بىل! ـ دەپ ئەلگە دۇئا بەرمەكتە:

«ئادەم قىيا تاش ئەمەستۇر ۋە لېكىن
سۆزلەتكەن تاش ئابىدىنى بوۋىمىز.
ئادەمزىنھار تۆرەلمەيدۇ بوراندىن،
تۇققان باتۇر ئەجداتلارنى مومىمىز.

ئادەم بۈركۈت ئەمەس، ئېقىل ئېگىسى،
قوشنى سېلىپ تۇلكە، بۆرە ئوۋلايدۇ.
كىيىپ يۈرەر ئويچان باشقا بۆكىنى
گۈلدۈرماما نە چاقماققا ئوخشايدۇ؟

ئەمەس ئادەم قاپلان ۋە يا ئارسلان،
ئادەمدە ئۈز چىراي، ئىدرەك كۆڭۈل بار.
ناخشا ئاڭلار، ناخشا ئېيتار خالىسا،
قان ئاققۇزار ۋە قان رەڭلىك گۈل پۇرار…

ئادەم كۈنگە تەشنا بولماس چاڭقىسا،
ئادەم تەشنا ئەركىنلىككە سۇغا ھەم.

ئادەم مۇھتاج بىر ـ بىرىگە دائىما،
روناق تاپماس باراۋەرلىك بولسا كەم.

مەنمۇ شۇنداق ئادەم پىكىر يۈرگىزەر،
نەپەرىشتە بولاي، نەپىرى ـ غېمى يوق.
ئۆگەندىم مەن ئەل ئۈچۈنلا بىلىمنى،
ئېزىز خەلقىم زوقلانغاندىن ئالدىم زوق.

بەندە ئەمەس، ئاللاغىمۇ خۇشامەت
قىلمىدىم، شاھ، ۋەزىر، بەككە، دەناغا.
كۆرمىدى، دەپ سالام قىلماي ئۆتمىدىم،
تىمۇشىمنى تىڭشاپ تۇرغان ئەماغا…

ئۆتتى شاھلار، قالدى ئاخىر ئۇلاردىن،
نەتاجۇـ تەخت، نەچاھارباغ، نە ئوردا؟
قالدى كۆرۈك بۇ دەستانىم ساقلىنىپ،
پەرغانىدا، قاھىرەدە. ۋىنادا.

قالغان ئىدى مازارىممۇ قەشقەردە،
چاقتى ئۇنى بىلىمسىزلار ـ نادانلار…
يەتتى مانا بۇ ھۆر دەۋران قەدرىمگە،
ئۇل قويماقتا مەقبەرەمگە ئامانلار.

دەستانىمنى كۆردى ئېزىز مىللىتىم،
ئۆز يېزىقى ئۆز تىلىدا ئوقۇدى.
تىرىلگەندەك بولدۇم گويا مۇشۇ دەم،
ئازاپلانغان روھىم يەنە ئۇرغۇدى!

بىلىپ تۇرۇپ قىلسا ئالىم نادانلىق،
ئەلنى قۇللۇق زەنجىرىگە بەنت قىلار.
پايدا كۆزلەپ بۇزغان كىشى ئارىنى،
ئۆز تېنىنى ـ ئۆز باغرىنى پارچىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
Altun


ئۇنتۇماڭلار ئۆز نەپسىگە چوغ تارتقان —
ئاقىل تۆھپە قالدۇرالماس ھېچقاچان.
بىلىم — بەخت، بىلىم—دۆلەت، بىلىم—تاج،
ئۆگىنىڭلار، ئىزدىنىڭلار ھەر زامان...»

جام قولۇمدا، ئاڭلاپ بوۋام نىداسىنى،
مەيگە باققان كۆزلىرىمدىن تامدى ياش.
ئۆگەنمىگەن قالسا شۇنداق خارلىقتا،
ئەرمان قالماس بىلىم ئىزلەپ كەتسە باش.

## جامغا قاراپ

بىلىم مەنىسىنى بىل، بىلىم نېمەدۇر،
بىلىم ساقايتۇر كېسەل بولسا ئەر.
(يۈسۈپ خاس ھاجىپ)

ئايدا داغ بار، كۈنمۇ بەزەن تۇتۇلار،
ئەمەس ئاسمان قۇچقىنىمۇ بولۇتسىز.
شۇنچە يېشىل بوك—باراقسان كۆرۈنگەن،
ئەمەس چىنار دەرىخىمۇ قۇرۇتسىز.

جامغا قاراپ ئويچان پىكىر قىلىمەن،
نۇقسانى يوق نەرسە بارمۇ ئالەمدە؟
بەزىدە قىز يۈزىدىكى سەپكىن داغ،
مەرۋايىتتەك ئۆز كۆرۈنگەي ئادەمگە.

گۈلگە باقساق كۆرۈنمەستىن تىكىنى،
كۆرۈنىدۇ خۇشبۇي غۇنچە پورىكى.
تىكىنىنى كۆرۈپ گۈلدىن چەتنىگەن،
ئادەملەرنىڭ تاشتۇر قارا يۈرىكى.

مەن ئەزەلدىن گۈلنى ياخشى كۆرىمەن،
تىكەنلىرى كۆز ئالدىمغا كەلمەيدۇ.
گۈلنى ئابۇت قىلماق بار، دەپ—تىكىنى،
بۇلبۇل كۈيلەپ، ھايات گۈللەپ كۈلمەيدۇ...

ئاھ دەسلەپكى بىر يۇتۇم مەي كېلىمىدىن،
ئۆتتى شۇنداق قوزغاپ پىكىر — تۇيغۇمىنى.
خامۇش—گاراڭ باش—مېڭەمنى سەگىتىپ،
باياۋانغا قاچۇردى كاژ ئۇيقۇمىنى.

بىلمىگەننى بىلىش بەختىم، ئۆگىنەي!
مەقبەرەڭدە تېنچ ياتقىن جان بوۋا.
غەيرىتىمدىن روھىڭنى بىر كۈلدۈرەي،
كۆتۈرۈپ دەس ئېغىر يۈكنى مەن بۇدا.

# بىلىملىك ئۇزار، بىلىمسىز تۇزار

(ئۇلۇغ ئىلمىي مىراسىمىز «قۇتادغۇ بىلىك» توغرىسىدا) تەسىرات

**ئابدۇللا تالىپ**

(1)

قولۇم كۆكسۈمدە ئى قەشقەر، قوبۇل قىلغىن سالامىمنى،
بىجا كەلتۈرمىگىم بەختىم ساڭا چىن ئېھتىرامىمنى.
مۇقەددەس نامۇ — شانىڭغا ئاتاپ يازسامكى كۆپ تەسۋىر،
زىيادە كۆرمىگەي كۆڭلى مېنىڭدەك بولسا ئول تەھرىر.

مىراسىڭ بولغىنى ئۈچۈن يېتىلدى ئىپتىخار بىزگە،
ئۇلۇغ «دىۋان»[1] ۋە داستان[2]دىن يېتىلدى ئېتىبار بىزگە.
بوۋام ئەقلىي پاراسەتتە جاھان قاتارىدىن قالماس،
چاۋاھىر ئۈنچىدۇر ياپسام جاھان بازارىدىن قالماس.
ھومىر[3]، دۇفۇ[4]، شېكىسپىر[5]لەر ئەدىپ شاھى ئاتالغاندەك،
يەنە ۋىرگىل[6] ۋە دانتى[7]نى دېسە تۈن نۇرى چولپاندەك.
بوۋام مەھمۇد بىلەن يۈسۈپ مۇئەييەن ھەممىگە تەگداش،
شەرەپ مۇنبەردە تەسۋىرىي كامالەت ھۆسنىگە رەگداش.
ياراتقاچ پېشىۋا ئالىم، شۇڭا سەن پەخرىمىز قەشقەر،
بولۇپ خەلقىم بېشى ئۈستۈن - غورۇرى بەختىمىز قەشقەر.

(2)

«قۇتادغۇ بىلىك» گويا ئېسىل ئالتۇن، ھىدى ئىپار،
قىشى-ياز توزىماس بىرگۈل، نە بىرگۈل بىپايان گۈلزار.
كىتابخان كىرسە گۈلزارغا قالۇر ھەيرانە مەسلىكتە،
پىشىپ مېۋە يەنە سانسىز كۆتەرگەن شېخى تەسلىكتە.
ئۇدۇركى مەرىپەت باغى پۈتۈن ئەلگە ئىشىك ئاچقان،
ئۇدۇركى مەرىپەت شامى تەرەپ - تەرەپكە نۇر چاچقان.
ئىلىم - پەن جەننىتى شۇل باغ بىلىم پەرزەنتى شاھ بولغاچ،
بۇ شاھنىڭ نامى «كۈن تۇغدى» - ئىچى ئىرپان بىلەن تولغاچ.
ئادالەت قانۇنى دەستۇر بولۇپ قولدىن چۈشۈرمەيدۇ،
ئەگەر ئۈچراتسا ناھەقنى ئۇنى زىنھار كەچۈرمەيدۇ.
شاھانە تاجىدا چاقنار مۇقەددەس بىر ئۇلۇغ شۇئار:
- «بىلىم كۈچتۈر، بىلىم ئۇزار، بىلىمسىز شۈبھىسىز توزار».
يېتەكلەر مەرىپەت ئەلنى بەخت بىرلە ساداتكە،
نادانلىق قىسمىتى شورى سالار ئەلنى ھالاكەتكە.
مۇئەللىپ ئىككى تەمسىلدە بۇ ھېكمەتنى قىلىپ ئىسپات،
دېدى ئۇ تارىخىي قانۇن: «بىلىمسىزلەر قىلار پەرياد!»

(3)

پەرىدۇن[8] دەۋرى گۈللەنگەن بىلىم ئەھلىگە يار بولغاچ،
زامان قۇتلۇق ئاڭا ھەم يار ئادىل قانۇنى بار بولغاچ.
بىراق، زاھھاك[9] زالالەتتە زۇلۇم - كۈلپەتكە يول سالغان،
خەلقنىڭ مالى - جانىغا بولۇپ ئاچ بۆرە قول سالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ساراي پەنجىرى شەلپەردىن، قوۋۇق پەردە قىزىل قاندىن،
ئىپسىل مەرمەر بىلەن پۈتكەن پەلەمپەيلەر تۈمەن جاندىن.
دالايلار قاقشىرىپ قاخشاپ يۈرەر زارلاپ پۇچۇق نانغا.
مالاي شائىر يازار داستان ئوقۇپ كۆپ مەدھىيە خانغا.
چېقىمچى، تەخسىچى بۇزار قىلىپ ئالەمنى ئوت ـ تەتۈر،
نادانلىق ئەۋجىگە چىقسا مەرىپەت شاملىرى ئۆچۈر.
پەلەكنىڭ تامغىسى ئەمما باسار بەدخۇيغا نەپرەت ئىز،
شۇ زاھاك دېگەن بەدخۇي غۇلاپ چۈشكەن ئەمەسمۇ تېز.
نادان ئاتقان توپا بىلەن پەلەك چولپانى ئۆچكەيمۇ؟
زۇلۇمنىڭ قامچىسى بىلەن زۇھەل يۇلتۇزى كۆچكەيمۇ؟

(4)

بوۋام مىڭ يىل بۇرۇن بىلگەچ يىراقنى ۋە ھاياتلىقنى،
دېدى ئەۋلادىغا تاپقىن بىلىم بىلەن نەجاتلىقنى.
بىلىمنىڭ كۈچىدىن ئىنسان چىقار ئايغا، ئاتارۇتقا⑩،
بىلىمسىز قالغۇسى پەستە ۋە بەلكى ئايلىنار قۇرۇتقا.
نادانغا باقىدۇر، خارلىق ۋە زارلىقتا ئۆتەر مەھكۇم،
نەجاتلىق تاپمىغاي ھەرگىز بولۇپ دىتسىز، ئاتالغاي شۇم.
نە بولسۇن پەرقى ئەماغا ھاياتتا تۈن بىلەن كۈننىڭ،
نە بولسۇن خوۋلىقى كورغا يېقىلغان شام يورۇق تۈننىڭ.
«قۇتادغۇ بىلىك» قامۇس نادانغا يورۇتۇپ يولىنى،
بىشارەت بەردى ئەماغا، تېپىپ ماڭ دېدى ئوڭ ـ سولىنى.
دېدىكىم بولمىغاي ھېچ چاغ بىلىمدىن ئۆزگىگە ھۆرمەت،
بىلىم بىلەن كۆكەرگەي ئول ۋە روناق تاپقۇسى مىللەت.
بىلىم چىراق، بىلىم نۇرلۇق. بىلىملىك خۇددى تولۇنئاي،
بىلىمسىزلەر چىكەر ھەسرەت، بىلىمسىز توكۈلگان بىرلاي.
شۇڭا قامۇستا چاقناپ يەدۇمۇقەددەس بىر ئۇلۇغ شۇئار:
— بىلىم كۈچتۇر، بىلىم ئۇزار، بىلىمسىز شۆبھىسىز تۇزار.

1986 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

---

ئىزاھلار:

① «دىۋان» ـ «تۈركىي تىللار دىۋانى».
② «داستان» ـ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى.
③ ھومىر ـ قەدىمكىي مەشھۇر گىرىك شائىرى.
④ دۇفۇ ـ (712 ـ 770) جۇڭگونىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ئاتاقلىق شائىرى.
⑤ شېكسپىر ـ (1564 ـ 1616) مەشھۇر ئېنگلىز دىرامما تورگى.
⑥ ۋىرگىل ـ قەدىمكىي رىم شائىرى.
⑦ دانتى ـ ئىتالىيىنىڭ ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئاتاقلىق شائىرى.
⑧ پەرىدۇن ـ قەدىمكىي ئىران شاھى. «قۇتادغۇ بىلىك» 91 ـ بەت.
⑨ زاھاك ـ قەدىمكىي ئىران شاھى. «قۇتادغۇ بىلىك» 99 ـ بەت.
⑩ ئاتارۇت ـ ئاروز (مىركۇرى) يۇلتۇزى.

# مەرسىيە

(يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى ئالدىدا)

غولام ئەبەيدۇللا

1

ئەي يۈسۈپ خاس ھاجىپ نەسلى بۇغراسەن،
ئۆز ئانا تۇپراقتا ياتقان پۇقراسەن،
سەن ئەلنىڭ ئاغزىدا ناخشا ـ ناۋاسەن،
تەببى ھازىقسەن، دەرتكە داۋاسەن،
پاراسەت بابىدا ئىلمىي دەرياسەن.

2

سەن مىللەت ئاتىسى، ھېكمەت ئاتىسى،
سەلتەنەت ئاتىسى، ھۆرمەت ئاتىسى،
مەرىپەت ئاتىسى، سەنئەت ئاتىسى،
سەن ئىنسان بالىسى ـ گۈلى رەناسەن،
سەن ئالتۇن دەۋرىمنى قورغان زەرگاسەن.

3

«قۇتادغۇ بىلىك» تە نامىڭ ئاجايىپ،
سەن كۈنتۇغدى، سەن ئايتولدى، سەن ھاجىپ،
سەن ئۆگدۈلمىش، سەن ئودغۇرمىش، سەن غايىپ،
سەن نازۇك تەبىئەت، تىرەن مەناسەن،
«بىلىم ـ بەخت ـ سائادەت» دېگەن داناسەن،

4

مەڭگۈلۈك ئابىدەڭ «قۇتادغۇ بىلىك»،
ئوقۇركىم، قۇتاتقاي، تۇتقاي ھە ئىلىك،
ئۆلگەنلەر ئىچىدە چۈنكى سەن تېرىك،
ياراتتىڭ غايىلىك روھىي دۇنياسەن،
ھەم شۇنداق ياشايسەن ئىككى دۇنياسەن.

5

قەشقەردە يۈسۈپنىڭ قەبرە ـ گۈمبىزى،
«قۇتادغۇ بىلىك» تە جاھاننىڭ كۆزى،
يورىدى ئەۋلادى مىللەتنىڭ يۈزى،
غولامى ئەجدادقا خالىس دۇئاسەن،
خەلقىمگە كۆرسەت چىن مېھرى ـ ۋاپاسەن.

## ئۆسمۈرلەر تىياتىرىغا ئائىت ئەسەرلەرنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ھەر مىللەت ئۆسمۈر بالىلارنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق بالىلار مەدەنىيەت ـ سەنئەت كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە نازارىتى، جۇڭگو تىياتىرچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قاتارلىق ئالتە ئورۇن بۇ يىل 4 ـ پەسىلدە بالىلارغا دائىر كىنو، تېلېۋىزىيە، بالىلار تىياتىرى قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى باھالاش ۋەمۇكاپاتلاش ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

قوبۇل قىلىنىدىغان ئەسەرلەر مەزمۇن جەھەتتە ساغلام، ئۆسمۈرلەرنى قىزىقتۇرىدىغان، بەدىئىلىكى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان بولۇشى كېرەك. يېزىلغان ئەسەرلەر بىۋاستە «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتىلسە (كونۋېرت ئۈستىگە «قوبۇل قىلىنىدىغان ئەسەر» دەپ يېزىلسا) بولىدۇ.

ئەسەر قوبۇل قىلىش ۋاقتى: 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە بولۇپ، ناھىيىلەرگە يەرلىك پوچتا ماركىسىدىكى ۋاقىت ھېساب قىلىنىدۇ.

قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com




(ھېكايە)

**ئېيسا شاكىر**

ئىمتىھان ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى مەندە خۇشاللىق بىلەن ئەنسىزلىك ئارىلىشىپ كەتكەن بىر تۇيغۇ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. جىددىي ھەم كۆڭۈللۈك ئۆتكەن مەكتەپ تۇرمۇشى ئاخىرلاشماقتا. بىزنى يېڭى سىناق، يېڭى تۇرمۇش، يېڭى مەنزىل كۈتمەكتە. پات ئارىدا ساۋاقداشلار بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلىمىز.

نەچچە يىل بىللە ئۆتكەن دوستلاردىن ئايرىلىش ھەققىدە ماڭا ئېغىر تۇيۇلۇشقا باشلىدى. بەزىمىز بۇ مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئوقۇش يۇرتلىرىغا بېرىپ پەن - مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە قاراپ ئىلگىرىلىشىمىز مۇمكىن. بەزىلىرىمىز ئائىلىمىزگە قايتىپ ئاتا كەسپىگە ياندىشىپ تۇرمۇش يولىنى تاپارمىز. ئىشقىلىپ بىزنىڭ كېيىنكى تەقدىرىمىزنىڭ بەلگىلىنىدىغان ۋاقتىغا ئانچە ئۇزۇن قالمىدى. ئۆزۈمنى ئالسام مەكتەپتە يامان ئەمەس ئوقۇدۇم: تىل ئەدەبىيات، ماتېماتىكا ۋە خەنزۇ تىلىدا مەكتەپ بويىچە خېلى نامىم بار. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئانچە قورقۇپ قالمايمەن. لېكىن قايسى مەكتەپتە ئوقۇش مەسىلىسىدە تېخى بىر يەرگە كەلمىدىم. بەزىدە ساۋاقداشلار بىر يەرگە يىغىلىشىپ، ئۆز ئارزۇ - ئىستەكلىرىمىز ھەققىدە سۆزلىشەتتۇق. مەن مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇشقا ئىشتىياقمەن ئىدىم. دوختۇرلۇق كىشىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان ئىش بولۇپ، ھاياتلىققا مۇناسىۋەتلىك. ئاق خالات كەيگەنلەر مېنىڭ نەزىرىمدە تولىمۇ ھۆرمەتلىك كىشى ئىدى. بىر

AltunOq

ۋاقىتتا سىڭلىم قىزىل كېسىلى بىلەن ئاغرىپ قېلىپ، ئۆيدىكىلەر تولىمۇ بىئارام بولغان چاغدا، ئۇنى يېزىمىزدىكى بىر دوختۇر داۋالاپ ساقايتقان ئىدى، ئانام بۇ دوختۇرنى خىزىردەك كۆرەتتى. لېكىن، بەزى ساۋاقداشلار دوختۇر بولۇش ئارزۇيۇمنى ئاڭلاپ قوسۇر چىقىرىشتى.

— دوختۇر پەقەت كېسەللەر ئۈچۈنلا ھۆرمەتلىك، ھەممە ئادەم كېسەل بولامتى؟ مەن ھازىر 17 ياشقا كىردىم، دوختۇر دېگەننىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيمەن.

— ئۆگەنگەن بىلىمىڭ كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش دائىرىسى قانچە كەڭ بولسا كىشىلەر ئارىسىدىكى ھۆرمىتىڭمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ، خەلققە شۇنچە ئېھتىياجلىق ئادەم بولغىلى بولىدۇ. مەن سانائەت ئىنىستىتوتىدا ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى ئىلمىنى ئۆگىنىمەن، ئېلېكتىر — زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسە، تەرەققىياتنىڭ سىمۋولى — دېدى يەنە بىر ساۋاقداش.

سىنىپ مۇدىرىمىز ئەبەيدۇللا ئېلى — پېشقەدەم پېداگوك ئىدى، ھەممىمىز ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلاتتۇق، بىر كۈنى ئۇ:

— قايسى يەردە ئوقۇشنى ئويلاۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— قايسى يەردە ئوقۇسام بولاركىن مۇئەللىم، تېخى بىر قارارغا كېلەلمىدىم. مىدىتسىنا ئىنىستىتوتىدا ئوقۇسام مىكىن دەيمەن... لېكىن...

مەن گەپنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدىم، چۈنكى مەن سانائەت ئىنىستىتوتىدا ئوقۇشقا مايىل بولغان ئىدىم. مېنىڭ بۇ خىيالىمنىڭ ھۆرمەتلىك ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقماي قېلىشىدىن ئەندىشە قىلدىم.

— مېنىڭچە، — دېدى مۇئەللىم مېنىڭ چاۋابىمنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا، — سىز ئەدەبىياتقا خېلىلا قىزىقىسىز، پىكىرىڭىزدە ھەسسىياتچانلىق، يازغان شېئىرلىرىڭىزدا ئىجادىي پىكىرلەر بار، تالانتىڭىز مۇشۇ تەرەپتە ياخشىراق جارى بولامدىكىن دەيمەن. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرى كىشىنىڭ تىرىشچانلىقىدا، ئەلۋەتتە. لېكىن تىرىشچانلىق يەنىلا قىزىقىشتىن كېلىدۇ.

— بۇ گەپلىرىچە...

— ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغانسىز، سىزدەك تەپەككۇرى مول بىر ئوقۇغۇچىنىڭ تېخىچە ئېنىق بىر پىكىرگە كېلەلمىگەنلىكىڭىزگە مەن ئىشەنمەيمەن.

— ئىمتىھان يېقىنلاشقانسېرى ساۋاقداشلار ئىچىدە پىكىر مۇلاھىزىلەر كۆپىيىپ كەتتى. سوبيېكتىپ قىزىقىشتىن باشقا يەنە ئىستىقبال، ئورۇن قاتارلىقلارنىمۇ ئويلاشمىسا بولمايدىكەن. بەزىلەر جەمئىيەتكە ئەڭ كېرەكلىكىنى تاللاش كېرەك، دېيىشىدۇ.

— جەمئىيەتكە ئەڭ كېرەكلىك دېگەن گەپ توغرا. سىزچە قايسى بىر پەن جەمئىيەتكە كېرەكلىك ئەمەس؟ بىلىم ئىگەللىمەكچى بولغان كىشى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بىرەر پەننى ئىگەللەشكە ئىرادە باغلىشى لازىم. ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا قىزىقىپ، شاختىن شاخقا قونۇپ، ياقسام تۇتارمىكى، كۆمسەم پىشارمىكى دەپ يۈرۈش ئىمتىھان تەييارلىقىغىمۇ پايدىسىز.

— ئۇنداق بولسا، سىلىچە قايسى پەندە ئوقۇسام بولار؟

— بالا ئاتىسىنى دورىمىسا ئەر ئەمەس دېگەن گەپ بار. مەن مۇشۇ سىنىپتىكى بىر نەچچىڭلاردىن زور ئۈمىد كۈتەتتىم. بىزنىڭ يېشىمىز بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئەۋلاد تەربىيىلىگۈچىلەرنىڭمۇ ئىزىنى باسىدىغان ئا-

www.uyghurkitap.com



دەم بولۇشى لازىمغۇ؟ كەلگۈسى تەرەققىيات ئۈچۈن ئېيتقاندا، جەمئىيەتكە ئەڭ ئېھتىياجلىقى يەنىلا تۈركۈملەپ تالانتلىقلارنى يېتىشتۈرۈشقۇ؟ تالانتلىقلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تەربىيىلىگۈچى ئۆزىمۇ تالانتلىق بولۇشى لازىم. مېنىڭچە مائارىپ ئىقتىدارلىق ئىز باسقۇچىلارغا مۇھتاج. مىللەتنىڭ روناق تېپىشى — كېيىنكىلەرنى قانداق تەربىيىلەشكە باغلىق. مەندىن مەسلىھەت سورىسىڭىز، كەلگۈسىدە سىز ماڭغان يولدا مېڭىشىڭىزنى تەكلىپ قىلىمەن. سىزنىڭ خاراكتېرىڭىزدا ياخشى ئوقۇتقۇچى بولالايدىغان خۇسۇسىيەت بار.

دەرەخنىڭ ياخشىسى مېۋە بېرىپلا قالماي، يېڭى نوتىلارنىمۇ يېتىشتۈرۈپ، قۇرۇغان شاخلارنى تولۇقلايدۇ. ئۆمرىنى خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلىغان كىشىنىڭ ئۆزى تەربىيىلىگەن كىشىنىڭ ئۆز ئىزىنى بېسىشىنى تەلەپ قىلىشى چۈشىنىشلىك. لېكىن، بىز پىكىر قىلىش، تەھلىل يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىغا ئىگە قىران ياشلار، بىزنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنيايىمىز ئاللىقاچان مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ جەمئىيەت بىلەن ئالاقە باغلىغان. كەلگۈسىدە نېمە ئىشلارنى قىلىشىمىزنى كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ قويغانىدۇق.

ئىمتىھانغا قاتنىشىشتىن بۇرۇن ئۈچ كۈن ئارام ئېلىشقا قويۇپ بېرىلدۇق.

— ياخشى دەم ئېلىپ، ئوبدان ئۇخلاپ ئەقلىي قۇۋۋىتىڭلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈڭلار، بۇمۇ ئىمتىھان تەييارلىقىنىڭ بىر قىسمى — دەپ تاپىلىدى ئوقۇتقۇچىمىز.

ئۆيگە قايتتىم، ئانام تۇخۇم پىشۇرۇپتۇ، سامسا يېقىپتۇ، كىيىم - كېچەكلىرىمنى يۇيۇپ تەييار قىلىپ قويۇپتۇ، ھەتتا مەن بىلەن بىللە شەھەرگە كىرىپ ياتاق - تاماق ئىشلىرىمغا قارىشىپ بېرىشكە ئاكامنىمۇ كۆندۈرۈپ قويۇپتۇ.

— ئۈچ - تۆت كۈندىلا قايتىپ چىقىمىز ئانا، ئۇنچىلا تەييارلىق قىلىپ نېمە قىلاتتىڭ؟

— ئۈچ - تۆت كۈنلۈك سەپەرمۇ سەپەر بالام، كۈن ئىسسىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشكە بارىسەن، بۇ ئۆمرۈڭدە بىرلا قېتىملىق ئىش ئەمەسمۇ؟!

كېچە قىسقا، كۈندۈز ئۇزۇن بولىدىغان تومۇز كۈنلىرىدە 20 نەچچە كۈن جىددىي دەرس تەكرارلاشتىن كېيىنكى ھاردۇق ئېلىش بەدەنلىرىمنى بوشاشتۇرۇۋەتكەنىدى.

ئىمتىھان بېرىشكە ماڭىدىغان كۈننىڭ ئالدىنقى كېچىسى قاتتىق قىزىپ، ھوشۇمدىن كېتىپ يېتىپ قاپتىمەن، دوختۇر كۆرۈپ ئۆتكۈر خاراكتېرلىك مېنىڭگىت بولۇشى ئېھتىمال دەپ، دەرھال ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەشنى بۇيرۇپتۇ. ئاتا - ئانام، ئاكام يىغا - زارە بىلەن مېنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

كۆزۈمنى ئاچسام كارىۋاتتا ياتىمەن، ئانام بېشىمدا كۆزى ياش، تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرىدۇ.

— بۇ قەيەر؟ — سورىدۇم ئەتراپىمغا قاراپ.

— ئانام مېنىڭ كۆزۈمنى ئېچىپ گەپ قىلغىنىمنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ كۆزىدىن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ:

— بالام، بۇ دوختۇرخانا، خېلى ئۇخلاپ قالدىڭمۇ؟ — دەپ پېشانەمنى تۇتتى.

مەن خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغانىدىم، قوسىقىممۇ پىژژىدە ئاچقاندەك قىلدى.

— ئازراق تاماق يېسەم بولاتتى، قوسقىم ئېچىۋاتىدۇ — دېدىم.

مېنىڭ تاماق يەيمەن دېگىنىمنى ئاڭلاپ ئانام خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قالدى — دە، شۇۋىدىغۇرۇچ قايناتىپ بېرەي بالام دەپ سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. بىر دەمدىن كېيىن دوختۇر بىلەن بىللە دادام ۋە ئاكام كىردى. دوختۇر قان بېسىمىمنى، يۈرەك ھەرىكىتىمنى ۋە بەدەن تېمپېراتۇرامنى تەكشۈرۈپ، ھەممىسى نورمال، قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكتىن سىزىمىنى يوقاتقان، بىرنەچچە كۈن ياخشى دەم ئالسا ئوڭشىلىپ قالىدۇ، دېدى. دادام بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خوشال بولدى، ئاكام ھارۋىنى قوشۇپ كېلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

ئانام بىرچىنە شۇۋىدىغۇرۇچنى ئېلىپ كىرىپ ئىچۈرۈپ قوياي دەپ قېشىمغا كەلدى، مەن ئۆرە بولۇپ بىرچىنە ئىچىۋەتتىم، ئانام بۇنى كۆرۈپ خوشال بولۇپ كەتتى.

— بۈگۈن كۈنگە نېمە؟

— پەيشەنبە، — دېدى ئانام پېشانەمدىكى تەرنى سۈرتىۋېتىپ.

— تۈگەپتۇ، ھەممىسى تۈگەپتۇ، — دېدىم ئانامنىڭ قولىنى تۇتۇپ......

— بالام نېمە دېگىنىڭىز بۇ، — دېگىنىچە ئانام گېپىمنى ئۇقالماي تۇرۇپلا قالدى.

مەن بالىنىڭ كىچىكى، ئانام ماڭا ناھايىتى ئامراق ئىدى. بىر ھەپتىگىچە قايماق ۋە تۇخۇم يېگىپ ھەپتىنىڭ ئاخىرىدىكى كۈنى مەن مەكتەپتىن چىققىچە تەقەززالىقتا كۈتەتتى. ئۈيگە كەلگىنىمدە بولسا: «بالام نېمە تاماق يەيسەن؟ كىيىمىڭنى يەڭگۈشلە-ۋال، بىر دەم ئۇخلىۋال» دەپ زادىلا يېنىمدىن نېرى بارمايتتى. مەن كېسەل بولغان ئىككى كۈن ئىچىدە ھەممە كۈلپەت يەنە شۇ ئانامغا كەپتۇ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، چىرايلىرى سارغىرىپ باشقىچە بولۇپ قاپتۇ.

كۆزۈمنى يۇمدۇم — دە، ئانامنى ئويلاپ خىيالىغا كەتتىم: ئاھ ئانا! سېنىڭ ئەجرىڭنى قانداقمۇ ياندۇرارمەن. مەن سېنىڭ قوسىقىڭدا ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ، ھازىرغىچە مېنىڭ غېمىمدىلا يۈرۈيسەن. دۇنيادا ئانىنىڭ مېھرىدىن ئارتۇقمۇ مېھرى — مۇھەببەت بارمىدۇ؟ مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ جەمئىيەتكە كىرەلىگۈدەك ئادەم بولۇپ، سەن ئەڭ خوشال بولىدىغان ئىشلارنى قىلىپ، ئەجرىڭنى ياندۇرارمەن دېگەنىدىم، تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى. مەن نېمە دېگەن شورپېشانە؟! ئادەملەرگە كېلىشمەسلىك كەلگەندە ئۆستەڭلەردىكى سۇمۇ تەتۈر ئاقىدۇ، دېگەن گەپ راست ئىكەن. نېمە ئۈچۈن دەل ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىغان ۋاقىتىمدا بۇنداق كېلىشمەسلىك كېلىدۇ؟ ھەممە ئارزۇ — ئىستەكلىرىم سۇنىڭ كۆپۈكىدەكلا تۈگەپ كەتتى. ئاتا — ئانام، ئۇستازلىرىم 18 يىل تەربىيىلىدى. كۆچەتمۇ باغۋەنىنىڭ مەڭگۈ پەرۋىش قىلىشىغا مۇھتاج بولسۇۋەرمەيدۇ. مېۋە بېرىپ قىلغان ئەجرىنى ياندۇرىدۇ. مەن مۇشۇ كېسەل بولغانچە مەڭگۈ سەزمەس بولۇپ كەتسەم بولمامدۇ؟

كۆزۈمنى يۇمۇۋالغاندىن كېيىن، يەنە شۇ بىچارە ئانام قايغۇرۇشقا باشلىدى. دوختۇرنى يەنە چاقىرىشقا كىرىشتى، ئۇ تەكشۈرۈپ:

— ھەممىسى نورمال، ھېچقانداق كېسەللىك ئالامىتى يوق، ئېلىپ چىقىپ كەتسەڭلار بولىدۇ، دەپ چىقىپ كەتتى.

دوختۇردىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن بىر ھەپتىگىچە تالاغا چىقماي ياتتىم. كېسەللىمنىڭ ئېغىرلىقىنى ئاڭلاپ كۆرگىلى كېرىدى-

دىغانلارمۇ كۆپەيدى. كىشىلەرگىمۇ قارىماي كۆزۈمنى يۇمۇپلا ياتاتتىم، سىنىپ مۇدىرىمىز بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى بىلەن بىللە مېنى كۆرگىلى كەپتۇ، ئۇلارغا باشقىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشقا بولمىدى. ئىلاجىسىز كۆزۈمنى ئاچتىم، لېكىن چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن گەپ قىلماي تۇرۇۋالدىم. ئۇلار مېنى گەپ قىلىشقا قىستىماي. ئۆزلىرىلا گەپ باشلىدى:

— سىزنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىپ، ئىمتىھانغا قاتناشمىغانلىقىڭىزدىن، — دېدى سىنىپ مۇدىرىمىز، — ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىمۇ خەۋەر تاپتى. كېلەر يىل قاتناشسىمۇ بولىدۇ. بىز كاپالەتلىك قىلىمىز دېدى. ياشلار ئۈچۈن ئوقۇش پۇرسىتى كۆپ، تەييارلىق ياخشى بولسىلا ھەرقاچان ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ياخشى دەم ئېلىپ، سالامەتلىكىڭىز ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن تەكرارلاشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭ. بۇ يىل بولمىسا كېلەر يىل بارسىز.

— بۇ يىلقى ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تېخى بىر نىمە دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى تىل ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز سىنىپ مۇدىرىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — سىزغۇ كېسەل سەۋەبىدىن ئىمتىھانغا قاتنىشالمىدىڭىز، قاتنىشىپ ئۆتەلمىگەندىمۇ ھېچ گەپ ئەمەس، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەردىن يۇقىرى مەكتەپكە كىرىدىغىنى ھامان ئاز سانلىق. كۆپچىلىك يەنىلا جەمئىيەتكە قايتىدۇ. بۇنىڭدىن قورقۇشنىڭ، ئۈمىدسىزلىنىشنىڭ نېمە ھاجىتى، ھازىرقى يېزا تۇرمۇشىمۇ مەكتەپ تۇرمۇشىغا ئوخشاشلا كۆڭۈللۈك،

— مەكتەپكە بالىسىنى يوقلاپ كەلگەن كەنت پارتىيە ياچېيكا سېكرېتارىنىڭ «بىلىملىك ياشلار خۇددى يېزىلارنىڭ چېكىسىگە قىستۇرۇپ قويۇلغان گۈلگە ئوخشاش ياراشىدۇ، بۇلارنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈپ يېزىلارغا قايتىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمىز» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم — دېدى تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىمىز ھېكىم قۇربان.

— دېھقانلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ بىلىم ئېلىپ يېزىغا قايتىپ كېلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن بەزى ياشلار بولسا ...

— ئەدەبىياتقا دائىر كىتابلارنى كۆپرەك كۆرۈڭ، مەكتەپ بىلەنمۇ ئالاقىلىشىپ تۇرۇڭ، يازغان بەزى شېئىرلىرىڭىزنى ئەۋەتىپ بەرسىڭىز مەكتەپ ژورنىلىدا ئېلان قىلىمىز. ياخشىلىرىنى مەتبۇئات ئورۇنلىرىغا ئەۋەتىپ بېرىمىز، — تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز گەپ قىلىۋېتىپ سىنىپ مۇدىرىمىزغا قاراپ قويدى.

— سىزنىڭ ماۋۇ شېئىرىڭىز ناھايىتى ياخشى يېزىلغان. مەن بۇ شېئىرنى ئوقۇپ، سىزنىڭ تۇرمۇشقا ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىڭىزنى مۆلچەرلىگەنىدىم — دېدى سىنىپ مۇدىرىمىز پوپكىسىدىن يېقىندا نەشر قىلىنغان مەكتەپ ژورنىلىدىن بىرنى ئېلىپ، ئۇ شېئىرنى ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىزغا بەردى.

بۇ شېئىرنى مەن باھار مەزگىلىدىن ئىلھاملىنىپ يازغانىدىم، ئۇنىڭ مەكتەپ ژورنىلىغا بېسىلغانلىقىنى ئەندى كۆردۈم:

## باھار پەسلى

تەبىئەت ئويغۇنۇپ گۈزەل ناز بىلەن،
باھاردىن ھۆسنىگە كۆز مۇنچاق تاقتى.
باش ئەگىز سۇلىرى تولدى جىراغا،
ئېرىقتا، ئۆستەڭدە لەبىبەلەپ ئاقتى.

نەۋباھار شامىلى سىيىلاپ لەرزان،
دەل – دەرەخ بېشىغا سالدى لىچەكنى.
گوياكى نازىنىن قىزنىڭ لىۋىدەك،
ئاچقۇزدى ھەرياندا غۇنچە – چېچەكنى.

نەغمىچى قۇشلارمۇ چالدى سازىنى،
قاراڭغۇ باغلاردا كاككۇكنىڭ ئۈنى.
ئالتۇنباش كېپىنەك شورايدۇ نىكتار ،
مەھلىيا شەپەرەڭ كېچىسى – تۈنى.

باھارنىڭ خىسلىتى، نېمىتى تولا،
ياز پەسلى مولچىلىق، ئەلۋەكتۇر، سېخى.
شىرنىسى ئاستىغا تېمىپ تۇرىدۇ،
ئىگىلگەن تۈۋەنگە ھەر مېۋە شېخى.

شۇڭا مەن باھارنى ياخشى كۆرىمەن،
مەن – باھار ئاشىقى، باھار بالىسى.
كۈيلىسەم باھاردىن ئۆزگە كۈيۈم يوق،
شۇ سەۋەب تىترەيدۇ قەلبىم تارىسى.

شۇ باھار مېنىڭكى تەشنا دىلىمغا
گۈزەللىك تۇيغۇسى ئەيلىدى بەخش.
تەبىئەت باھارى گۈزەل بولسىمۇ،
ۋە لېكىن مەن ئاڭا ئويىمەن نەقىش.

ئوقۇتقۇچىلىرىم مېنىڭ كېسىلىمنى كۆرگىنى ئەمەس، داۋالىغىلى كەلگەن ئىكەن. ئۆزەم يازغان رېتسېپ بىلەن ئۆزەمنى داۋالىدىم.

— ھەر قايسىلىرىنىڭ مېنى كۆرگىلى كېلىشكەنلىرىگە رەھمەت. مەن ھازىر خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدىم. قېرىشقاندەك دەل ئىمتىھان بېرىدىغان ۋاقىتتا كېسەل بولغىنىمغا ئېچىنىمەن.

— تۇرمۇش بىر تىلسىمات. بۇنداق بولۇشنى كىم بىلسۇن؟ يازنىڭ ئىسسىقىدا سىلەرنى مۇۋاپىق دەم ئالدۇرۇشقا دىققەت قىلمىغانلىقىم مېنىڭمۇ بىر كەمچىلىكىم. بۇنداق بولۇشنى زادىلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن. سىزنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېسەل بولۇپ قېلىپ، ئىمتىھانغا قاتنىشالمىغانلىقىڭىزدىن مەنمۇ خىجىل.

ئانام بىز قىلىشقان گەپلىرىمىزنى ئىشىك تۈۋىدە ئاڭلاپ تۇرغان ئىكەن.

— يوقسۇ مۇئەللىم، سىلەر خىجىل بولىدىغان نېمە ئىش بار، بالىمىزغا بىزدىنمۇ بەكرەك كۆيۈنۈپ ، ئەجىر سىڭدۈرۈپ تەربىيىلىلە، بۈگۈن يەنە كۆرگىلى كەپلا، بالام ھەر قايسىلىرىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ساقىيىپلا كەتتى، كېسەل بولۇپ قېلىشىنى كىم بىلسۇن، بۇمۇ خۇدانىڭ تەقدىرى، بىز ھەر قايسىلىرىدىن مىڭ مەرتىۋە رازى.

— تەييارلىقنى چىڭراق تۇتۇپ، بالىلارنى جىقراق تەكرارلاشقا ئۇيۇشتۇرسام، ئىمتىھاندىن كۆپرەك بالا ئۆتسە دەپ ئويلىغانىدىم، ھەر قانداق ئىش ئۆز لايىقىدا بولغىنى ياخشىكەن.

ئوقۇتقۇچىلىرىم بىلەن گەپ سۆز قىلىشقانلىقىمنى ئاڭلاپ ئانام تولىمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنداق پاراڭلار بىلەن خېلى ئۇزۇن مۇڭداشتۇق، ئاخىرىدا ئانام تاماقمۇ تەييار قىپتۇ، ئاكام قول چايقاشقا سۇ ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، داستىخان سالدى. توخۇ بېسىپ پولۇ قىلغان ئىكەن، مەنمۇ ئوقۇتقۇچىلىرىم بىلەن بىللە تاماق يېدىم. ئۇلار كېتەر ۋاقىتتا شۇنچە تۈنىمۇ ئۈنىماي تا-

لاغا ئۇزاتقىلى چىقتىم.

سىنىپ مۇدىرىمىز قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئۇكام، يېڭى تۇرمۇشنىڭ يولىنى يەنە ئۆزەڭلار ئاچىسىلەر، تۇرمۇش يولى ئەگرى ـ توقاي. «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، ئىرادىلىك ئادەمگە» دېگەن گەپ بار، ئۇشتۇمتۇت كېلىدىغان ئوڭۇشسىزلىقلارغىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشىڭىز كېرەك. سىزگە بەخت تىلەيمەن، ـ دېدى.

ئۇستازلىرىمنى ئۇزۇتۇپ قويۇپ، ئۆزەمنىڭ تۇرمۇش يولۇمنى يېڭىۋاشتىن ئويلىنىشقا باشلىدىم.

× × ×

تۇرمۇش شۇنداق نەرسىكى، بەزىدە ئەنە شۇنداق دولقۇنلارنى پەيدا قىلىپ، ئادەمنى يۇتۇپ كەتكىدەك سارىسىمىگە سالىدۇ، پاراكەندە قىلىدۇ؛ دولقۇن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بولسا، ئۇ ئىشلارنىڭ ئىزىمۇ قالمايدۇ. ئۆتكەن ئىشلار كۆڭۈل خاتىرەمدە بارا ـ بارا غۇۋالىششقا باشلىدى.

بۇ يىل ھاۋا شۇنداق قىزىپ كەتتىكى، ھەممە جاي تىمتاسلا دىمىق، مەكتەپتە بولسا بۇنداق كۈنلەردە ئۇخلىغىلى بولامدىغان، يېزىدا بولسا ئىسسىق ھېچقانچە بىلىنمەيدى. باغدىكى ئۆرۈكلەر پىشىپ مەي بولۇپ كېتىپتۇ، ئىككى كالا تۇغۇپتۇ، سۈت ـ قايماق كەڭرى ئىكەن. ئانام ھەر كۈنى ساغقان سۈتنى بىر نەچچە قاچىغا بۆلۈپ، قايماق تۇتتۇرۇپ، ماڭا ساقلاپ بېرىدۇ. مەن بالىنىڭ كىچىكى بولغانلىقىم ئۈچۈنمۇ ئانام ماڭا بەك ئامراق ئىدى. قوناق نېپىنىغا قوسىقىمىز تويماۋاتقان قېيىنچىلىق يىللاردىمۇ، تۇخۇم، گۆلە، بۇغداي نېنى قاتارلىق نەرسىلەرنى يىغىپ ماڭا ساقلاپ بېرەتتى. ئانامنىڭ ئامراقلىقى ئاكامنىڭ غەشلىكىنى، ئىچتارلىقىنى كەلتۈرۈپ غۇدۇڭشىپ قوياتتى، بەزىدە مېنىڭ يۇمشاق نان يېگىنىمنى كۆرگەندە ماڭا كۆزىنى ئالايتىپ قارايتتى. ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مېنىڭ ھەر كۈنى قايماق يەپ، سۈت ئىچىپ، باشقا ئىش قىلماي كىتاب ئوقۇپ يۈرگەنلىكىمنى كۆرۈپ ماڭا يەنە ئاچچىغى كەلدى.

بىر كۈنى ئانام:

— ھازىر چۈش ۋاقتى بولاي دەپ قالدى، كالىلار ئاچ تۇرىدۇ، ئازراق ئوت ئېلىپ سېلىپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟ ـ دەپ ئاكامغا ئاچچىغلاندى.

— بۇ ئۆينىڭ ئىشى ماڭا قىيامەتكىچە ھۆددىمۇ، سۈت ـ قايماققا ئامراق ئادىمىمىز ئىش قىلىپ باقسۇن! ـ دېدى ئاكام.

— ئۇكاڭ قايتىپ كەلگىلى ھەپتە بولماي تۇرۇپ، دوق قىلغىلى تۇردۇڭمۇ؟ تۆت ـ بەش يىل ئۆيدە بولمايمۇ ئىش ئاقانغۇ؟ بولدى قىلمىساڭ قىلما! كالىغا ئوتنى مەن ئالاي ـ دېدى ـ دە، ئۆزى تاغار ۋە ئوغاقنى كۆتۈرۈپ ئوت ئالغىلى چىقىپ كەتتى.

مەن ئۆيدە كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتىم. بۇ گەپنى ئاڭلاپ كىتابنى تاشلاپ قويدۇم.

ئاكام كىچىكىدىن تارتىپ، مۇشۇ ئۆينىڭ ئېغىر ئەمگىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەن. ئاكامدەك ياراملىق بىر ئەمگەك كۈچى

بولمىغان بولسا، مېنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشۇمۇ مۇمكىن بولمىغان بولاتتى، دادامنىڭ يېشى 50 دىن ئېشىپ كەتتى، يېزىنىڭ تازا ئالدىراش خامان پەسلى، ئاكام بەزىدە سەھەردە ئېتىزلىققا كېتىپ ئاش ۋاقتى ياكى چۈش ۋاقتىدا كېلىپ ئاندىن تاماق يەيتتى. ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىيىپ كەتكەن چىرايى، سالدا ۋە چىداملىق مىجەزى خۇددى مۇشۇ ئائىلىنىڭ ھەممە يۈكىنى سۆرەپ باش كۆتەرمەي كېلىۋاتقان كالىغا ئوخشايتتى. مەن ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قانداقمۇ ئاكامنى يامان دېيەلەيمەن. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئانامنىڭ كەينىدىن ماڭدىم، ئانام ھويلىمىزنىڭ ئارقىسىدىكى قوناقلىقتىن ئوت ئېلىشقا باشلىدى.

—سىز تاغارنى ئېچىپ بېرىڭ ئانا، ئوتنى مەن ئوراي.

—ۋاي بالام، كىتابىڭنى ئوقۇۋەرسەڭ بولمامتى؟ ئوتنى ئۆزەم بىردەمدىلا ئېلىپ بولىمەن.

ئوغاقنى ئانامنىڭ قولىدىن ئالدىمدە، ئوت ئوراشقا باشلىدىم. قوناقلىقنىڭ قىرىدىكى ئوت بەكمۇ ئۆسكەن ئىكەن، بىردەمدىلا بىر تاغار ئوت ئوراپ ئانامنىڭ تۇتقۇنىغا ئۇنىماي يۈدۈپ كېلىپ كالا ئېغىلىغا ئېلىپ كىردىم.

— يېرىمىنى ھازىر سېلىپ بېرەيلى بالام، ھەممىسىنى سېلىپ بەرسەڭ دەسسەپ بۇزۇۋېتىدۇ— دېدى ئانام.

ئوتنى بېرىۋاتقىنىمدا ئىككى موزاي قېشىمغا كېلىپ قولۇمنى پۇرۇغىلى تۇردى. «ھايۋان بالىسىمۇ ئەجرى قىلغاننى بىلىدىكەن، ئوت ئورىغان قولۇمنى بۇ جانىۋارلار پۇراۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدىمدە، ئۇزۇنغىچە كالىلارنىڭ ئوت يېيىشىگە قاراپ ئولتۇردۇم. تاغلىق — چارۋىچىلار ئادەم يوق تاغ-چە-دىرلاردا يىگانە چارۋا باقىدىكەن. ئۇلار قانداقمۇ چىدىيالايدىغاندۇ، دەپ ئويلايتتىم. قارىغاندا چارۋىلاردىمۇ ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان بەزى خۇسۇسىيەتلەر بار ئىكەن. مەن ھەر كۈنى سۈت - قايماق ئىچكەنلىكىم ئۈچۈن، كالىنى بولسىمۇ بېقىپ بېرەي دېگەن يەرگە كەلدىمدە، ھەر كۈنى ئوت ئېلىپ سېلىپ بېرىمەن، سۇ بېرىمەن، ئانام كالا ساققاندا موزايىنى تۇتۇپ تۇرىمەن. مېنىڭ بۇ قىلىۋاتقان ئىشىمغا ئائىلىدىكىلەرمۇ رازى ئىدى، ئاكاممۇ ماڭا قاپاق تۈرتمەيدىغان بولدى. كالا بېقىشنى ئۆگىنىۋالسام بۇمۇ بىر تېخنىكا دەپ ئويلايتتىم.

يېزىغا كەلگىنىمگە بىردەمدىلا ئىككى ئاي بولدى. ئاكامغا بۇتناپ كىتابىنى تاشلاپ قويغانچە بىرەر قېتىممۇ قاراپ قويمايتتىمەن. خەنزۇچە ئۆگىنىشكە بەكمۇ ھەۋەس قىلاتتىم، ئۇمۇ قەپقا پىتتۇ. راستىنى ئېيتقاندا ئاكامغا قارىتا ئەزەلدىنلا مەندە ئاداۋەت يوق ئىدى. مۇھىمى كالا بېقىشقا قىزىقىپ كېتىپ كىتاب ئوقۇشنى تاشلاپ قويغانتىم.

مەكتەپتە ئۆگىنىشكە شۇنچە قىزغىن ئىدىم، ئەمدى نېمە بولدى؟ كالا بېقىشنى ئۆگىنىۋالىمەن، بۇمۇ ئۆگىنىشمۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئۆگىنىش، دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپمۇ باقتىم، لېكىن يەنىلا ئۆزۈمنى كۆڭلۈم يېرىم ھېس قىلاتتىم. مەكتەپ تۇرمۇشى، ئوقۇتقۇچى ئۇستازلىرىم، ساۋاقداش دوستلىرىمنى ئويلاپ قالاتتىم، شۇڭا بىر كۈنى شاپتۇل ھەم قوغۇن ئېلىپ دادۇيىنىڭ تىراكتورى بىلەن ناھىيىگە باردىم، ئانام 30 يۈەن، دادام ئون يۈەن پۇل بەردى. مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىرىم بىلەن كۆرۈشتۈم، يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى ئەمدىلا باشلانغان بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەممەيلەن دەرس بىلەن ئالدىراش ئىكەن.
مەكتەپتە بىر كېچە قونۇپ قالدىم. شەھەردە
ئۆيى بار ساۋاقداشلار بىلەن كۆرۈشتۈم،
كىتابخانىغا بېرىپ نۇرغۇن كىتابلارنى سېتىۋ-
ۋالدىم، بۇنىڭ كۆپىنچىسى يېزا ئىگىلىك
ئىقتىسادىنى باشقۇرۇشقا ۋە ماشىنا - تىراك-
تورلارنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئائىت كىتاپلار ئى-
دى. تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بۇنى كۆ-
رۈپ كۈلۈپ كەتتى.
— يېزىغا بېرىپ بىردەمدىلا سەكسەن گى-
رادۇس بۇرۇلۇپسىز، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى،
تىراكتور ھەيدەشنى ئۆگىنەي، دەۋاتامسىز؟
تىل - ئەدەبىياتقا دائىر بىرەر پارچىمۇ
كىتاب ئالماپسىز؟
— يەكچەشمەنبىلىك شەھەرگە بارساڭ، بىر كۆ-
زۈڭنى قىسۋال دېگەن گەپ بار. مەن يېزى-
غا قايتقاندىن كېيىن شۇنىڭغا ئېھتىياجلىق-
نى ئۆگىنىمسەم بولامدۇ؟ تىل - ئەدەبىيات،
شېئىر دېگەنلەرنى يېزىدا كىم بىلەتتى؟ ئۆ-
زەمگە ئېھتىياجلىقلىرىنى ئالدىم.
— بۇ گەپچە سىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش-
تىنمۇ ۋاز كېچىپسىزدە، پۈتۈنلەي دېھقان بو-
لۇپ كەتمەكچىمۇ؟
— ئائىلە مەكتەپكە ئوخشىمايدىكەن، مەك-
تەپتە ماڭغان تۇرغانلىرىمىزمۇ بىلىم. ئائى-
لىدە بولسا ياز پەسلىدە ھەممە ئىش ئالدى-
راش، ئاتا - ئانام، ئاكام بىر قولىنى ئۇن
قىلالماي ئالدىراپ ئىشلەۋاتسا، مەن قان-
داقمۇ قاراپ تۇرالايمەن؟ شۇنىڭ ئۈچۈن يې-
زىغا لايىق كېلىدىغان كىتابلارنى ئوقۇپ،
ئۆگەنگىنىمنى ئىشلىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ
ئېھتىياجىغا ماسلىشاي دەيمەن.
ئەتىسى چۈشلۈك تاماقنى تىل - ئەدەبى-
يات ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ ئۆيىدە يېدىم، ئۇ
ماڭا «تارىم»، «كۆۋرۈك»، «دۇنيا ئەدەبى-
ياتى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژور-
ناللاردىن بىر نۇسقىدىن بەردى. ئەدەبىيات-
قا دائىر كىتابلارنى كۆپرەك كۆرۈشنى يەنە
بىر قېتىم تاپىلىدى.
ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كالا
باققاچ كىتاب ئوقۇدۇم. كالا بېقىش ماڭا تەقسىم
قىلىنغان بىردىن-بىر ئائىلە ئەمگىكى بولۇپ،
باشقىلارنىڭ كالا بىلەن كارى بولمايتتى، مەن-
مۇ باشقا ئىش قىلمايتتىم. يېرىم يىل ئۆت-
كەندىن كېيىن مېنى يېزا قوشۇمچە ئىگىلى-
كىنىڭ كۆپەيتىلىشىنى قىلىپ بېرىشكە سۆزلەش-
كىلى كاتىپنى ئەۋەتىپتۇ. مەن ئۇنىمىغان ئى-
دىم. دادام ماڭا نەسىھەت قىلىپ:
— بالام نى-نى ياشلار يېزىدا كادىر بولۇپ
ئىشلەشنى تەلەپ قىلىپمۇ ئۇنىڭغا ئېرىشەل-
مەيدۇ، بۇ بىر ئوبدان پۇرسەت. ئۇلار ئۆزى ئادەم
ئەۋەتىپسىزنى خىزمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلسا،
نېمىشقا بارمايتتىڭىز؟ ياق، بېرىڭ تەشكىل
نېمە ئىشقا بۇيرىسا شۇنى قىلىڭ،-دېدى
—سەن يېزىلىق ھۆكۈمەتتە كادىر بولساڭ
دېدى ئانام-بىز نىمۇ داۋىدىكىلەر ئالدىراپ
بوزەك ئېتەلمەيدۇ. دادۇي دېگەندە سېكرېتار
ئەترەت باشلىقى دېگەنلەر ھاكىمدىنمۇ يوغان،
ئۇلار نىمە قىلىمەن دېسە، شۇنى قىلالايدۇ، سۇ
قۇرۇلۇشىغا ياكى يېراق جايلارنىڭ ئەمگىكى-
گە ئەۋەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟
— ئەمگەكتىن نېمە قورقاتتىم ئانا، ئەم-
گەككە بارسام بارمامدىمەن؟ بىر تەرەپتىن
كالا باققاچ تەييارلىق قىلىپ ئالىي مەكتەپ-
كە ئىمتىھان بەرمىسەم بولمايدۇ.
— يېزىلىق ھۆكۈمەتتە ئىشلەپ تۇرۇپمۇ
ئوخشاشلا تەييارلىق قىلغىلى بولىدىغۇ؟-دېدى
ئاكام.
ئۇلار مېنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە خىزمەتكە
تەكلىپ قىلىنغانلىقىمنى ئاڭلاپ، خۇددى ئائىلى-

مىزگە بەخت قۇشى قونغاندەك خوش
بولۇپ كېتىپتۇ. ھەممىسى ماڭا تەلمۈرۈپ
«بارغىن» دەۋاتسا، ئاتا-ئانامنىڭ كۆڭلىنى
قاندا قمۇ رەت قىلالايمەن؟

يېزىلىق ھۆكۈمەتتە چارۋىچىلىق، ئورمان-
چىلىق (باغۋەنچىلىك) ئۈن زاۋۇدى، قاتناش
تىرانسپورت، ئاساس قۇرۇلۇش قاتارلىق
قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى قۇرۇل-
غان ئىكەن، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىلگىرىكى
خەلىق ئىشلار كادىرىنى بۇنىڭغا ئەترەت باش-
لىقى قىلىپ بەلگىلەپ، ھېساباتنى يېزىلىق
ھۆكۈمەت ھېسابىچىسى قوشۇمچە باشقۇرۇپ كەل-
گەن ئىكەن. ھېسابات ئىشلىرى قالايمىقان،
كىرىم-چىقىمنىڭ باش ئايىغى يوق ئىكەن.
ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا
قويۇلغاندىن كېيىن يېزا باشقۇرغان بىر قى-
سىم قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشلارنى كەنتلەر-
گە چۈشۈرۈپ بەرمەكچى بولۇپ، قوشۇمچە ئىشى-
لىك ھېساباتنى تەكشۈرۈشكە ناھىيىدىن ئادەم
چىققان ئىكەن. ھېساباتنى تەكشۈرۈشكە ئامالسىز
قاپتۇ، شۇڭا ناھىيە رەھبەرلىكى بۇ يېزىنى قاتتىق
تەنقىت قىپتۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا مېنى كۆرە-
جىلىقتا تەكلىپ قىلغان ئىكەن، ئۇزۇنغا قال-
ماي ھېساب ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالدىم.
كېيىنتىن ئېلان قىلىنغان تەجرىبىلەردىن پايە-
دىلىنىپ، ھەر قايسى كەسىپلەر بويىچە مەسئۇلى-
يەت تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ چىقتۇق. قوشۇمچە
ئىشلەپچىقىرىش كىرىمىدىن 5400 يۈەندىن
كۆپرەك پۇلنى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى
قاتارلىق 11 نەپەر كادىر قەرز ئېلىۋالغان
ئىكەن، بۇنى ئىنقىلاپ چىقىپ ناھىيىدىن
چىققان خىزمەت گۇرۇپپىسىغا مەلۇم قىلدىم.
يېزىنىڭ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش كىرىمى
بىر قىسىم كادىرلارنىڭ خالىغانچە يەپ-ئى-
چىپ، سوۋغا-سالام قىلىدىغان ئېگىسىز بايلىقا
ئايلىنىپ قالغان ئىكەن. كىرىم-چىقىم ئېنىق
بولغاندىن كېيىن ئۇلار يېيىشكە كاۋاك تاپال-
ماي مېنى يامان كۆرۈپ قالدى. زىددىيەت
بارا-بارا كەسكىنلىشىپ كەتتى. بۇ ئىشنىڭ
ماڭا ئەسقاتمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ كۆپ-
رەك ۋاقتىنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلدىم. ئەپسۇس-
كى مەن ھېساباتئىشلىرىنى رەتكە سېلىش بىلەن
ئالدىراش بولۇپ كېتىپ يەنە بىر يىللىق ئىم-
تىھان ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ئەمدى كېيىن-
كى يىلغا تەييارلىق قىلىشقا توغرا كېلەتتى.
يېزىلاردىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ مۇكەم-
مەللىشىشىگە ئەگىشىپ يېزىلىق ھۆكۈمەت
باشقۇرغان بىر قىسىم قوشۇمچە ئىگىلىكلەر
كەنتلەرگە چۈشۈرۈپ بېرىلدى. كەنتلەرگە ۋە
شەخسىيلەرگە ھۆددە قىلىپ بەردى.

مەن بوغالتىرلىق قىلماي بىر تىراكتورنى
ھۆددىگە ئالاي، دېگەن ئىدىم. مېنىڭ بۇ كې-
يىم ئۇلارغا ياغدەك ياقتى. مېنى چىقىرىۋې-
تەلمەي تۇرغاندا، بۇ مۇ مېنى كۆزىدىن يوقى-
تىشنىڭ ياخشى چارىسى بولدى.

—سىز ھۆددىگە ئالسىڭىز سەل يولىدىراق
بىرىمىز، ئۆز ئادىمىمىز ئەمەسمۇ - دېدى
ئەترەت باشلىقى.

بىر يىلدا 610 يۈەن تاپشۇرۇش شەرتى بى-
لەن 28 لىك كونا تىراكتوردىن بىرنى ھۆددە
ئالدىم، يېرىم يىل ئۆتمەيلا بۇ تىراكتورنى
مېنىڭ سېتىۋېلىشىمنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۈچ
مىڭ 200 يۈەنگە سېتىۋالدىم.

يەر ھەيدەش، قاتناش قاتارلىقلارغا ئىشى-
لىتىپ بىر يىلدىلا تىراكتورنىڭ پۇلىنى تۆ-
لەپ خېلىلا ئاشۇردۇم. كېيىن تىراكتورنى سې-
تىپ ئاپتوموبىل ئالدىم، ئاپتوموبىل ھەيدەش
بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ئۆگىنىشكە، كىتاب كۆ-
رۈشكە ۋاقىت چىقىرالمايدىكەنمەن، ئاكامغا
ھەيدەشنى ئۆگىتىپ رولنى تۇتقازدىم. كېيىن

www.uyghurkitap.com



يەنە چېكىت ئايرىش ، ياغ تارتىش ماشى-
نىسىنى سېتىۋېلىپ، ياغ زاۋۇدى قۇردۇم. ياغ
زاۋۇدىدىن چىققان كۈنجىرە بىلەن كالا، قوي
بوداپ ساتتۇق، ئوغۇت كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن
دېھقانچىلىقىمىزمۇ ياخشى ئوخشىدى، «ئامەت
كەلسە قوش كەپتۇ» دەپ ھەممە ئىشىمىز يۈ-
رۈشۈپ كەتتى. گېزىتلەردە بىزنى «ئون مىڭ
يۈەنلىك ئائىلە» دەپ تونۇشتۇرۇپتۇ، مېنى
يېزىغا قايتقان زىيالىي ياشلارنىڭ
ئۈلگىسى، دەپ ماختاپتۇ.

بىر كۈنى تاماق ۋاقتىدا دادام خوشال-
لىنىپ:

— «كىچىك چېغىڭدىن تارتىپلا سەندە ئا-
مەتنىڭ بەلگىسى بار ئىدى، سەن تۇغۇلغان
يىلىنىسى ئىككى كالىمىز تەگلا مۇزاي يىلىغانىدى،
ھازىر سەن مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن شىپپىدە كۆتۈرۈلۈپ كەتتۇق » دېدى.

— باققىنىمىزنى ياندۇردى ، — دېدى
ئانام.

— پارتىيىنىڭ دېھقانلارنى ئۆز ئەمگىكى
بىلەن بېيىتىش سىياسىتى بولغانلىقى ئۈچۈن،
بىز باي بولۇشنىڭ يولىنى ئىزدىدۇق، يول
ماڭغانسېرى كېڭەيدى، بىزنىڭ ئۆيگە ئۇچۇپ
كىرگەن بەختقۇشى ئاشۇ سىياسەتنىڭ نۇرى،—
دېدىم.

— بەزىلەر كومپارتىيىنىڭ تۈپ سىياسە-
تى ھەممە ئادەمنىڭ تۇرمۇشىنى بىر خىل-
لاشتۇرۇش، بىر قىسىم دېھقانلارنى ئالدىن
بېيىتىش دېگەنلىك، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى-
نى قوزغاش ئۈچۈن قوللىنىلغان ۋاقىتلىق
تەدبىر، ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ، دېيىشىدۇ،
كېيىنچە بىرەر ئۆزگىرىش بولۇپمۇ قالارمۇ
بالام؟

— پارتىيىنىڭ مەقسىدى ھەممە ئادەمنى
باي تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش، لېكىن، كىشىلەر-
نىڭ ئەمگەك ئىقتىدارى، ئەمگەك كۈچى، تېخ-
نىكىسى، شەرت - شارائىتى ئوخشاش بولمى-
غانلىقى قاتارلىق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن،
كىشىلەرنىڭ باي بولۇشىمۇ ئىلگىرى - كېيىن
بولىدۇ. پارتىيە 30 نەچچە يىللىق سوتسىيالىستىك
قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، بىر قىسىم
كىشىلەرنىڭ، بىر قىسىم جايلارنىڭ ئۆز ئەمە-
گىكى ئارقىلىق ئالدىن باي بولۇشىنى بەلگى-
لىگەن. بۇندىن كېيىن ئۆز ئەمگىكى ئارقى-
لىق باي بولىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىدۇ،
پەيدىن - پەي كەمبەغەللىك تۈگەيدۇ.

دادام بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىم بولۇپ قالدى.

— مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش ئارزۇ-
يۇم بار دادا، بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىپ
تەييارلىق قىلىشقا ۋاقىت چىقىرالمىدىم، ئە-
گىلىك ھېسابىمىزنى ئاكام باشقۇرسۇن دېسەكمۇ
دېيمەن، تراكتور ۋە زاۋۇتنىڭ ئۇسكۈنىلىرى-
دىن چاتاق چىقسا، مەن ئوڭلاپ بېرەي، ۋا-
قىت چىقىرىپ كىتاب كۆرۈپ تەييارلىق
قىلاي.

— 10 يىل ئوقۇغىنىڭمۇ يېتەر، — دېدى
ئانام، — يەنە ئوقۇيمەن دەپ نېمە قىلار-
سەن — بىلىم دېگەنگۇ قانچە كۆپ بولسا
شۇنچە ئەسقاتىدۇ، لېكىن ئاكاڭ چالا ساۋات
بىر ئادەم، شۇنچە جىق ئىشلارنى يولغا قويۇ-
ۋەتتىڭ، ئاكاڭ باشقۇرۇپ كېتەلمەسمىكىن،
ئاناڭ تېخى سېنىڭ بېشىڭنى ئوڭلاپ قويۇش-
نىڭ كويىدا بولۇۋاتىدۇ.

— ئاكام كىچىكىدىن تارتىپلا كەتمەننىڭ
تېگىدە چوڭ بولغان. ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ
پەمىنى تازا ئوبدان بىلمىدۇ.

— ئىش ئوقىتىمىز ئوبدان راۋاج تاپتى،
ئازراق ئاشلىق ۋە پۇل ئاجرىتىپ قىيىنچىلى-
قى بار كىشىلەرگە ياردەم بەرسەكمىكى دەي-
مەن، زاكاد ئورنىدا بولار، ئەتىياز تازا

Altunoq

ئۆزۈكچىلىك ۋاقىت، ــ دېدى دادام.

ــ بۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشى، ــ قانداق ئويلىسى-
ڭىز شۇنداق قىلىڭ دادا.

دادام ئەزەلدىن كەمبەغەل ئۆت-
كەن ئىكەن، بىزنىڭ مۇنچىلا تېز
بېيىپ كەتكەنلىكىمىزگە ئۆزى تازا ئىشەنچ
قىلالمايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن دىنىي جە-
ھەتتىنمۇ ئويلايتتى. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەن-
دىن كېيىن ئانام ماڭا: داداڭ 30 چارەك
بۇغداي ۋە 430 يۈەن پۇلنى مەھەللىمىزدىكى
قىيىنچىلىقى بار كىشىلەرگە قەرز بەردى،
دېدى.

ــ ياخشى قىپتۇ ئانا.

ئىككىنچى يىلى يازنىڭ ئوبدان پەسىللىرى
كېلىپ يېزىمىزگۈزەل تۈسكە كىرگەن كۈنلەرنىڭ
بىرىدە سىنىپ مۇدىرىمىز بىلەن تىل-ئەدەبىيات
ئوقۇتقۇچىمىز يەنە مېنى يوقلاپ كەپتۇ.

ــ كېزىتتە كۆردۇق. ئىگىلىك باشقۇرۇشقا
ماھىر بولۇپ كېتىپسىز، ئۇن مىڭ يۈەنلىك
ئائىلە تېخى، ــ دەپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى
ئۇلار.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇس-
تازلىرىم مېنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ. ئۇلارنىڭ
كەلگىنىگە ناھايىتى خوشال بولدۇم، ئۆيگە
باشلاپ داستىخان سالدىم، ئۇنىمىغىنىغا قا-
رىماي قوندۇرۇپ قالدىم، ئاخشامدا ئۇزۇنغى-
چە سۆزلەشتۇق.

ــ بىلىمى بار ئادەم ھەممە ئىشنى قام-
لاشتۇرالايدۇ، ئىككى يىل ئىچىدىلا خېلى ئىش-
لارنى قىلىپسىزلەر، تۇرار جايىڭلارنىمۇ يې-
ڭىلاپسىزلەر.

ــ ھە بۇ ئىمارەت بۇ يىل پۈتتى، يې-
قىندىلا كۆچۈپ چىقتۇق.

ئىگىلىكىڭلار ياخشى تەرەققى قىپتۇ.

ــ يامان ئەمەس، ئالىي مەكتەپكە بارال-
مىغاندىن كېيىن بىكار ياتقۇم كەلمىدى، ھە-
رىكەت قىلىپ تۇردۇم. ھەرىكەت بار يەردە بە-
رىكەتمۇ بولىدىكەن.

ــ دەسلەپتە سىزنى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە
ئورۇنلىشىپتۇ، دەپ ئاڭلىغانىدۇق. كېيىن شو-
پۇرلۇق قىلىۋاتىدۇ، دېيىشتى، كېيىن يەنە
گېزىتلەردە ئىسمىڭىزنى كۆردۇق. تەتىلدىن
پايدىلىنىپ ئائىلىگە قايتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ
كۆپ قىسمىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يوقلۇدۇق.
شۇ قاتاردا سىزنىمۇ كۆرگىلى كەلدۇق. ئىق-
تىسادىي ۋەزىيەت ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن،
سىز بىلەن بىللە ئوقۇش پۈتتۈرگەن
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش
يولىنى تېپىپ ئوبدان تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋې-
تىپتۇ.

ــ مەنمۇ قايتىپ كېلىپ بەزى كۆڭۈلسىز-
لىكلەرگىمۇ دۇچ كەلدىم، يېزىلىق ھۆكۈ-
مەتنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش بوغالتىرى
بولغانىتىم، بىر قىسىم كادىرلار بىلەن
كېلىشەلمىدىم، تۇرمۇش مېنى مۇشۇ كىچىك-
كىنە ئائىلەمدە يەككە ئوقەت قىلىشقا مەج-
بۇر قىلدى، ئامال قانچە ؟ !

ــ تۇرمۇش بەزىدە ئادەمنى شۇنچە كەڭ
ئىجتىمائىي مۇھىتقا سىغدۇرماي، بىر-
بۇلۇڭ پۇچقاققا ئاپىرىپ قويىدىغان ئەھ-
ۋاللارمۇ بولىدۇ.

ــ بەشىللىق تۇرمۇشۇم قاينام - تاش-
قىن، كوللېكتىپنىڭ ئىچىدە ئۆتكەن ئىدى.
مەن يەنە شۇنداق تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇش-
نى خالايتتىم.

ــ توغرا، ياشلار ئۈچۈن تۇرمۇش قانچە
كەڭ، كوللېكتىپ ئىچىدە ئۆتسە شۇنچە مە-
نىلىك بولىدۇ، تۇرمۇش قارىشىمۇ شۇنچە
ئەتراپلىق ۋە ئومۇمىي بولىدۇ. يېزىمۇ ياخ-
شى. ساپ ھاۋا كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان
يېشىل مەنزىرە، ئۆستەڭدە ئېقىپ تۇرغان

سۇزۇك سۇ، بىر دىنىڭ كەينىدىن بىرى پەيشەپ
تۇرغان مېۋىلەر ، ئاتا ـ ئانانىڭ يېنىدا ،
تۇرمۇشتا غەم يوق ، بۇمۇ ئوڭايلىقچە ئې ـ
رىشكىلى بولمايدىغان تۇرمۇش ـ دە ؟ !

ـــ « بولسا ھەر كىشىنىڭ پۇچۇق نېنى ،
ياتقۇدەك ماكانى ـ پاتسا شۇنىڭغا تېپنى ،
بولمىسا ھېچكىمگە خوجا ، يا قۇل ، دۇنيادا
بەختلىك ساناغىن ئۇنى » بۇ كىمنىڭ شې ـ
ئىرىتى ؟ ـ سورىدى سىنىپ مۇدىرىمىز
تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ سۆزد ـ
نى بۆلۈپ .

ـــ ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىلىرىدەك
تۇرامدۇ ؟

ـــ شۇنداق ، مېنىڭچە بۇ فېئوداللىزم
جەمئىيىتىدە شەكىللەنگەن تۇرمۇش قارىشى .
ئۇ چاغدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەق ـ
قى قىلمىغان، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش
ئىنتايىن تۆۋەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشلەپ ـ
چىقىرىلغان بايلىقلار فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ـ
نىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ قالغانلىقتىن، ئا ـ
ۋام خەلقنىڭ ئاشۇنچىلىك تۇرمۇشقا ئېرىد ـ
شەلىشى بەخت ھېسابلىناتتى .

ـــ ھازىر بەزىلەر، پۇل، مالنىڭ كۆپرەك
بولۇشىنى ، ئازادە تۇرار جاي ، ماشىنا ،
تېلېۋىزور ۋاھاكازالارنىڭ بولۇشىنى بەخت
دەپ قارايدۇ ، بۇ ئومۇمەن جەمئىيەت تۇر ـ
مۇشنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئېيتىلغان بەخت
كۆز قارىشى ، مېنىڭچە ھەقىقى بەخت يەنىلا
ھەممە كىشىنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن كۈ ـ
رەش قىلىشتا .

ـــ سىزنىڭ ـ دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇر ـ
دى سىنىپ مۇدىرىمىز ماڭا قاراپ ، ـ ئىم ـ
تىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا : « ئۆگەن ـ
گەن بىلىمىنىڭ كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈ ـ
زۈش دائىرىسى .قانچە كەڭ بولسا … خەلققە
شۇنچە ئېھتىياجلىق ئادەم بولغىلى بولىدۇ »
دېگىنىڭىز يادىمدا . شۇنداققۇ دەيمەن ؟

ـــ شۇنداق .

ـــ ھەي ، بۇمۇ بىر خىل تۇرمۇش قارد ـ
شى ، مېنىڭچە يەنىلا مۇشۇنداق قاراشتا چىڭ
تۇرغان ياخشى . بەختكە بولغان كۆز قاراش ـ
نىڭ قانداق بولۇشىنى قويۇپ تۇرۇپ ، بىر
ئائىلىنىڭ پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى
بەخت دەپ ھېسابلايلى ، لېكىن بۇنداق
بەخت ھامان بىر نەچچە كىشىنىڭلا بەختى
بولىدۇ ، بۇنداق بەخت ھامان چەكلىك ،
ئۇ ، غايىۋى مەقسەت ئەمەس .

ـــ مەن بىلىمەن ئېلىپ ، باشقىلار ئۈچۈن
كۆپرەك جاپا چېكىشنى ، كۆپرەك ئىش قى ـ
لىشنى خالايتتىم . بىراق ، كېلىشمەسلىك
تۇيەيلىدىن ، يەنىلا تار تۇرمۇش رامكىسى ـ
غا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم .

ـــ مەن شۇنى دېمەكچىمەنكى ، ئائىلە
ھەممىگە قادىر ، ھەممە ئىشنى قىلغىلى بو ـ
لىدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭ . يەنىلا ئائىلىد ـ
كى پايدىلىق شەرتىنى جەمئىيەت ئۈچۈن
كۆپرەك پايدىلىق ئىش قىلىش بىلەن بىر ـ
لەشتۈرۈڭ ، باش تىقىپ باي بولۇش بى ـ
لەنلا بولۇپ كەتمەي ، ئوقۇشقا تەييارلىق
قىلىپ ، جەمئىيەتكە تېخىمۇ پايدىلىق بول ـ
غان ئىشلارنى قىلىشقا بەل باغلاڭ .

ـــ ئاز تولا پۇل تېپىپ، باي بولۇش بى ـ
لەن ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتكىنىمۇ يوق ،
ھازىرقى تەرەققىيات ۋە جەمئىيەت تۇرمۇشى
سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىدىن قارىغاندا بىزنىڭ
بايئ بولۇشىمىز بەك قالتىس بىر ئىشمۇ ئە ـ
مەس ، سېلىشتۇرما قىلىپلا ئېيتىلغان گەپ .
تاپقان پۇلنى خەلققە مەنپەئەتلىكرەك ئىشقا
سەرپ قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن ، كەنتىمىزد ـ
كى مەكتەپنى رېمونت قىلىمىز دەپ كەلگەن
ئىكەن ، 700 يۈەن ياردەم بەردىم . ئىشكە ـ
مىزنىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭنىڭ سۈيى قى ـ
شىن ـ ياز توختىماي ئاقىدۇ . ھۆكۈمەت
رۇخسەت قىلسا ئۆزەم پۇل خەجلەپ كىچىك

تېپىشكى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇپ كەنتىمىزنىڭ چىراق يېقىش مەسىلىسىنى هەل قىلماقچىمەن.

— تازا جايىدا ئويلاپسىز! پۇل دېگەن نەرسىنىڭ ئىككى يۈزى بار، بىر يۈزىدىن خوشاللىق - كۈلكە، بەخت چىقىپ تۇرىدۇ، پۇلنى ئۆزىنىڭ هالال ئەمگىكى بىلەن تېپىپ، ئورۇنلۇق جايغا — ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن ئىشلەتسە، سىز ئېيتقاندەك باشقىلارغا مەنپەئەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىنسا، ئۇ جەمئىيەتكە بەخت كەلتۈرىدۇ. يەنە بىر يۈزىدىن قان - يىرىڭ ئېقىپ تۇرىدۇ، بەزىلەر پۇلنى دەپ هەر قانداق پەسكەشلىكلەرنى قىلىشتىن يانمايدۇ، پۇلغا ئېرىشكەندىن كېيىن بولسا، ئۇنى هىمات قىلىپ تۇرۇپ باشقىلارنى ئېزىدۇ. هەققانىيەتنى ئاياق ئاستى قىلىدۇ، هەتتا قان تۆكىدۇ.

— پارتىيىنىڭ بىر قىسىم كىشىلەرنى ئالدىن بېيىتىش سىياسىتىنىڭ مەقسىدى، ـ دېدى تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز سىنىپ مۇدىرىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، ـ ئاخىرقى هېساپتا پۈتۈن خەلقنىڭ باي بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ دۆلىتىمىزنى باي ۋە قۇدرەتلىك قىلىش، شەخسىيلەرنىڭ بايلىقىمۇ پۈتكۈل ئىجتىمائىي بايلىقنىڭ بىر قىسمى.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن ئۇستازلىرىمنى ئۇزىتىپ قويدۇم، ئۇلار ۋېلىسىپىتكە مىنىپ كۆزۈمدىن ئۇزاپ كەتكىچە قاراپ قالدىم.

بىلىملىك ئادەملەر ئارىسىدىكى پاراڭ هامان چوڭ ئىشلار توغرىسىدا بولىدىكەن، ۋەزىيەت، سىياسەت، تۇرمۇشقا قاراش، يېڭىلىقلىرى، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى، دۇنيانىڭ كېلىچىكى، ئالەمگە سەپەر... ۋە باشقىلار. بىلىم - ئادەملەرنىڭ ئىقتىدارىنى ئاچىدىغان، تەپەككۇرنى هەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ئېنېرگىيە، ئاددىي - ساددى ئاق كۆڭۈل يېزىلىقلار ئارىسىدا نەدىمۇ مۇنداق پاراڭلار بولسۇن.

مەن يېزىغا قايتقانلىقىمغا پۇشايمان قىلمايمەن. يۈرۈشكەن ئىگىلىك ئىشلىرى، باياشات تۇرمۇش، ساپ هاۋا... ساددا ئاق كۆڭۈل ئادەملەر، لېكىن كەم نەرسە......

1986 - يىل 6 - ئاي.

---

(بېشى 83 ـ بەتتە)

جامال: بۇ قېتىمقى رەسۋاچىلىقمۇ يېتىپ ئاشىدۇ.

مۇهەررىر: بۇ كېيىنكى هەقىقىي ئىرادىلىك كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدىغان گەپ ئەمەس؛ هەر قانداق ئىشنىڭ باشلىنىشى قىيىن بولىدۇ. مەن سىزنى گېزىتىمىزنىڭ ئاكتىپ بىر ئىختىيارىي مۇخبىرى بولۇشقا تەكلىپ قىلىش بىلەن بىر چاغدا سىزگە «ياشارغان يېزا» دېگەن تېمىدا بىر پارچە خەۋەر يېزىشنى تاپشۇرىمەن، خەير!
(كۆپچىلىك قول ئېلىشىپ خوشلىشىدۇ)

-42-

بىنامىلىق يېزىسى، كۈندۈز.

مۇسابوۋاي، گاهىت قاتارلىق دېھقانلار ئېتىزلارغا سۇ باشلىماقتا. سۇ ئېچىدىغان مايسىلارغا، سۇ كۆچەتلىك باغلارغا، سېمونت نوۋدىن كۆكتاتلارغا قۇيۇلماقتا، قىزغۇل بالىلار هويلا ۋە سىنىپ دېرىزىلىرىدىكى گۈللەرگە سۇ قۇيماقتا...... كۆرۈنۈش بارغانسېرى يىراقلىشىپ پۈتۈن يېزىنىڭ يېشىللىققا پۈركەنگەن ئومۇمىي مەنزىرىسى كۆرسىتىلىدۇ.

يۇقىرىقى كۆرۈنۈشلەر ئۈستىدە، گېزىت بېتى غۇۋا كۆرۈنۈپ ئاستا-ئاستا روشەنلىشىدۇ. هەم گېزىتنىڭ باش بېتىدىكى «ياشارغان يېزا» دېگەن تېما چوڭايتىپ كۆرسىتىلىدۇ.

1985 - يىل 15 - ماي.



# گۈلچى بوۋا

(ھېكايە)

**ھاجى ئەخمەت**

ئۆچىسىغا كونىراپ كەتكەن دوراپ پەلتو، بېشىغا بادام دوپپا كەيگەن ۋېجىككىنە بىر بوۋاي كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئىچىدە قىزىق ئويۇنغا بېرىلىپ كەتكەن باللار توپىدىن ئالدىنئالا مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ئىككى بالا تەڭلا ئايرىلىپ چىقتى-دە، بوۋايغا قاراپ كۆزقىسىشىۋالغاندىن كېيىن، ئالا ـ تاغىل ۋاقىراشقا باشلىدى:

— باداڭقوساق،
قاسماق قېرى،
ئاقساق – چولاق،
مايماق قېرى ...

بىر پۇتىنى ئاياپ دەسسەپ، قولتۇق تايىقى بىلەن ئاقساپ مېڭىۋاتقان بوۋاي ئۆز ئورنىدا توختاپ، ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئىككى بالىنىڭ ئۆزىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چىرايىدا بىر پەس ھەيرانلىق ئالامىتى ئەكس ئەتكەندىن كېيىن، نارازىلىق بىلەن نىمىلەرنىدۇر غۇدۇراپ، يەنە يولىنى داۋام قىلدى.

تاسادىپى باشلانغان بۇ ئويۇن قىزىق تۇيۇلدى بولغاي، توپ ئارىسىدىن يەنە بىر نەچچە بالا ئايرىلىپ چىقىپ، بۇ ئىككەيلەنگە قوشۇلدى. ئۇلار بايىقى قوشاقنىڭ سىرتىدا بوۋاينى ھاقارەتلەيدىغان يەنىمۇ باشقا سۆزلەرنى ئويلاپ تېپىپ، قالايمىقان ۋاقىراپ – جاقىراش بىلەن كوچىنى بېشىغا كەيدى.

بوۋاي ھەر قانچە ئېغىر - بېسىقلىق قىلىسىمۇ، مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان بۇ ھاقارەتلەرگە چىدىيالماي، ئۆسۈك قاشلىرى ئاستىدىكى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن قاپىقىغا چۆكۈپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى. شالاڭلاشقان چىشلىرى ئارىسىدىن چىقىرىپ تىترەك ئاۋاز بىلەن:

— بولدى قىلىش، ھوي نائىنساپلار، ھەر قايسىڭغا بوۋاڭ دېمەتلىك بىر ئادەمنى بو-

زەك قىلىشتىن باشقا ئىش تېپىلمامدۇ؟ — دەپ ۋاقىرىدى.

باللار چۆچۈپ، دۈررىدە ئارقىسىغا قېچىشتى. لېكىن بوۋاينىڭ ئاچچىقلاپ ئېيتقان سۆزى خۇددى ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك بىر ئىش بولغانىدى. ئۇ قولتۇق تايىقىنى توكۇلدۇتۇپ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، باللار تېخىمۇ ئەسەبىيلەشتى. قولاقنى يارغىدەك چۇقان سېلىپ يۈگۈرۈشۈپ، شېغىل — تاش، خىش پارچىسى، مېۋە شوپىكى قاتارلىق قولغا ئىلىنىشكەنلا نەرسىلەرنى بوۋايغا قارىتىپ ئېتىشقا باشلىدى. ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە، بوۋاينىڭ سەۋرى قاچىسى تاشتى:

— ھوي كىچىك لۈكچەكلەر، ھەر بىرىڭنىڭ دەستىدىن بۇ كوچىدا ئادەم مېڭىشقىمۇ بولمامدۇ؟! سەنلەرنى تاپقان ئاتاڭغا لەنەت!...

بوۋاي ئاچچىقىدىن لاغىلداپ تىترەپ، قولتۇق تايىقىغا يۆلەنگەن ھالدا مۆكچىيىپ تۇراتتى. تىنىق ئاسماندا ياڭرىغان گۈلدۈرمامىدەك «ئەسقەر!» دېگەن بىر ئاۋاز باللار ئارىسىدا جاراڭلاپ، ھەممىسى چۆچۈپ كېتىشتى. قارا سارجىدىن شىم-كاستيۇم كەيگەن، ئېگىز بويلۇق، سالاپەتلىك بىر كىشى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا قاراپ تۇراتتى. ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئاتاقلىق شائىر غولام سادىرنى كۆرگەن باللار ئوڭايسىزلانغانلىقىدىن ئۆزىنى قويۇشقا يەر تاپالماي، غىپپىدە تىكىۋېتىشتى. پەقەت بۇ ئويۇننىڭ تەشكىللىگۈچىسى بولغان ھېلىقى ئىككى باللىنىڭ بىرى — ئەسقەرلا ئۆز ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. غولام سادىرى كەپسىز ئوغلىنى قولىقىدىن تۇتۇپ، ئۆيگە ئېلىپ كەتتى.

قورقۇش ۋە نومۇس كۈچىدىن ئەس — ھوشىنى يوقاتقان ئەسقەر پەقەت ئاتىسى ياتىدىغان بۆلمىگە كىرگەندىلا كۆزىنى ئاچتى. ئاتىسى ئىش ئۈستىلىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى زىل — زىلىگە سالغان غەزەپ ئىترىكىنى بېسىۋېلىش مەقسىدىدە بىر پەس جىم تۇرۇۋالدى — دە، ئاندىن كېيىن بوغۇلۇپ — بوغۇلۇپ سۆزگە كىرىشتى:

— ھوي، نانقېپى ھارامزادە، سەن شۇنچىۋالا قېنىڭغا سىغماي كەتتىڭمۇ؟! ھوي، كىچىك لۈكچەك، سەن شۇنچىۋالا ئەسكىلىشىپ كەتتىڭمۇ؟! ھوي ۋىجدانسىز، تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكى مۈكچەيتكەن بىر قېرى ئادەمنى بوزەك قىلىشتىن ئۇيالمامسەن — ھە؟!...

غولام سادىرى ھاياجان ۋە قەھرى — غەزەپتىن بوغۇلۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. بىر قولى بىلەن كۆكسىنىڭ سول تەرىپىنى مەھكەم بېسىۋېلىپ، شىرە ئۈستىدىكى كورۇشكىنى قولىغا ئېلىپ، ئىچىدىكى چايدىن بىر نەچچە يۇتۇم ئوتلىدى.

ئاتىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەن ئەسقەر يەر يېرىلسا كىرىۋالغۇدەك ھالغا يەتكەن ئىدى. «ئاپلا، ئاتامنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قالمىغىدى!» دېگەن بىر خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدىن «لىپ» قىلىپ ئۆتتى. دەل شۇ پەيتتە ئۆيگە كىرىپ كەلگەن ئەسقەرنىڭ ئانىسى ئېرىنىڭ ھالىتىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى — دە، چاقماق تېزلىكىدە بېرىپ ئۇنى يۆلىۋالدى ۋە ئىككى تال دورا تابلېتكىسىنى ئېرىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ، چاي ئىچكۈزدى. غولام سادىرى بوشۇشۇپ، كەتكەن بەدىنىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، لەسسىدە ساپادا ئولتۇرۇپ قالدى.

ئەسقەرنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان قارا كۆزلىرى گاھ بېشىنى ساپانىڭ يۆلەنچىكىگە قو-

يۈپ، ئۆلۈكتەك ھەرىكەتسىز ياتقان ئاتىسىنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا، گاھ ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، كۆكرىكىنى سىلاۋاتقان ئانىسىنىڭ تىترەك باسقان قوللىرىغا تىكىلىپ، بىر پەس نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يۈگرەپ بارغان بويى بېشىنى ئۇنىڭ قۇچىغىدا قويۇپ: «ئاتا! ئاتا! ئاتا!» دېگىنىچە ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

— ھاي، يىغلىما بالام! — دېدى ئانا ئوغلىنى ئۆزىگە تارتىپ، — ئاتاڭنى بىر پەس ئارام ئالغىلى قويغىن...

قالايمىقانچىلىق يىللىرىدا تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلەر غولام سادىرنى يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار قىلىپ، مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. ئۆزىنىڭ پارلاق غايىسىگە ئىنتىلىپ، تىرىشچانلىقى ۋە بەدىئىي قابىلىيىتى بىلەن ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان بۇ قەيسەر ئىرادىلىك ياش ئوقۇتقۇچى بىر ئۇچۇم ھەسەتخور، قارا نىيەتلەرنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن بىر نەچچە يىل تۈرمىدە يېتىپمۇ، «ئاممىنىڭ نازارىتى» گە تاپشۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئىنسان بالىسى چىداپ تۇرغۇسىز قىيناش ۋە خورلاشلارنى باشتىن كەچۈرۈپمۇ زادىلا بوشاشماستىن، قەددىنى تىك تۇتۇپ يۈرگەن ئىدى. لېكىن ھەممىلا ئىش ئۆتۈپ، ئائىلە تۇرمۇشى خاتىرجەملىككە ئېرىشكەندە بۇ كاساپەت كېسەلنىڭ يېپىشقىنىنى قارىمامدىغان!... چاچ — ساقاللىرىغا بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا ئاق كىرىپ كەتكىنىگۇ مەيلى، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ مۇشۇنچىلىك بىر خاپىلىققىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي، يىقىلىپ ياتقىنىنى كۆرۈش تولىمۇ ئېچىنارلىق ئىدى.

ئەسقەرنىڭ يۈرىكىدە تۇنجى قېتىم ئاتىسىنىڭ كېسىلىدىن قايغۇرۇش، ئانىسىنى ئاياش ھېسسىياتى ئويغىنىپ، كىرپىكىدە ئېسىلىپ قالغان ياش تامچىلىرىنى قولى بىلەن سۈرتتى — دە، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ھويلىدىكى تال — باراڭلىق ئاستىغا قويۇلغان ئورۇندۇقتا ئىككى قولى بىلەن ئېڭىكىنى يۆلەپ، كۈن نۇرىدا جۇلالاپ تۇرغان گۈللەرگە قاراپ ئولتۇرغان ئەسقەرنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاقساپ ماڭىدىغان ھېلىقى بوۋاي بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىچىككىنە بىر ۋەقەنىڭ كۆرۈنۈشى تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى...

يازلىق تەتىلنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. ئەسقەر يېقىن ئاغىنىسى نىجات بىلەن خەلق باغچىسىغا كىرىپ، «سارغايدى» ئويناشتى. ئويۇندىن زېرىككەندىن كېيىن بولسا، باغنىڭ نېرىقى چېتىگە ئۆتۈپ، ھايۋاناتلار ۋە ئۇچار قۇشلارنى تاماشا قىلىشتى. قايتىشىدا باغچىنىڭ ئالدىدىكى گۈلزارلىقنى ئارىلاپ، گۈللەرنىڭ تۈرىنى ساناپ مېڭىشتى. پىيادىلار يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى بىر مەزگىل تومۇز كۈنلىرىنىڭ يالقۇنىدەك قىزىق ھارارىتىدىن سۇلاشقان گۈللەر كۈزنىڭ سالقىن ھاۋاسىنى ئالغاندىن كېيىن، يەنە قايتىدىن ياشناپ، كۆز چاقناتقىدەك گۈزەل رەڭ تۈزگەن ئىدى. ئۇزاقتىن — ئۇزاققىچە سوزۇلغان بۇ گۈلزارلاردا رەيھان، گۈلسىمەن، خان سەبدە، تاجىگۈل، چىمەنگۈل، ئالتۇنگۈل، مودەنگۈل، ئانارگۈل، پىچانگۈل، خېنىگۈل، نامازشامگۈلى... قاتارلىق گۈللەرنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى.

گۈللەرنىڭ خۇشپۇرىقىدىن ھوزۇرلىنىپ، گۈزەل رەڭگىدىن كۆز ئۈزەلمەي قالغان نىجات ئەتراپىغا ئالاق — جالاق بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، ماي پۇندەك چەبدەسلىك بىلە-

لەن سىم توساقتىن ئۆتۈپ، گۈللەر ئارىسىغا
شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى - دە، ھەش - پەش
دېگىچە گۈللەرنىڭ ئەڭ سەر خىللىرىدىن بىر
سىقىم ئۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭدىن بىر نەچچە
تالنى ئايرىپ، ھودۇقۇپ قالغان ئەسقەرنىڭ
قولىغا تۇتقازغاندىن كېيىن:

— كۆزۈڭنى پاقىرىتىپ قاراپ تۇرماي،
گۈللەرنى غاچچىدە قوينۇڭغا سال، بۇ يەردىن
تېزراق كېتىۋالايلى، - دېدى.

لېكىن ئۇلار قولىدىكى گۈللەرنى يوشۇرۇش-
قا ئۈلگۈرەلمىدى. ئارقا تەرەپتىن سوزۇلغان
بىر جۈپ قول كاپپىدە قىلىپ، ئىككەيلەننى
قولىغىدىن مەھكەم تۇتىۋالدى. قورقۇپ كەت-
كەن باللار ئەس - ھوشىنى يىغىۋالغاندىن
كېيىن، باغچىدا گۈللەرنى پەرۋىش قىلغۇچى
ئاچچىقى يامان قېرىنىڭ يەردىن ئۈنۈپ چىق-
قاندەكلا ئۆز يېنىدا پەيدا بولۇپ قالغانلىقى-
نى كۆرۈشتى.

— ھۆي، قاراقچىلار! - دېدى بوۋاي بال-
لارنىڭ قولىقىنى تېخىمۇ قاتتىقراق سوزۇپ، -
بۇنداق ئەسكى قىلىقنى نەدىن ئۆگىنىشتىڭ؟
كۆپ - كۈندۈزدە كىشىلەر كۆرۈپ قالارمۇ
دېمەي، يۇلۇكىڭنى قاپتەك قىلىپ، گۈللۈك-
نى چەيلەپ يۇلۇشكىنىڭ نېمىسى؟!

يېقىن ئەتراپتىلا ئانچە - مۇنچە كىشىلەر-
نىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشقىنىنى كۆرگەن بال-
لار خەخنىڭ ئالدىدا شەرمەندە بولۇشتىن
ئەنسىرەپ، بوۋايغا يالۋۇرغىلى باشلىدى:

— ئوبدان بوۋا، بۇ قېتىم بىزگە رەھىم
قىلىڭ! مۇندىن كېيىن ھەرگىز... .

— رەھىم قىلغۇدەكمەن تېخى! سەن بۇز-
غۇنچىلارنى بۈگۈن قويۇپ بەرمەيمەن . ئاتا -
ئانىلىرىڭ سەنلەرگە كېپىل بولۇپ ئېلىپ
كېتىشسۇن!

ھەر ئىككىلىسى قورقىنىدىن لاغىلداپ
تىترەپ كېتىشتى. بوۋاينىڭ ئۆزلىرىنى باغ-
چا تەرەپكە سۆرەپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن
نىجات بىر ئامال قىلىپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇ-
تۇلۇشنى ئويلىدى - دە، قولىغى بوشراق تۇ-
تۇلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىر ژۇلقۇ-
نۇش بىلەن ئۆزىنى بوۋاينىڭ قولىدىن ئاج-
رىتىۋالغاندىن كېيىن، بەدەر قاچتى.

— خەپ، قاچقۇنچى! - دېدى بوۋاي ئۇنى
ئارقىسىدىن خەپلەپ ۋە ھەممە ئاچچىقىنى
ئەسقەردىن چىقارماقچى بولغاندەك، ئۇنىڭغا
تېخىمۇ مەھكەم يېپىشتى. ئۇلار باغچىنىڭ
دەرۋازىسىغا يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. باغ-
چىغا كىرىپ چىقىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۆزى-
گە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەسقەر قۇلاق-
لىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى ۋە خورلۇق ھېس
قىلىپ، مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. بوۋاي-
نىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ قالدىمۇ، ھەر
ھالدا قەدىمىنى ئاستىلىتىپ:

— شىرنىڭ قېچىپ قۇتۇلدى، بىرلا سېنى
تۇتۇپ قالسامۇ ئۇنچىۋالا ئادىللىق بول-
ماس. خەير، بۇ قېتىم سېنى قويۇۋېتەي، ئىك-
كىنچى يەنە مۇشۇنداق قىلىدىغان بولساڭ،
قىلچە ئاياپ ئولتۇرمايمەن. چاققاق بىلەن راسا
ساۋايمەن! - دېدى.

ئەسقەر بۇ يەردىن ئانچە ئۇزاقلاشماستىنلا
نىجات ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگرەپ كەلدى:

— ھوي، سەنمۇ قاچتىڭمۇ؟ - دېدى ئۇ خو-
شاللىقىدىن ھودۇققان ھالدا، - سېنى ئۇ قې-
رى سولاپ قويمىغىدى، دەپ قورقۇپ تۇرات-
تىم. ياخشى قىپسەن، ئۇنداق مايماق قېرىغا
كىممۇ بوزەك بولىدۇ؟! خەپ، ئەمدى بىز-
نىڭ كوچىمىدىن بىر ئۆتۈپ باقسۇنچۇ قې-
نى، ئۇنىڭدىن ئۆچىمىزنى ئالمايدىغان
بولساق!...

بۈگۈن ئۆزىگە دۈچ كەلگەن بۇ كېلىش-

www.uyghurkitap.com



مەسىلىكتىن كۆڭلى غەشلىككە تولغان ئەسقەر دوستىغا بىر ئېغىزمۇ جاۋاپ قايتۇرماستىن، پەقەت بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق ئىپادىسىنى بىلدۈردى…

— ئەسقەر!

خىيال قايىنىمىدا ئۈزۈپ يۈرگەن ئەسقەر ئانىسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا ئۆزىگە كەلدى. ئانىسى ئۇنى تاشقارىقى ئۆيدە توختىتىۋېلىپ، يۈزلىرىنى مەڭزىگە يېقىپ تۇرۇپ، قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئوبدان بالام، داداڭ ئارانلا تۇرىدۇ، ئۇنى رەنجىتىدىغان قىلىقلارنى ھەرگىز قىلمىغىن ماقۇلمۇ؟ ئۇ سېنى چاقىرىۋاتىدۇ. ئالدىغا كىرىپ، گېپىنى ئاڭلاپ چىق، — دېدى.

ئەسقەر يۈرىكى پوكۇلدىغان ھالدا ئاتىسى تۇرغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاستا ئاچتى. غولام سادىرى ئالدىدا گۇناھكارلارچە بېشىنى ئېگىپ تۇرغان ئەسقەرگە بىردەم جىمغىنا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇدۇلدىكى ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ:

— ئولتۇر! — دېدى.

ئاتىسى ئىنتايىن تۆۋەن ئاۋازدا سۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەسقەرگە ۋاقىرىغاندەك تەسىر قىلدى. كاسىسىنى ئورۇندۇقنىڭ بىر پۇرجىكىگە ئارانلا قويدى — دە، كۆزلىرىنى ئاتىسىنىڭ نەزىرىدىن قاچۇرۇپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ يەرگە قارىۋالدى. ئۇنى ئاستىرتتىن كۆزىتىپ ئولتۇرغان غولام سادىرى يۈرىكىنىڭ بىر يېرى ئازراق ئېچىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بىلىنەر — بىلىنمەس خورسىنىپ قويدى. ھەرنىمە دېگەن بىلەن ئەسقەر يالغۇز ئوغۇل — دە! ئۇنىڭ مىجەزىدە بىرخىل تەبىئىي مۇڭايسىلىق بولۇپ، ھەدە — سىڭىللىرى بىلەن بەكمۇ ئىناق ئۆتەتتى. مەكتەپتىمۇ «ئەلاچى» لار قاتارىدا بولغاچقا، ئاتىسىنىڭ ئارزۇلۇق بالىسى ئىدى. ئۇنى ھازىر مۇشۇنداق ھالەتتە كۆرۈپ، ئاتا بولغان كىشى قانداق چىداپ تۇرالىسۇن!؟…

— سېنى بايىقىدەك بەتقىلىقلىق قىلار دەپ زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن، ماڭا راس گېپىڭنى ئېيتقىنا، بالام، بۇ قانداق ئىش؟

ئاتىسىنىڭ تەلەپپۇزىدىكى مۇلايىملىق ئەسقەرنىڭ تامىقىغا قاپلىشىپ تۇرغان قاتتىق بىر نەرسىنى ئېرىتىۋەتكەندەك بولدى — دە، بىر ئاز يېنىكلىشىپ، بايىقى ئويلىغانلىرىنى پۇشايمان ئارىلاش سۆزلەپ بەردى.

— مۇنداق دېگىن! — دېدى غولام سادىرى ئوغلىنىڭ سۆزى ئاياقلاشقاندىن كېيىن تەنە بىلەن، — گۈلچى بوۋاي ئاللىقاچان پېنسىيىگە چىققان بولسىمۇ، ئۆيىدە بىكار يېتىشنى خالىماي، تەر ئاقتۇزۇپ، ئەجىر قىلىپ، ئىستىراھەت مەيدانىغا گۈل تېرىيدۇ. سەن بولساڭ، بىكارچىلىقتىن پەيدا بولغان زېرىكىشىڭنى بېسىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تېرىغان گۈللىرىنى ئۈزۈپ قاچىسەن، شۇنداقمۇ؟ تېخى بۇ قىلمىقىڭمۇ يەتمىگەندەك «گۈلنى ئۈزمە!» دەپ ئازراق ئەدەپلەپ قويغىنى ئۈچۈن بىچارە بوۋاينى كوچىدا توسۇۋېلىپ بوزەك قىلىشىسەن، قارا، بۇ مۇتىھەملىكنى! — غولام سادىرى بىردەم نەپەسىنى راسلىۋالغاندىن كېيىن، خۇددى ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىۋاتقاندەك بىر ھالەتتە سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىرى تېنى ئاجىز بوۋاي، يەنە بىرى ياشلىق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ساغلام يىگىت. بىرى ئەڭ ئاخىرقى كۈچ — قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ، ھالال ئەمگىكى بىلەن گۈل تېرىپ ئۆستۈرىدۇ، شەھەرنىڭ مەنزىرىسىنى گۈزەللەشتۈرۈپ، كىشىلەرگە ھوزۇر بېغىشلايدۇ، جەمە-

ئىيەتكە بايلىق يارىتىدۇ. يەنە بىرى ئا-
ئىسى پۇشۇرۇپ قويغان تەييار تاماق بىلەن
قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ، قىلغىلى ئىش
تاپالماي زېرىكىپ، ئۆزىگە ئەمەك تېپىش
ئۈچۈن كىشىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى ئوغۇر-
لايدۇ. بىرى جامائەت بايلىقىنى ئاسراپ،
ئۇنى ۋەيران قىلغۇچىلارغا تەربىيە بېرىدۇ.
يەنە بىرى جەمئىيەت تەرتىۋىنى بۇزۇپ،
ئۆزىنى يامان ئىشتىن توسقان كىشىنى بو-
زەك قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماقچى بو-
لىدۇ. قارا، بۇ مۇتىھەم باتۇرنى!...

ئەسقەر يەنە بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىپ،
دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئاتىسىنىڭ
ھەر ئېغىز سۆزىنىڭ سالمىقى جىسمىغا باز-
غاندەك تېگىپ، ھەر ئېغىز سۆزىنىڭ ھارا-
رىتى ۋۇجۇدىنى نومۇس ئوتىدا ئۆرتەپ،
كۆڭلىنى بىئارام قىلاتتى.

غولام سادىرى كۆزىنى يىراق بىر نۇقتى-
غا تىكىپ، خۇددى بالىلارغا ھېكايە سۆز-
لەپ، بېرىۋاتقاندەك بىر خىل تەلەپپۇزدا
سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەگەر گۈلچى بوۋاينىڭ قانداق ئادەم
ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ نېمىشقا ئاقساق بو-
لۇپ قالغانلىقىنى بىلگىنىڭدە، ئۇنى ھاقا-
رەتلەپ - ئازار بېرىشكە پېتىنالمىغان بو-
لاتتىڭ. ئۇ شەھىرىمىزدە ھەممە كىشى-
نىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئادەم.
ئۇستا باغۋەن، داڭلىق گۈل ئۆستۈرۈش ما-
ھىرى، تەجرىبىگە باي ئۆسۈملۈكشۇناس. ئۇ
ياشلىق چاغلىرىدا ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق
قىلىپ، باغۋەنچىلىك، گۈلچىلىك ھۈنىرىگە
تايىنىپ تۇرمۇش كۆچۈرگەن. ئازادلىقتىن
كېيىن، شەھىرىمىزدە بەرپا قىلىنغان خەلق
باغچىسىمۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى گۈلزارلىقمۇ
ئەنە شۇ كىشىنىڭ قولى بىلەن بۈگۈنكىدەك
گۈزەل مەنزىرە پەيدا قىلغان. تەبىئەتنى
سۆيۈش، گۈزەللىكنى سۆيۈش — ئىنساننىڭ
ئەڭ ياخشى خىسلەتلىرىدىن بىرى. بوۋاي گۈ-
زەللىكنى سۆيگەچكە، ئۆز قولى بىلەن گۈزەل-
لىك يارىتالىغان. لېكىن ھېلىقى قالايمىقان-
چىلىق يىللىرىدا گۈلچى بوۋايمۇ كۆپلىگەن
ئاقكۆڭۈل، ۋىجدانلىق كىشىلەرگە ئوخشاشلا
ئازاپ - ئوقۇبەتكە گىرىپتار بولدى. گۈلگە-
گۈزەللىككە بولغان مېھرى - مۇھەببىتى ئۇنى
جېنىدىن ئايرىشقا تاسلا قالدى. «تۆت كونى-
نى يوقىتىش» شوئارى ئاستىدا كوچىمۇ-كو-
چا، ئۆيمۇ - ئۆي قېدىرىپ يۈرۈپ بۇلاڭ-
تالاڭ قىلىش، بۇزۇپ - چېقىش بىلەن شۇغۇل-
لانغۇچى «ئىسيانچى» لارنىڭ شۇم قەدىمى ئا-
خىرى بوۋاي تۇرۇشلۇق ئورۇنغىمۇ يېتىپ كەل-
دى. ئۇلار باغچىغا باستۇرۇپ كىرىش بى-
لەنلا «تۆت كونىنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇ-
تىمىز!» دەپ ئالا - تاغىل ۋاقىرىشىپ، ئۇ-
دۇل بارغانلىرىچە بوۋاينىڭ گۈللىرىگە يې-
پىشتى. ئۇلار توز قانىتىدەك جۇلالاپ تۇرغان
گۈلزارلىقنى چەيلەپ، چوڭ - كىچىك يام-
قاچىلاردا ئېچىلىپ تۇرغان ئەڭ ئەتىۋارلىق
گۈللەرنى يۇلۇپ، يام-قاچىلارنى يەرگە ئۇرۇپ-
دەسسەپ چېقىشاتتى. «ئىسيانچى» باتۇرلارنىڭ
بۇ قىلىقىنى كۆرگەن بوۋاي ھەر قانچە قىلىپ-
مۇ ئۆزىنى باسالمىدى.

— ھوي، بالىلىرىم، ئىنساپ قىلىڭلار، ئىن-
ساپ!— دەپ ۋاقىرىدى ئۇ چىنە يامداھەممى-
دىن گۈزەلرەك ئېچىلىپ تۇرغان مودەن گۈلنى
قولىغا ئېلىۋېلىپ،— بۇ گۈللەردە نېمە گۇ-
نا؟ بۇ قىلىقلىرىڭلار ئادەم بالىسىنىڭ قىلى-
دىغان قىلىقى ئەمەس!...

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ جېنى سېسىپ قالغان
قاقباش قېرى؟!— دەپ گۈكىرىدى ھېلىقى
«ئىسيانچى» لارنىڭ بىرى بوۋاينى ياقىسىدىن

بوغۇپ، ئەگەر بىز پۈرولېتارىيات ئىسيانـ
چىلىرىغا تىل تەككۈزۈشكە پېتىنـ
دىغان بولساق، ئىت كالىلاگىنى
يەنجىپ تاشلايمىز!...

بىر نەچچىسى بوۋايغا تەگلا يېپىشتى. لېـ
كىن ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ قولىدىكى
يامىنى تارتىپ ئالالمىدى. بوۋاي خۇددى ئۆز
بالىسىنى ئاسرىغاندەك، گۈل يامىنى مەھكەم
قۇچاقلىۋېلىپ، ئۆزىگە ئېسىلغانلار بىلەن
تېرىكىشىۋاتاتتى. «ئىسيانچى» لارنىڭ بىر
كاتتىۋېشى:

ــ تۇتە، ئاۋۇ قېرى جىن ـ شەيتاننى،
ئۇنى قولىدىكى قارا مېلى بىلەن قوشۇپ،
پەسكە تاشلا! ـ دەپ ۋاقىرىدى.

پەستىكىلەردىن بىر نەچچىسى بوۋاي تۇر-
غان سۇپا ئۈستىگە يۈگۈرەپ چىقىشتى.
بىر نەچچىسى ئۇنىڭ قولىدىن، بىر نەچچىسى
پۇتىدىن تۇتۇپ تەگنە قازان قىلىپ، يامىدىـ
كى گۈل بىلەن قوشۇپ سىمونىت يولغا ئۇلاقـ
تۇرۇپ تاشلىدى. بوۋاينىڭ بىر پۇتى «غاراس»
سىدە قىلىپ قالدى ـ دە، بېشى يەرـ
گە قاتتىق ئۇرۇلۇپ ھوشىدىن كەتتى. چېقىلـ
غان يامىدىكى گۈل بولسا، ئۆزىنى پەرۋىشلەپ
ئۆستۈرگۈچىنىڭ چېكىسىدىن سىرغىپ ئېقىـ
ۋاتقان قىزىل قېنى بىلەن بويۇلۇپ، رەڭگى
تېخىمۇ جۇلالاش بىلەن ئۆزىنىڭ ئاخىرقى نەـ
پەستىكى گۈزەللىكىنى نامايەن قىلماقتا
ئىدى...

غولام سادىرى ئۆزىنىڭ بارغانـ
سېرى پەسلەپ كېتىۋاتقان ئاۋازىغا قۇلاق
سالغاندەك بىر پەس جىم بولۇپ، ئاستا ـ ئاسـ
تا كۆزلىرىنى يۇمدى. ئۇنى سۆزدىنىمۇ كۆرە
ھاياجانلىنىش كۆپرەك چارچىتىپ قويـ
غانىدى.

ئاتىسىنىڭ گۈلچى بوۋاي توغرىسىدىكي
ھىكايىسىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىڭشاپ
ئولتۇرغان ئەسقەر ئىختىيارسىز « ئۇھ » تارـ
تىۋەتتى.

ــ بوۋاي كوچىدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭغا
سالام بېرىپ، ئەپۇ سورىغىن، ماقۇلما؟
ــ ماقۇل، دادا!

ئەسقەرنىڭ سۆزى سەممىيەت ۋە تولۇپـ
تاشقان ئىشەنچ بىلەن جاراڭلىدى.
ئاتىسىنىڭ چىقىپ كەتسەك بولىدۇ، دېـ
گەن مەنىدە قىلغان ئىشارىتىدىن كېيىن،
ئۆزىدە بىر خىل يەڭگىللىك سېزىپ، ئاستا
ئورنىدىن قوزغالدى.

شۇ ئاخشىمى ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ
ياتقان ئەسقەر كۆزى ئۇيقىغا ئىلىنىشى
بىلەنلا چۈش كۆردى. ئۇ پايانسىز
گۈللەر دېڭىزى ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرگەندەك. گۈلـ
زارلىقنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە بىر
مەيداندا رەڭمۇرەڭ گۈللەردىن ياسالغان چۆـ
شەك ئۈستىدە خۇددى چۆچەكلەردە ئېيتىلغان
خىزىرغا ئوخشاش ئاپپاق كېيىنگەن ئاق ساـ
قال بىر بوۋاي ياتقۇدەك. ئەسقەر سىنچىلاپ
قارىغۇدەك بولسا، بۇ ھېلىقى گۈلچى بوۋاي
ئىكەن. توپ ـ توپ كېپىنەكلەر بىر دەم بوـ
ۋاينىڭ ئەتراپىدىكى گۈللەرگە، بىر دەم بوۋا يېـ
نىڭ باش ـ كۆزلىرىگە قونۇپ يۈرسىمۇ ئۇنىڭ
مىدىرلىماي ياتقىنىغا قاراپ « «ئىسيانـ
چىلار» نىڭ ۋەھشىيانە ئازاپلىشى بىلەن
مەجرۇھلانغان گۈلچى بوۋاي ئاخىرى كېسەل
ئازاۋىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ » دەپ
ئويلىغان ئەسقەر ئېچىنىش ھەم ۋەھىمە ئىچىدە
ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتكىدەك......

ئەسقەر ئۆز ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ
كەتكەندىن كېيىنمۇ بىر ھازا غەمچە ئىسەدەشـ
تىن توختىمىدى ۋە «گۈلچى بوۋاي راستىنلا
كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانمىدۇ؟» دېگەن ئەنـ

دىشە ئارىلاشقان چالا ئۇيقۇلۇق ئىچىدە تاڭ ئاتقۇزدى. كېيىنىپ ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن «تەبىئەت» دەرسلىكىنى قولىغا ئالدى-دە، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، دەرسنى تەكرارلىغاچ بوۋاينىڭ كوچىدىن ئۆتۈشىنى كۈتۈشكە باشلىدى. ھايال ئۆتمەيلا جىم-جىت كوچا ئاۋاتلىشىپ، كىشىلەر ئۇياقتىن-بۇياققا ئۆتۈشكىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەسقەر تونۇيدىغان كىشىلەرمۇ، ئۇ تونىمايدىغان كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئەتىگەندە ئىشقا بارىدىغانلار ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن بارا-بارا ئۆتكۈنچىلەر سىيرىكلىشىشكە باشلىدى. لېكىن گۈلچى بوۋايدىن خەۋەر يوق ئىدى. كوچىنىڭ دوقمۇشىدىن بىرەر كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈنسىلا «شۇمىدۇ؟» دەپ ئۇ كىشىنىڭ تېزراق ئالدىغا يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن ئەسقەر ئۆز ئۈمىدىنىڭ يوققا چىقىشى بىلەن ئاخىرى ئۈمىدسىزلىنىپ، لاسىدە بوشۇشۇپ كېتەتتى. لېكىن شۇنداقتىمۇ پۈتۈن بىر كۈننى ئىشىك ئالدىدا بوۋاينى كۈتۈش بىلەن ئۆتكۈزدى. كەچقۇرۇن ئىشتىن چۈشكەن كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرسىمۇ ئۆتۈپ بولۇپ، ئەسقەرنىڭ سەۋرى تاقىتى تۈگەي دەپ قالغاندا، يىراقتىن ھاسا-تاياق بىلەن كېلىۋاتقان بىر كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى.

— شۇ، چوقۇم شۇ! — دېدى ئەسقەر ئۈنلۈك ئاۋازدا كۆڭلىدىكى خۇشاللىقىنى باسالماستىن. ئۇ دەسلەپ بوۋاينىڭ ئالدىغا يۈگۈرەپ بارماقچى بولغان ئىدى، كېيىن «ئۇنىڭ ئالدىغا كىچىك بالىدەك يۈگۈرەپ بارسام "ئۈنۈگۈنكىدەك يەنە مېنى بوزەك قىلغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ"، دەپ، ئارىدا ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قالمىسۇن»، دېگەننى ئويلاپ ئۆزىنى تۇتىۋالدى ۋە بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ھودۇقۇش كەيپىياتى ئىچىدە بوۋاينىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈشكە باشلىدى.

ئارىدىن بىر نەچچە مىنۇت ئۆتتى. ئىككەيلەننىڭ ئارىلىقى ئۇدۇللاشتى. ئەسقەر پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ، جاراڭلىق ۋە تىترەك ئاۋاز بىلەن:



— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بوۋا! — دېدى.

قەدەملىرىنى ئېغىر يۆتكەپ، ئۆز خىياللىرى بىلەن مۇكچىيىپ كېتىپ بارغان بوۋاي چۆچۈپ بېشىنى كۆتەردى — دە، مېڭىشتىن توختاپ، ئالدى — ئارقىسىغا سىنچىلاپ قارىدى. ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ئازراق ئېگىلگەن ھالدا كۈلۈمسىرەپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان بالىنى كۆرگەندىن كېيىن، ھەيرانلىق ئىچىدە تىكىرقاپ قالدى. بارا- بارا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرەپ، بالىنىڭ سالامىغا جاۋاپ ياندۇردى:

— ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام!... ئوغلۇم، كىمنىڭ پەرزەنتى بولىسەن؟ بەكمۇ ئەدەپلىك يىگىت بولۇپسەن، خۇدايىم مۇرادىڭغا يەتكۈزسۇن!...

(ئاخىرى 9-بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تاغلىقلار



(پوۋېست) ①

**ئەخمەت مۇساق**

5

ئىككى ياقىسىغا قەۋەت - قەۋەت ئىمارەتلەر سېلىنغان شەھەر رەستىسىدىن چىقىپ، سەيلىكلەرنى بويلاپ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، شېغىللىق يول ئۈچ تەرەپكە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئوتتۇردىكى يولنى تاللاپ، كۈن پېتىشتىكى ئاسمانغا تاقاشقان قارلىق چوققىلارنى كۆزلەپ ماڭسىڭىز، كەڭرى سايدا بىردەم تارىيىپ، بىردەم كېڭىيىپ بارىدىغان، ئەگرى - بۈگرى يول دەريا ئېقىنىنى بويلاپ تاغ ئىچكىرىسىگە كىرگەندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا ئۆرلەپ، ئاخىرىدا تۇمانلار ئارىسىدا غايىپ بولىدۇ. كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئەشۇ داۋانلاردا «ئېشەك يولى»، «تۆگە يولى»، «قوتاز يولى» دېيىلىدىغان چىغىر يوللار بىلەن ئاۋغان، ئەنجان يەرلىرىگە چىققىلى بولىدىكەن. تارىخچىلارنىڭ يېزىشىچە، بۇ يول بىر چاغلاردا جۇڭگونىڭ ئىچكىرى جايلىرىدىن چىقىپ، ياۋروپاغا بارىدىغان «يىپەك يولى» نىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، قەدىمى تۇران زىمىنىنىڭ مەركىزي يەكەندىن چىقىپ، زەرەپشان دەرياسىدىن ئۆتۈپلا، پوس-

① بېشى ئۆتكەنساندا

كام تەۋەسىدە غەرپكە بۇرۇلۇپ، دەريا ئېقىمىنىڭ بېشىغا قاراپ مېڭىپ، سېرىق-قوڭۇر ئارقىلىق مۇز تاغدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كەشمىر — ئاۋغان زېمىنلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىغا ۋە ئىسلام دىنىنىڭ كەلبىسى دەپ ئاتالغان مەككە — مەدىنىلەرگە بارىدىكەن. شۇڭا ئۆز ۋاقتىدا بۇ يولدىن سودىگەرلەر، كاۋاپچىلار، سەييياھلار ... تىنىماي ئۆتۈپ تۇرغانلىقتىن، سودا، مۇلازىمەت ئىشلىرى خېلى تەرەققىي تاپقان ئىكەن. سەئىد خاندانلىقىنىڭ پادىشاھلىرى مۇشۇ يولنى بويلاپ يىراققا يۈرۈش قىلغان، يېڭى زېمىنلەرنى كۆزدىن كۆچۈرگەن، بۇ يولنىڭ ھەر بىر دوقمۇشى، ھەر بىر سايلىرىنىڭمۇ كۆپلىگەن جەڭگە — جىدەللەر ۋە خاتىرىلەشكە ئەرزىگىدەك ۋەقەلىكلەر بىلەن تولغان تارىخىي ھازىرغىچە ئەل ئاغزىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. يول بويلىرىدا ئۇچرايدىغان «شەھىتلىك» دېيىلگەن مازارلار، «خانلەڭگىرى»، «خانكۆل» دېيىلگەن خارابىلار بىلەن ئۆڭكۈرلەردىكى كۆللەر بۇ تارىخنىڭ گۇۋاچىسى سۈپىتىدە ساقلانماقتا.

زامانلارنىڭ ئۆزگىرىشى، دۆلەت چېگرىلىرىنىڭ بەلگىلىنىشى سەۋەبلىك، بۇ يوللار ئىلگىرىكى ئەھمىيىتىنى يوقاتقان. بولۇپمۇ زامانىۋى قاتناش قوراللىرى بارلىققا كەلگەن بۈگۈنكى كۈندە، كارۋانلارنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازلىرى كىيىك — مارالـلارنى چۆچۈتمەيدۇ. لېكىن، چوققىلار بولسا ئۇنى چۈشىدىكىدەك ئەسلەپ تۇرۇشى چوقۇم.

ھازىر بۇ يولدىن تاغ — ئىچكىرىسىگە كۆمۈر ياكى ياغاچ توشۇيدىغان تىراكتورلار بىلەن تاغ ئىچىدىن بازارغا كېلىدىغان تاغلىقلارلا ماڭىدۇ. ئەپسۇسكى، بۈگۈن بازار كۈنى بولمىغاچقا، تاغ ئىچىدىن بازارغا كېلىدىغانلار يوق. نېمىشقىدۇ تاغ ئىچىگە بارىدىغان ماشىنا — تىراكتورلارمۇ كۆرۈنمەيدۇ. پەقەت كەڭرى سايىنىڭ يالغۇز خوجايىنى بولغان قولا ئاتلار قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپ، كۆكۈيۈنلەرنى قوغلىغىنىچە بىر خىل يورغىلاپ، پىشقىرىپ كەلمەكتە. ھارۋىدا يېنى يېتىۋالغان قادىر تاغلىقلارنىڭ بىر قەدىمىي ناخشىسىنى غىڭشىپ ئېيتماقتا.

ئاتنىڭ تۇيۇقسىزلا توختاپ قېلىشىدىن قادىرنىڭ ناخشىسى ئۈزۈلدى. ئۇ ئەمدىلا قامچىسىنى شىلتاي دېيىشىگە، يول بويىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان بىر كىشىگە كۆزى چۈشۈپ، قولى ھاۋادا ئېسىلىپ قالدى. سەل — پەل ئاق ئارىلاشقان بېشىغا چىمەندوپپا كىيىۋالغان، ئېگىز بويىغا سارجا كىيىمى چىپپىدە كەلگەن تەمبەل ئادەمنى كۆرگەن قادىر ئۇنى كۆمۈر كانىغا ياكى قوشتاغ يېزىسىغا بارىدىغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدى.

— ئۇكام، قاقشا تاغ تەرەپكە بارامسەن؟ — دېدى ھېلىقى كىشى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى قولا ئاتتىن ئۈزمەي.

— شۇنداق، — قادىر قامچىسىنى چۈشۈردى.

— ھارۋاڭنى كىرا قىلىۋالسام بولامدۇ؟

ناتونۇش يولۇچى سىرتىمىسى ئېچىلىپ كېتەي دەپ قالغان ئىككى سومكىسىنى خېلى تەستە يەردىن ئېلىپ، ھارۋا تەرەپكە كەلدى.

— نېمە؟ — قادىر ئەزەلدىن ھارۋىسىنى كىرا قىلىپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭ گېپىنى دەماللىققا ئاڭقىرالمىدى.

— مەنمۇ قاقشا تاغ تەرەپكە باراتتىم، ھارۋاڭغا چىقىرىۋالغىن، قانچە پۇل دېسەڭ بېرەي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«ھەي، شەھەرلىكلەر نىزە، ئاجايىپ خەق-
تە. ئاغزىدىن پۇلدىن باشقا گەپچىقمامدى-
غاندۇ!» قادىر كىيتشۇەرگەنمۇ بولاتتى. بىراق
بۇنداق ئۇزۇن يول، دىمىق كۇندە بىرەرئا-
دەمنىڭ ھەمرا بولغىنىمۇ ياخشى. قادىر گەپ
قىلماستىن، ھېلىقى كىشىنىڭ سومكىلىرىنى
ھارۋىغا ئېلىشىپ بەردى. ئىككىسى جايلىشىپ
ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قولا ئات يەنەبىر
خىل يورغىلاشقا باشلىدى.

— ئۇكا، تاغلىق ئوخشىمامسەن؟- دېدى
ناتونۇش يولۇچى قويندىن پاپروس ئېلىپ
قادىرغا تەڭلەپ، ئاغزىغا سالغىنىچە.

قادىرنىڭ راسا ئاچچىقى كەلدى، ئۇ شە-
ھەرلىكلەر تۇگۇل 20 نەچچە كىلومېتر يې-
راقلىقتىكى قوشتاغ بازىرىدىكىلەرنىڭمۇ تاغ-
لىقلارنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.
شۇ سەۋەپتىن ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ-
نىڭ 1 - يىللىقىنى ئوقۇپلا، قايتىدىن بار -
ماي قويغان. ئەمدى ماۋۇ ئادەممۇ « تاغ -
لىق، تاغلىق» دەپ يۈرىدۇ - يا؟ تاغلىق
بولسام نىمە بوپتۇ؟ يانچۇغۇمدا پۇلۇم، ئات،
ھارۋام بار، سەن شەھەرلىكمۇ شۇنچىلىك پۇل
بولمىسا، سومۇ ئىچەلمەيسەن!
سومكاڭدا دومبىيىپ تۇرغىنى يا كۇدە، يا
بەسەيدۇ تايىنلىق...» قادىر بۇ قوساق ئاچ-
چىقىنى قامچىغا توپلاپ بىرلاشىلتىۋىدى، ئات-
نىڭ تۇيۇقسىز چاپچىشىدىن، ھېلىقى شەھەر-
لىك ھارۋىدىن يىقىلىپ چۆشكىلى تاس قال-
دى. دەردى چىقىپ، كۆلكىسى قىستاپ كەت -
كەن قادىر ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماستىن، ئات-
نى قامچىلاۋەردى.

— ئۇكا، بۇنداق ھەيدىسەڭ، ئاتنى كار-
دىن چىقىرىسەن،- دېدى ھېلىقى يولۇچى قاي-
تىدىن جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن،-
تاغلىقلاردا «ئات-ئوغۇل بالىنىڭ قانىتى »
دېگەن گەپ بار، قانىتىڭ سۇنسا پەرۋازقى-
لالامسەن؟

— ئات ئۆزەمنىڭ، قانداق ھەيدىگۈم كەل-
سە شۇنداق ھەيدەيمەن،- دېدى قادىر مۇخۇد-
دى ئاتقا مىنىپ باققاندەك سۆزلەۋاتقان شە-
ھەرلىكنىڭ ئالدىدا بوش كەلگۈسى كەلمەي.

— شۇڭا دەيمىنا، ئۆزەڭنىڭكىنى تېخىمۇ
ئايىساڭ بولىدۇ، ئۇكا ھەقاچان ئاتقا ئەمدىلا
ئېرىشكەنسىلەر!؟

خىجىللىقتىن قۇلاقلىرىغىچە قىزىد -
رىپ كەتكەن قادىر بەدەنلىرىدىن
سۇ ئېقىشقا باشلىغان ئاتنى ئۆزمېڭىشىغا قو-
يۇپ بەردى.

— ماۋۇ شەھىتلىقنۇ دەيمەن؟-دەپ سورى-
دى ھېلىقى يولۇچى ھەر خىل تۇغ-ئەلەملەر
قادىلىپ، قوچقار مۈڭگۈزلىرى ئېسىلغان خا-
رابە گۈمبەزنى كۆرسىتىپ.

— بىلىدىكەنلا- ھە؟

— بىلىمەن، ئۇكا، ئۇنى قانداقمۇ ئۇنۇ-
تۇپ قالغىلى بولىدۇ؟

يولۇچى ئاستا ھارۋىغا قىشيىپ ياتتى.شى-
شىدەك سۈزۈك ئاسمان گۈمبىزى ئاستىدا بىر
بۈركۈت پەرۋاز قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ خى-
ياللىرىمۇ ئۆتمۈش خاتىرىسىنىڭ پايانسىز
ئاسمىنىنى ئەگىشكە باشلىدى.

6

1943-يىلىنىڭ ياز ئايلىرى، قادىرۇپ مۇشۇ
ھارۋىكەش بالىدەك بولسا كېرەك.جاللات شىڭ-
شىسەي گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوي-
نىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، ھەر مىللەت
خەلقى شىنجاڭ تارىخىدا ئەڭزۇلمەتلىك قاراڭ-
غۇدەۋرنى بېشىدىن كەچۈردى.گومىنداڭچىرىك-
لىرى تۇگۇل، دوغا - يايىلىرىمۇ پۇقرالارغا
ئۆششۇك ھەرىسىدەك تېگەتتى. ئۇرۇش، بۇلاش،

ئۆلتۈرۈش، سولاش ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى. ئالۋاڭ-ياساقنىڭ تولىلىقىدىن خەلقنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالدى. قايسىدۇر بىر ئەدىپ ئېيتقان «تۆت تامنىڭ ئىچى كىچىك تۈرمە، سىرتى چوڭ تۈرمە» دېگەن سۆزلەر دەل شۇ دەۋرنىڭ تەسۋىرى ئىدى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قورچاق شىيەنجېڭفۇنىڭ بىر قانچە دوغىسى ئالۋاڭ يىغىش ئۈچۈن قاقشال تاغ كەنتىگە كېلىپ، كەنت ئاقساقىلى سەپەر ھاجىنىڭ ھويلىسىغا چۈشتى. بۇ ھايۋانلارنىڭ مۆمىن تاغ خەلقىنى قاقشاتقانلىقى يەتمىگەندەك، مەشرەپ قىلىش نامى بىلەن قىز-چوكانلارنى سەپەر ھاجىنىڭ ئېگىز تاملىق ھويلىسىغا ئەپكىرىۋېلىپ، خالىغانچە دەپسەندە قىلىشى، تاغلىقلارنىڭ چەكسىز غەزىپىنى قوزغىدى. ئۇلارنىڭ قايسىبىر قىزغا كۆزى چۈشۈپ قالسا، سەپەر ھاجىنىڭ غالچىلىرى بىر بەلباغ بىلەن بىر پىچاقنى كۆتىرىپ كېلىپ، شۇنىڭغا نىكاھ ئوقۇتۇپلا، مەسۇمە قىزنى زورلاپ ئەپكېتىشەتتى. زەرەپشان بۇلغىنىپ، قان-يىرىڭ ئاقتى. خورلۇققا چىدىماي، ئۆزلىرىنى دەرياغا تاشلىغان مەسۇملارنىڭ جەسەتلىرىدىن ئېقىن توسىلىپ، دەريانى قىنىدىن چىقاردى.

بىر كۈنى، بۇ ھايۋانلار قادىرنىڭ تۇل ئانىسىنى قورقىتىپ، ئۇنىڭ ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن سىڭلىسىنى ئېلىپ كەتتى. سەپەر ھاجىنىڭ قويلىرىنى بېقىپ، تاغدىن كەچ قايتقان قادىر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا، پالتىسىنى كۆتەرگىنىچە ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. ئوغلىنى توسيالمىغان بىچارە ئانا مەھەللىدىكىلەرنى ياردەمگە چاقىرغىنىدا، غەزەپتىن ئاران تۇرغان تاغلىقلار قوزغىلىپ كېتىشتى. غەزەپلەنگەن خەلق سەپەر ھاجىنىڭ دەرۋازىسىنى بۇزۇپ، دەۋرەپ كىرىشتى. دەسلەپتە ئۇلار ھېلىقى ھايۋانلارنى قوغلىۋېتىپ، خوتۇن-قىزلارنى قۇتۇلدۇرۇپلا ئىشنى يۇغۇشتۇرۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن، شىردەك ئېتىلىپ كەلگەن قادىر، سىڭلىسىغا يېپىشىۋالغان ئەبلەخنى پالتا بىلەن بىر قويۇپلا ئىككى پارچە قىلىۋەتكەندىن كېيىن، «بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى كەلسە شۇنى كۆرەمىز» دەپ ئويلىغان تاغلىقلار غالچىلارنى، ھەتتا سەپەر ھاجىنىڭ ئائىلە-تاۋاباتلىرىنىمۇ تاپقان يېرىدە ئۇرۇپ-سوقتى، پەقەت سەپەر ھاجى بىلەن ئوغلى سادىق ھاجىلار قاچاندۇر بىر چاغلاردا قۇتۇلۇپ كېتىشكەنىدى.

قېنى قىزىپ تۇرغان ياشلار تەرەپ-تەرەپتىن سەپەر ھاجى ئاتا-بالىسىنى ئىزدەۋاتقاندا، مويسىپىتلار ھەققەتەنمۇ ئىشنىڭ يوغىناپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشىپ، مەسلىھەت تۈزۈشتى. ئەگەر سەپەر ھاجى ئاتا-بالا قېچىپ بېرىپ، بۇ ئىشنى ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلسا، ئۆزلىرىنىڭ بۇ بالادىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلگەن تاغلىقلار قادىر، تۇردى قاتارلىق بىر قىسىم ياشلارنىڭ سەپەر ھاجىنىڭ ئېتىغا مىنىپ، سەپەر ھاجىنى ۋە بالىسى سادىق ھاجىنى تۇتۇپ كېلىشنى قارار قىلىشتى. قادىرلار يولدا بۇلارنى ئۇچرىتالماي، ناھىيە سېپىلىنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىن بىر ياردا ئاڭلىقتا مۆكۈندى.

دېگەندەك، كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە، بىر ئېشەككە يايتاق مىنىۋالغان سەپەر ھاجى دەريا ئېقىنى تەرىپىدىن كېلىپ، شەھەرگە قاراپ مېڭىشىغا، تۇردى ئۇنى قامالاپلا ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ، تاغ تەرەپكە چاپتى. نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالغان چېرىكلەر، ئۇلار خېلى ئۇزاپ كەتكەندىن كې-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
Altunoq



يىنلا، سىپىلدىن قارىشىغا ئوق ئېتىشقا باشـ
لىدى. شۇ ئالدىراشچىلىقتا ئۇلار سەپەر هاـ
جىتىنىڭ كەينىدىنلا كېلىپ، تاشنىڭ ئارقىسىغا
مۆكۈنىۋالغان سادىقنى كۆرمەي قېلىشتى.

سادىق ئارقىلىق بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان
ناھىيىلىك قورچاق هۆكۈمەت ئەتىسىلا بىر
ۋزۋۇت چېرىكنى ئەۋەتتى. بىراق، تاغلىقلار
ئـاللىقاچانـلا هېلىقى قـاكشانىڭ ئۈستىگە
تاشلارنى دۆۋىلەپ، ئوۋ مىلتىقى، بەردەڭگە،
قىلىچ، نەيزە، ئوقيا···لار بىلەن قوراللىنىپ،
سەپراس تۇرغانلىقتىن، تاش ـ بـوران ئىـ
چىدە قالغان چېرىكلەرنـىڭ بىـر مۇنچىسـى
مىلـتىقىنـى ئېـلىشقىمۇ ئـۈلگىرەلمەستىن،
جېنىدىن جۇدا بولدى. ئازغىنا بىر قىسـمى
ئۆزىنى دەرياغا ئېتىپ، بېلىقلارغا يەم بولـ
دى. كېيىن روتىلاپ كەلگەن چېرىكلـەر بىر
مۇنچە تالاپەت هېسابىغا كەنتكە بېسىپ كىـ
رىپ، تاققا چىقىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن
قېرىلار ۋە باللارنى، شۇ قاتاردا قادىرنىڭ
ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنى ئۆلتـۈرۈپ، ئۆيـ
لەرنى كۆيدۈرۈپ تـاشلاشتى. گومىنداڭنىـڭ
ناھىيىلىك قورچاق هۆكۈمىتى ھەممىلا يەرگە
ئېلان چاپلاپ قادىر، تۇردىلارنى تۇتۇپ بەرـ
گەنلەر ياكى بېشىنى ئېلىپ كەلگەنلەرگە كۆپ
ئىنئام بېرىلىدىغانلىقىنى جاكالاپ، تاغ يوـ
لىنى قامال قىلىپ، تەرەپ ـ تەرەپكـە توـ
ساق ـ چازىلارنى ئورنىتىشتى. لېكىـن، ئانا
تاغ ئۇلارنى قوينىغا ئالدى. قادىـرلار قاتـ
مۇ ـ قات تاغ، ئورمانلار ئىچىدە گاھ كۆرۈـ
نۈپ، گاھ كۆرۈنمەي گومىنداڭچېرىكلىرىنىڭ
يۈرىكىنى مۇجۇپ، جەڭنى داۋاملاشتۇردى.

1945 ـ يىلىنىڭ ياز ئـايلىرىدا ئـۇلارغا
سىرىـقۇل تەرەپتىن چۈشكەن تاجىك، قىرـ
غىز پارتىزانلار قوشۇلۇپ، قادىرلامۇ شۇلارـ
نىڭ جەڭگىۋار پولكىنىڭ بىر روتىسى بولۇپ
قالدى. كۆچى ئۇلغايغان پارتىزانلار قـاغىـ
لىق، پوسكام، گۇما ناھىيىلىرىنـى بىر قانـ
چە قېتىم ئىشغال قىلىپ، بىر قانچە قېتىم
تاشلاپ چىقتى. شۇ ئورتاق جەڭلەر داۋامىـدا
قادىر ئۆز روتىسىدىكى شىرىنقۇل دېگەن بىر
تاجىك جەڭچى بىلەن يېقىن ئـاغىنە بـولۇپ
قالدى.

ا بىـر قـېتىـم قوماندانلىق شتابى گوـ
مىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ جـەنۇبىي شـىنجاڭـ
دىكى مۇھىم ئۆگىسى بولغان يەكەن شەھىرىـ
نى ئېلىشنى قارار قىلىپ، كوماندىر مـارەك
باشچىلىقىدىكى بۇ جەڭگىۋار روتىنى ئالدىن
ئەۋەتتى، بىراق، خائىنلارنىـڭ ساتقىنلىـقى
تۈپەيلىدىن، روتا كوماندىرى مـارەك دۈشـ
مەن قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، بېشى سىپىلنىڭ
شەرقىي دەرۋازىسىغا ئېسىلدى، ھۇجۇم مەغـ
لۇپ بولدى.①

شۇنىڭدىن كېيىن، قادىر روتا كـوماندىرـ
لىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئارىلاشما روتىـ
سى گومىنداڭ چېرىكلىرىگە قاخشاتـقۇچ زەرـ
بىلەرنى بەردى. قادىرنىڭ ئىسمى زەرەپشان
دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا كەڭ تـارقالـ
دى. بۇنىڭدىن يۈرىكى خۇن بولـغان گومىنـ
داڭ ئەكسىيەتچىلىرى يەنىلا ئىچكى خـائىنـ
لارنى ئىشقا سېلىپ، قوماندانلىقنىڭ سىرىقـ
قۇل تەرەپكە چېكىنىش توغرىسىدىكى بۇيرۇـ
قىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ روتىسى
قاكشا تاغ ئارقىسىدىكى كىچىـك توغراقلىقـ
تا قورشاۋغا چۈشۈپ قالدى. ئىككىكېچە ـكۈنـ
دۈزلۈك شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ
روتىسىدا ئاران يىگىرمـە جەڭچى هـايـات
قالغانـىدى. ئۇ ساق جەڭچىلەرنى يارىدارـ

①روتا كوماندىرى مارەكنىڭ دۈشمەن قولىدا ئۇلـ
تۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا دۈشمەن ئارخىپىدا خاتىـ
رىلەر بار، ئۇنىڭ سىپىل دەرۋازىسىغا ئېسىلغان بېـ
شىنى كورگەنلەر بولسا، هازىرغىچە هايات ـ ئاپتۇردىن.

لارنى يـۇدۇپ قـورشـاۋنـى بـۇزۇشقـا تەشـ
كىللەپ، شىرىنقۇل بىلەن ئىككىسى «ماكسىم»
پىلومىتىدىن ئوق ئۈزگىنىچە ئالـغا قـاراپ
ئېتىلدى. چەكچىلەرنىڭ بىر قىسمى قورشاۋـ
دىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئىككـەيلەن
سەبداشلىرىنى قوغدىغاچ چېكىنىپ، ئاخىردا
دۈشمەننى قاكشا تاغ چوققىسىغا چەكلەپ قىلدى.
ئىيۇل ئايلىرىدىكى كەلكۈن قاكشـا تـاغ
تۈۋىدىكى يولنىمۇ بېسىپ، تاغنىڭ قاپ بېلىگە
چىققان بولۇپ، ئۈچ تەرەپتە گومىنداڭ چەـ
رىكلىرى مۇھاسىرىنى بارغانسېرى تـارايتـ
ماقتا ئىدى. خائىنلارنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن
بۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلىۋالغان گـومىنداڭ
چېرىكلىرى ئۆلە ـ تىرىلىشىگە باقماي تاغـ
قا يامىشىشقا باشلىدى. ئىككـەيلەن تاشلارـ
نى يۇمۇلۇتۇپ، خېلى ئۇزاق تىركەشكەنـدىن
كېيىن، قايا قىسىندۇر ئېتىلغان پىلىموت ئوقـ
لىرى شىرىنقۇلنى يىقىتتى، كۆكسىـگە ۋە بېـ
شىغا ئوق تېگىپ ئېغىر يارىلانغان شىرىنقۇل،
قادىرنى بىرلا ئىتتىرىپ دەرياغا چۈشۈرۈۋەتـ
كەندىن كېيىن، «قادىر دېگـەن مانـا مەن»
دەپ توۋلىغىنىچە، ئەڭ ئاخىرقى بـىر دىسكا
ئوقنى ئېتىپ دۈشمەن توپىغا ئۆزىنى ئۇردى.



يېرىمى سۇغا چىلىشىپ تۇرغان بـىـر تاشـ
نى تۇتۇۋالغان قادىر، دولقۇن چايقاپ چىقىـ
رىپ قويغان بىر چېرىكنىڭ ئۆلۈكىنى سۇنىڭ
ئېقىشىغا ئىتتىرىۋېتىپ، ئۆزى يېرىمىغىچە سۇ
بېسىپ تۇرغان بىر ئۆڭكۈرگە كىـرىـۋالدى.
چېرىكلەر ھېلىقى جەستەكە بىر ھـازا ئـوق
ئېتىشقاندىن كېيىن، قادـىر بىلـەن شىرىنـ
قۇلنى يوقاتقانلىقىدىن خوشاللىنىپ، شىرىنـ
قۇلنىڭ جەسىتىنى پارچىلاپ، قاكشا تاغ تۈـ
ۋىدىكى جىگدىلەرگە ئېسىشقاندىن كېيىن، ئىنـ
ئام ئېلىشقا ئالدىراپ كېتىپ قېلىشتى.
تاغ ئۆڭكۈرىدە ياتقان قادىر كېچىسى چىـ
قىپ، شىرىنقۇلنىڭ جەسىتىنى ئەپكېلىپ قاكـ
شا تاغچوققىسىغا كۆمگەندـىن كېيىن، سەبـ
داشلىرىنى ئىزلەپ كەتتى.
ئۇ پارتىزانلار بىلەن تېپىشقاندىن كېيىن،
«بېتىم» تۈزۈلگىچە سىرىدقۇل، ئاقـتو ئەتـ
راپلىرىدا تۇردى. كېيىن ئەنجان يېرى ئارـ
قىلىق غۇلجىغا چىقىپ، ئازادلىققىچە «ئۈچ ۋىـ
لايەت ئارمىيىسى» دە ئىشلىدى. بۇ جەريانـ
دا ئۇنىڭ «قادىر» ئىسمى «قـادىروپ» دەپ
ئاتىلىپ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئىسـمى سىـڭىپ
قالـدى...
ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ يۇرتىغا خەت يېـ
زىپ سەبداشلىرى ۋە يۇرتداشلىرىنى سۈرۈشـ
تۈرۈشنى كۆپ قېـتىـم ئـويلـىغان بـولـ
سىمۇ، لېكىن، نېمە ئۈچۈنـدۇر كـۆپ يـىلـ
لار ئۆتـۈپ كـەتـتى. ھېلـىـقـى تارىـخـ
تـا مـىـسـلـىـى كـۆرۈلـمـىگـەن يـىلـ
لاردا، ئۇ «ئىسيانچىلار» نىڭ «ئىسپات» ماـ
تېرىياللىرىدىن «تۇردى» دېگەن ئىسمىنى ئاڭـ
لىغىنىدا ، ئۇنىڭ يـۈرەك ـ ھـېسلـىرى
دولـقـۇنلاپ، سـەبداشلـىرىـنـى ئـىـزـ
لىمىگىنىگە، ئانا يۇرتىنى يوقلىمىغىنىغا
كۆپ پۇشايمان يېدى. بىراق كېچىككەنىدى.

www.uyghurkitap.com



ئەمدى خەت يېزىپ بىگۇنا يۇرتداشلارنى چېتىۋېلىشقا ۋىژدانى تېخىمۇ يول قويمايتتى، شۇنىڭ بىلەن 10 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئاخىرى ۋەزىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، دائىم يۇرتىنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. ئۆتكەن يىل ئورگان ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، كادىرلار ئالماشتۇرۇلغاندىن كېيىن، رەھبەرلىك ئۇنى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدا ئىشلەشنى ئېيتقاندا، ئۇ دەم ئېلىشقا چىقىشنى ئىلتىماس قىلدى. بالىلىرىنىڭ قارشىلىقى ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ نەسىھەتلىرىگە قارىماستىن، دەم ئېلىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپلا، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ ماكانلىشىشنى تەلەپ قىلدى. رەھبەرلىك قوشۇلغاندىن كېيىن بۇ ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يەرلىككە ئۇختۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، ئۇ سومكىسىنى ئېلىپلا جىمجىت سەپەرگە ئاتلاندى ـ دە، ئاخشام ناھىيە شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، باشقا يولۇچىلار قاتارىدا مېھمانخانىدا قونغاندىن كېيىن، ئەتىسى ئەتىگەندە يۇرتىغا قاراپ يولغا چىققانىدى…

ھارۋىنىڭ تويۇقسىز سىلكىنىشىدىن چۆچۈپ كەتكەن قادىر، خىيال يىپلىرى ئۈزۈلۈپ، بېشىنى كۆتەرگىنىدە، ئالدىدا داۋالغۇپ ئېقىۋاتقان زەرەپشان دەرياسىنى كۆرۈپ، ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، دەريا بويىغا يۈگرەپ بېرىپ، مۇزدەك سۇنى ئوچۇملاپ ئىچىشكە باشلىدى.

ـ ئىسسىقتا سوغۇق سۇ ئىچسىلە ئاغرىپ قالىلا، ـ دېدى دۈم يېتىپ تويغىچە سۇ ئىچىۋالغان قادىر ھەيرانلىق بىلەن.

ـ ئۆزۈڭمۇ ئىچىۋاتىسەنغۇ؟

ـ مەن دېگەن تاغلىق، زەرەپشاننىڭ سۈيى قان ـ قېنىمغا سىڭىپ كەتكەن. قىش كۈنلىرى مۇزنىڭ تېگىدىن سۇ ئېلىپ ئىچىۋېرىدىمىز. سىلە ـ زە……

ـ مەنمۇ تاغلىق، ـ دېدى ناتونۇش يولۇچى قادىرنىڭ سۆزلىرىدىكى پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى سېزىپ كۈلۈمسىرىگىنىچە، ـ بۇ سۇ مېنىمۇ يەكلىمەيدۇ……

ـ نېمە… تاغلىق دېدىلىما!؟

ـ تاغلىق بولمىسام، بۇ يەرلەردە نېمىلەر قىلىپ يۈرەتتىم ـ ئەمىسە.

ـ تۇققان يوقلاپ كەلگەن ئوخشىمامىلا؟ ھارۋىغا چىقسىلا.

ـ شۇنداق، تۇققان يوقلاپ كەلدىم. يۇرتداشلارنى، سەبداشلارنى يوقلاپ كەلدىم. تاغ شامىلىنى، دەريا سۈيىنى سېغىنىپ كەلدىم…

مېھمان كۆزلىرىدە ياش ئەگىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن قادىر ئارتۇقچە گەپ كوچىلىماي، پەم بىلەن ھارۋىنى ھەيدەپ ماڭدى.

ـ ئۇكام، قەيەردىن بولىسەن؟ ـ مېھمان جىمجىتلىقنى بۇزدى.

ـ قاگشا تاغ كەنتىدىن.

ـ نېمە؟ قاگشا تاغ كەنتىدىن!؟

ـ شۇنداق، قاگشا تاغ دېسە ئىلگىرى كۆپ ئادەملەر بىلمەيتتى، بىراق، ھازىر داڭقى چىقىپ كەتتى……

قادىر مېھماننىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلماستىن، سۆزلەپلا كەتتى. ھەتتا تېخى كەلمىگەن، كېلىش ـ كەلمەسلىكى نامەلۇم بولغان نازىرغا سېلىنغان ئۆيلەر ھەم ئۆزىنىڭ شەھەرگە كىرىش سەۋەبىنىمۇ قالدۇرماستىن، ماختىنىش ئىچىدە سۆزلەپ چىقتى.

ـ نېمە دېدىڭ؟ ـ سورىدى مېھمان ئۇنىڭ گېپىنى جىمجىتلا ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ـ تېخى كەلمىگەن ئادەمگە شۇنچىۋالا ھەشەمەتلىك ئۆي سېلىپ نېمە قىلىدىكەن؟

ـ باشلىقلار، مۇشۇنداق ئۆلچەم بار دېيىشـ

شىدۇغۇ - تاڭ! ئۆتمۈشتە سەپەر ھاجىتىنىڭ ھويلىسىمۇ شۇنداق يوقكەندۇق...

— يۇرتداشلارنىڭ ئىنكاسى قانداقراق؟

— ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىغان تاغ ئىچىدىن شۇنچە كاتتا ئادەم چىقسا، خوشال بولمايدىغان كىم بار؟ ھەممەيلەن بۇنداق كىشىگە ھېلىغۇ پىششىق خىش ئۆي سالىدىكەن، ئالتۇندىن ساراي سالسىمۇ ئەرزىيدۇ دېيىشىۋاتىدۇ.

— ئاخماق، - دېدى مېھمان كۈلۈمسىرەپ، - ئۇ كىشى يا پادىشاھ بولمىسا، ئالتۇن سارايىنى نېمە قىلىدۇ؟ تاغلىق بولغاندىكىن، تاغلىقلار ئولتۇرغان ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرسە بولمامدىكىن؟

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن - زە، ئىلگىرى يۇرتىمىزغا ناھىيە كادىرلىرى تۇگۇل يېزا ئادەملىرىمۇ كېلىپ باقمايتتى. ھازىر پىكاپ ئۈزۈلمەيدۇ. ئۆينى سالسا، ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىغا سالىدىكەن. ئۇ كىشى كەلمىسىمۇ، ئۆيىنى ئېلىپ كەتمەس. دادامنىڭ ئېيتىشىچىمۇ، ئىلگىرى يۇرتداشلارنى باشلاپ گومىنداڭ چېرىكلىرىنى سۈر - توقاي قىلغان قادىر شۇ بولىدىغانلا بولسا، كەلگەندىكىن ھېچيەرگە كەتمەيدىكەن.

— ئۇكام، داداڭنىڭ ئىسمى نېمە؟

— بىزنىڭ يۇرتتا «تۆردى ئەسكەر» دېسە بىلمەيدىغان كىشى يوق. ئەمما ئۇنىڭ ئەسكەر بولغان ۋاقىتلىرى ئۆتمۈشتىكى ئىش ئىكەن، بىزنىڭ ئالدىمىزدا بۇ ئىشلارنى بەك تىلغا ئالمايدۇ.

— تۆردى دېدىڭما؟ - مېھماننىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى، - قولاق تۈۋىدە يوغان تارتۇقى بار تۆردىما؟

— شۇنداق، سىلى قانداق تونۇيدىلا؟

— مەن... - مېھماننىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى.

— مەن شۇ تۆرداخۇننىڭ ئوغلى قادىر بولىمەن.

— قادىر... بالام... - مېھماننىڭ قۇچاغلىشىدىن قادىر نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى.

— سىلى...

— مېنىڭ ئىسمىممۇ قادىر ئىدى. ھازىر «قادىرۇپ» دېيىشىدۇ.

— ۋاي، سىلى قادىرۇپ تاغام بولامدىلا قانازىر بولامىلا؟... - قادىر دەرھال ئۇنىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرىدىن بوشىنىپ چىقىپ، ھارۋىدىكى كۆرپىنى قاتلاپ سالدى.

8

غەرپكە قىيسايغان قۇياش قارلىق تاغلارنى ئاجايىپ گۈزەل رەڭگە كىرگۈزگەن، يالتىراپ تۇرغان زەرەپشان دەرياسى چوققىلارنىڭ قاپ بېلىدىن باغلاپ، غايەت زور ئەجدىھارغا ئوخشاش چوققىلارغا يامىشىپ، قوياشقا ئىنتىلمەكتە. ئۇنىڭ يەڭگىل دولقۇنلىرى جىمجىت ۋادا ئىچىدە يېقىملىق ھايات مۇزىكىسىنى چالماقتا، تاغ ئىچىگىلا خاس بىر خىل خۇشپۇراق ئېلىپ كەلگەن سەلكىن شامال، دەريا يۈزىنى يەڭگىل سىيپاپ، يولۇچىلارنىڭ تەرلىرىنى قۇرۇتتى. تونۇش شامالدىن يۇرتىنىڭ ھىدىنى ئالغان قولائات بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، زىل ئاۋازدا كىشنىۋەتتى.

— شۇ قادىر مەن بولىمەن، - دېدى مېھمان ھېكايىسىنى تۈگىتىپ، - «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپار» دېگەندەك، مەنمۇ ئاقىۋەت يېنىپ كەلدىم. قېرىغاندا، سىلەرگە يۈك بولىدىغان بولدۇم...

— ياقەي، - دېدى قادىر چەكسىز ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن، - كەلگىنىڭىز بەكمۇ تۈزدان بولدى، يۇرتداشلار يولىڭىزغا تولا قاراپ، كۆزلىرى تېشىلدى. داداممۇ چوققىغا تولا

چىقمىدىغان بولۇپ قالدى...

— دادا، تاغ چوققىسىغا نېمىشقا تولا چىقىدۇ؟ — دېدى مېھمان تاماكىسىنى شورىغىنىچە، — قادىر كەلسە يېنىپ كېتەتتىمۇ؟

— ئۇنداققۇ ئەمەس، چوققىدىكى قەۋرىنى يوقلايدۇ...

— قەۋرە....؟

— ھەئە، ھېلىقى يىللىرى دادام مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىققاندىن كېيىن، تاغ — جىرالارنى چۆگىلەپ، سىزنى ھېچيەردىن تاپالماي قايتىپ كېلىپ، چوققىدىكى قەۋرىنى كۆرۈپلا، ئۇنى «سىزنىڭ قەۋرىڭىز» دەپ ئويلاپ، ئاق تاشتىن ياساپ قويغان ئىكەن. گومىنداڭچىلار كېلىپ قەۋرىنى بۇزۇپ، دادامنى تۈرمىگە تاشلاپتۇ، ئازادلىقتىن كېيىن، دادام تۈرمىدىن چىقىپلا، يۇرتداشلارنى قوزغىتىپ، قەۋرىنى قايتا ياساپ، رىشاتكا ئىچىگە ئېلىپ قويغانىكەن. بىز ئوقۇغان چاغلىرىمىزدا دائىم بېرىپ، ئېھتىرام بىلدۈرەتتۇق. «ئىنقىلاب» يىللىرى، ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار دادام بىلەن ساۋۇت سېكرېتارنى مەكتەپكە سولىۋېلىپ، سىزنىڭ جىنايەتلىرىڭىزنى ئېلان قىلىپ، بىر مۇنچە قەغەزگە قول باستۇرۇپتۇ. ئاخىرىدا ئۇلار قەۋرىنى تۈزلىۋېتىپ كەتكەنىدى. دادام شۇ ئاخشىملا ئانام بىلەن ئىككىمىزنى ئېلىپ بېرىپ، قەۋرىنى تۈزەشتۈردى. مەن ئۇنىڭغا: «دادا، قادىركام ھاياتكەن، قەۋرىنى كىمگە ياسايمىز؟» دېسەم، ئۈچچىچىلىپ، «قادىر ئاكاڭ ھاياتكەن. شىرىنقۇلچۇ؟ روتىمىزدىكى يۈز نەچچە جەڭچىچۇ؟» دەپ توۋلاپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ تولا چېچىلغاق بولۇپ كەتتى. ھە دېسىلا، قەۋرە بېشىغا چىقىۋېلىپ، ئاش — نانمۇ يېگىلى ئۇنىمايتتى، ئىككى — ئۈچ يىلنىڭ ياغى ئانچە چېچىلمايدىغان بولدى...

— قەۋرە بېشىغىمۇ چىقمامدۇ؟

— ياقەي چىقىدۇ. تېخى كېيىزدە ھەممە ئادەم مىچىتتە تۈنىسە، ئۇ ئاشۇ چوققىدا تۈنىدى. بەك چېچىلمايدۇ — شۇ. ئۇ دائىم: «ھازىرقى كۈنلەر ئۈچۈن قاڭشا تاغدىنمۇ نۇرغۇن ئادەم جېنىنى سېلىپ بەردى» دەيدۇ.

— راست بالام، تۇردى توغرا ئېيتىدۇ، — قادىرۇپنىڭ كۆزلىرى ياشلاندى.

— تاغا، چوڭئانام بىلەن ئاكىلىرىمنى ئالغاچ كەلمەپسىزغۇ؟ — دەپ سورىدى، ھەدەپلا تاغىسىنىڭ كونا يارىسىنى قوزغاپ قويغىنىدىن خىجىل بولغان قادىر گەپنى بۇراش ئۈچۈن.

— ئاكىلىرىڭلا ئەمەس، جىيەن ئۇكا — سىڭىللىرىڭمۇ كېلىدۇ، — دېدى قادىرۇپ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يېشىنى سۈرتۈپ، — بىراق، چوڭئاناڭ ماناس دېگەن يەردە قالدى. مەن شۇ يەرگە سۈرگۈن قىلىنغاندا ئۆلۈپ كەتكەن.

— ماناس يىراقمۇ؟ بىر كۈنى بىللە بېرىپ، چوڭئانامنىڭ بېشىغا دۇئا قىلىپ كەلگەن بولساق...

— يوقلايمىز بالام، يوقلايمىز. مانا مەنمۇ قىرىق نەچچە يىلدىن كېيىن، يۇرتۇمنى، ئاتا — ئانا، ئۇرۇق — تۇققانلىرىمنىڭ، سەبداشلىرىمنىڭ تۇپرىقىنى يوقلاپ كەلدىم.

— تاغا، دەسلەپ تونۇشمىغاچقا، ئاتنى ئىتتىك ھەيدەپ، سىزنى بىئارام قىلىپ قويدۇم، خاپا بولماڭ، — دېدى قادىر خىجىللىق بىلەن.

— ياق، بالام، — دېدى قادىرۇپ ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ. — مەندىن باشقا ئادەم بولسا، ھارۋىدىن يىقىتىۋېتىشتىنمۇ يانمايدىكەنسەن...

— بۇ...

— شۇنداق، كىمكى تاغلىقلارنى كەمسىتسە، تاغلىقلارنىڭ ھەر قاندىقى ساڭا ئوخشاش قىلىدۇ. چامامچە، ھارۋىغىمۇ خېلى ئۇستا ئىكەنسەن، ماشىنا ھەيدىسەڭمۇ بولغىدەك.

— ئىلگىرى دۆلەتنىڭ تىراكتورىغا شاگىرت بولغانىدىم، — دېدى قادىر ماشىنىسىنىڭ كەينىنى ئاڭلاپ جانلىنىپ، — ھازىر تىراكتورنى ئۇستام كۆتۈرە ئالدى، مەنمۇ قايتىپ كېلىپ، ھارۋامنى ھەيدىدىم. دادام تېخى «ماشىنا ئالمىسىز» دەپ، ئاغزىغا چۈپ يۇقتۇرمايدۇ، ئالارمىزمىكىن — تاڭ!

— ئالىسىز بالام، ئۇنى ئالمىساق شەھەرگە قانداق كىرىمىز؟ قارا، ساق تۆت سائەت مېڭىپتۇق ئەمەسمۇ؟ ماشىنا بولسا، بىر سائەتتىلا ئۆزىمىزنى قاقشا تاغدا كۆرەتتۇق — تە!

— ئۇغۇ شۇنداق، ئانام ئۇنىمىسا...

— ئاناڭ نېمىشقا ئۇنىمايدۇ؟

— ئانام: «دېھقان خەق دېگەن شۇنداق، ئىككى نان تاپسا، بىرسىنى داپ چالىدۇ، سۆڭگىچى ھارۋا كۆرۈپ بولغىچە ماشىنا ئالغۇسى كەپتۇ، يەنە بىر كۈپىراتسىيە بولسا، ماشىنىنى بىر دېپلا قۇتۇلسىلىغۇ مەيلى، لېكىن — ز...» دەپ دادامنى ئارسالدى قىلىپ قويغانىدى، دادام: «قادىر تاغاڭ كەلسە، مەسلىھەت سوراپمىز» دېگەنىدى...

— ئالىمىز، — دېدى قادىرۇپ يەنە تەكرارلاپ، — چوڭنى ئالمىساق، ئاۋۋال كىچىكىنى ئېلىپ تۇرىمىز. «ئات تاپقىچە، ئېشەك مىن» دەيدۇ ئەمەسمۇ؟

— ۋاي، قاقشا تاققا كېلىپ قاپتۇق!

— ھارۋىنى توختات، — دېدى قادىرۇپ ۋە ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، قاقشا تاغ چوققىسىدا يالتىراپ تۇرغان ئاق تاش قەۋرىگە قاراپ، چوڭ — چوڭ چامداپ يۈرۈپ كەتتى.

9

بۈگۈن قاقشا تاغ كەنتى ئۆز تارىخىدىكى كۆرۈلگەن بايرام تەنتەنىسىگە چۆمدى. بولۇپمۇ تۇردىكامنىڭ ھويلىسى شۇنداق قىزىپ كەتتىكى، رەڭگا — رەڭ كىيىنگەن تاغلىقلار تال - بارالڭ ئاستىدىكى كەڭرى سەيناغا بىر كەلگەن بولۇپ، ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن كۇمىلاچ تام يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

قادىرۇپنىڭ قانچە توسقىنىغا قارىماستىن، تۇردىكامنىڭ چوڭ ئوغلى ھەسەن تاغىل توپاقنى سويۇۋەتتى. يۇرتداشلار قادىرۇپ، تۇردىكام، ساۋۇت سېكرېتار قاتارلىقلارنى چۆرىدەپ گىلەمچە ئولتۇرۇپ، ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ، يوغان داشتا پۇشۇرۇلغان گۆش بىلەن نان - توقاچلارنى يەپ، شورپىلارنى ئىچىشتى. سازچىلار داپ، دۇتار، تەمبۇرلىرىنى تەڭكەش قىلىپ، قەدىمىي تاغ پەدىسىگە چېلىشتى. ئەر - ئايال تاغلىقلار مۇقام رېتىمىگە ئەگىشىپ، دەسلەپتە ئاستا — ئاستا چۆگىلەپ ئارقىدىن جۇپ - جۇپ بىلەن ئۇسۇلغا چۈشۈشتى. تاغلىقلارنىڭ ئورتاق مېھمىنى — قادىرۇپ بىلەن ساھىپخان تۇردىكام ياشلارنىڭ تارتىشى بىلەن سورۇنغا چۈشۈپ، مەشرەپ شاتلىقىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتەردى.

تۇردىكامنىڭ ئوغلى قادىرمۇ بۈگۈن قاقشا تاغ ياشلىرىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلىرىدىن بىرسى بولۇپ قالدى. قىز - يىگىتلەر ئۇنى ئورنۇۋېلىپ، گەپ سوراپ ئالدىرىتاتتى. قادىرمۇ يول ئۇستىدىكى ئىشلارنى قايتا — قايتا سۆزلەپ، ئۆز خوشاللىقلىرىدىن ئەل - ئاغىنىلىرىنى بەھرىمەن قىلماقتا ئىدى.

— سەن شۇمتەك ئۆمرىڭدە بىر قېتىم كۆرگىلۈمدىكىدەك ئىش قىپسەن، — دېدى تۇردىكامۇ شاتلىنىپ، — لېكىن — زە ھارۋىنى تىراكتور-

www.uyghurkitap.com



چىسىغا ھەيدەپ، تاغاڭنىڭ ئۈستىخانلىرىنى چۇل-چۇل قىلىۋەتكەنسەن. نەچچە يەردە يىقىتتىڭ تېخى!

—ئۆزەڭنىڭمۇ، خويمۇ يىقىلغىم بار ئىدى، —دېدى قادىرۇپمۇ كۈلۈمسىرەپ، — يۇرتۇمنىڭ توپىسىدا راسا بىر ئېغىنىۋالغىم كېلىپ تۇرغانىدى. بىراق قادىرنىڭ ئۈستىلىقىدىن مۇنداق پۇرسەت نېسىپ بولمىدى-دە!

تۇردىكام كۈلۈپ كەتتى. تاغلىقلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشتى.

شۇ كۈنى قادىرۇپنىڭ ئۈن-تۈنسىزلا قاڭشا تاقاقا يېتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر قانات چىقىرىپ، ئاۋال يېزىلىق ھۆكۈمەتكە، ئارقىدىن ناھىيىگە بارغان ۋە تېلېفونىستلارنى بىر ھازا تەمتىرەتكەندىن كېيىن، ناھىيە رەھبىرىي ئورگىنىدىكىلەرنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە كۈن بىلەن تەڭ قاڭشا تاقاقا يېتىپ كەلگەن ناھىيە رەھبەرلىرى قادىرۇپقا ئاتاپ سېلىنغان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ، قۇلۇپقا تېخى قول تەگمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، باشقىلارنىڭ كۆرسەتمىشى بىلەن تۇردىكامنىڭ ھويلىسىغا يېتىپ كەلگەندە، قادىرۇپ كوڭلەكچان پېتىچە قولا ئاتنى مىنىپ، ھويلىدا ئايلاندۇرۇۋاتاتتى.

ئۇلار قادىرۇپ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، تۇردىكام قاتارلىق تاغلىقلار مۇ ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ مۇبارەك قوللىرىنى سىقىپ كۆرۈشۈش شەرىپىگە ئېرىشتى.

— قاتىڭجاڭ، خەۋەر قىلىپمۇ قويماي تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغانلىرى...—دېدى ھاكىم ئوڭايسىزلىنىپ.

— ھەر قايسىڭىزغا خەۋەر قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بىلەن، تۇردىكاملار ئاللابۇرۇن خەۋەر تېپىپ، ھارۋا ئەۋەتىپتىكەن، ئەمەسمۇ؟

— نېمە... يۇ...

قادىر يول ئۈستىدىكى ئىشلارنى بىر قۇر سۆزلىگەندىن كېيىن:

— ئەمدى مەن يۇرتۇمغا قايتتىم، تىڭجاڭ ئەمەس، قاڭشا تاغلىق قادىر بولىمەن. يولداشلار مېنى «قادىر» دەپ ئاتاۋەرسە، لېكىن-زە قادىر ئىككى بولۇپ قالدى-دە!—دېدى.

—ئۇنداقتا سىلىنى قادىرۇپ دەۋېرەيلى، —دېدى شۇجى، — ئاۋۋال سىلىنىڭ ئۆيىنى كۆرۈپ باقساق.

قادىرۇپ بىر مۇنچە باشلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا تۇردىكامنىڭ ھويلىسىدىن چىقىپ، يېڭى سېلىنغان ئۆيگە قاراپ ماڭغانىدا، ئۇنىڭ تۇرقى تونۇگۈنكى مەشرەپ ئەھلى قادىردىن كۆرە، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلگەن «قاتىڭجاڭ»غا بەكرەك ئوخشاپ قالغانىدى. تۇردىكام قاتارلىقلار ئاستا سۆرۈلۈپ كەينىدە قالدى.

ئالاھىزەل بەشمو يەرگە سېلىنغان ھويلا-ئارامنىڭ ئوتتۇرىسىدا گۈللۈك يانلىرىدا باغ، كۆكتۈرلۈك تاملار بولۇپ، پەشايۋان ئاستى سېمونتتىن سۇۋالغان، يولغا خىش ياتقۇزۇلغانىدى.

— نېمە ئانچە چوڭ سېلىۋەتتىڭلار؟—دېدى قادىرۇپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

— يولداش قادىرۇپ،— شۇجى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى،— سىلە دەم ئېلىشقا چىقىپ، ئۆز يۇرتلىرىدا ماكانلىشىشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، يۇقىرىدىن بەلگىلىمە بويىچە ماكانلىشىش راسخودىنى ناھىيىمىزگە چۈشۈرۈپ بەرگەنىدى. بۇ ئۆي شۇ پۇلغا سېلىندى.

— راسخوت ئېشىپ كەتمىگەندۇ؟

— ياق، بەش مىڭ يۈەندىن ئارتۇقراق پۇل كەتتى، — دېدى ساۋۇت سېكرېتار.

— نېمە... شۇنچە ئەرزان...؟

— تاش بىلەن قۇم يۇرتىمىزدىن چىقىدۇ، ياغاچمۇ تاغدا بەك قىممەت ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇرتداشلار خالىسا نە ئىشلەپ ھەق ئالمىدى.

— ناھىيە قۇرۇلۇش دۇيىدىكىلەرمۇ ئادەتتىكى ئىش ھەققىنىلا ئاپتۇ، — دېدى باشلىقلاردىن بىرسى.

— پاھ ياخشى گەپكەنغۇ بۇ، — دېدى قادىرۇپ روھلىنىپ، — ساۋۇتكا، تاش، قۇم ئۆزىمىزدىن چىقسا، تاغدا چارۋا — چاتقال كۆپ بولغاندىكىن، خۇمدان ياساپ، خىش پۇشۇرساق، كەنتتىكى ئۆيلەرنى يېڭىلاش بەك تەس ئەمەسكەن، تاغلىقلارمۇ ئاتا — بوۋىسىدىن قالغان كومۇلاچ تامدا ئولتۇرۇۋەرمەسۇن — دە! كادىرلار مۇزاكىرە قىلىپ بېقىڭلار، بال — دۇراق تۇتۇش قىلايلى.

— بولىدۇ، بولىدۇ، — ساۋۇت سېكرېتار ھاياجانلانغانلىقىدىن تىترەپ تۇرغان قوللىرىدا ئاچقۇچنى سۇندى.

— ھازىرچە سىلىدە تۇرۇپ تۇرسۇن، مېنى يالغۇز بىر ئۆيگە سولاپ قويساڭلار، يالغۇزچىلىقتا كېسەل بولۇپ قالمايمەنمۇ؟ يەنىلا تۇردىكامغا ھەمرا بولغىنىم تۈزۈكرەك تۇرىدۇ.

— تىڭجاڭ، — دېدى كىچىكرەك باشلىقلاردىن بىرسى، — بۇ يەرنىڭ شارائىتى ئانچە ياخشى ئەمەس، كۆنەلمەي قالسىلا، ناھىيىگە بېرىپ تۇرسىلىمۇ بولىدۇ.

— مەن شەھەردىن سەھراغا دەم ئالغىلى كەلسەم، يەنە شەھەرگە ھەيدىگىنىڭىز نېمىسى؟ قاراڭلار، كەينى يېشىل تاغ، ئالدى سۈزۈك دەريا. باغچىنىڭ ئۆزىغۇ بۇ جاي، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۆش، تۇخۇم، سۈت — قېتىقتۇ كەگرى، تېخى بۇ يەردە ياشىرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن،

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن — زە، قارا چىراققا كۆنەلمەي ...

— توغرا، قارا چىراقنى ئەمدى تاشلىماساق بولمايدۇ، — دېدى قادىرۇپ ئويغا چۆمگەن ھالدا، — مېنىڭچە، ئىستانسە قۇرۇشنى ئويلىشىپ كۆرسەك بولغىدەك.

— بىز ناھىيىدىن مەبلەغ ئاجرىتىپ، قاڭشا تاغدا بىر كىچىك ئىستانسە قۇرۇشنى ئويلىشىۋاتىمىز، — دېدى ھاكىم سۆز قىستۇرۇپ.

— قانچىلىك مەبلەغ كېتەر؟

— ئوتتۇز بەش كىلوۋاتلىق ئىستانسە قۇرساق، يىگىرمە مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولسا يېتەدۇ، سۇ مەنبەسى خېلى مول.

— مېنىڭ ماگازىنلىشىش راسخوتىمدىن يەنە قانچىلىك قالدى؟

— ئون نەچچە مىڭ يۈەنىنى سىلىنىڭ نامىلىرىدا بانكىغا قويدۇق، دېيىشىۋاتاتتى.

— ئۇنداق بولسا، ناھىيىدىن پۇل ئاجراتمايلا قويۇڭلا.

— تىڭجاڭ، بۇ ...

— ھېچقىسى يوق، پۇلنى خەلق بەرگەن. يۇرتداشلار ماڭا شۇنچە ياخشى ئۆي سېلىپ قويسا، ئۇنىڭغا قارا چىراق يېقىپ ئولتۇرسام قاملاشماس.

— مەن 2 مىڭ يۈەن قوشاي، — دېدى تۇردىكام، — ئىستانسە چۆرىسەك، ھەممەيلەن پايدىلىنىمىز ئەمەسمۇ؟

— مەن مىڭ يۈەن...

— مەن بەش يۈز يۈەن...

مەن ... مەن ... يۈز يۈەن چىقىراي، — دېدى ھېلىم بوۋايمۇ.

— بۇنداق ياخشى جاي، ياخشى خەلقىمىز تۇرغان يەردە، نامرات، كونا بازىلارنى ئېچىش — گۈللەندۈرۈش قىيىن ئىش ئەمەس—

كەن، — دېدى ھاكىم كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — مەنمۇ ئىستانسە قۇرۇلۇشىغا ئۈچ مىڭ يۈەن ياردەم قىلاي. بىراق، بىر شەرتىم بار، يۇرتداشلارنىڭ پېنسىيىگە چىققاندا مۇشۇ يەرگە ماكانلىشىشىغا قوشۇلسا.

— سىز تۈزلەڭلىكتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تۇرسىڭىز، — دېدى قادىروپ.

— شۇنداق، مەن تۈزلەڭلىكتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئەمما، مېنىڭ دادام ئەينى چاغلاردا مۇشۇ تاغلاردا جەڭ قىلىپ، ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. مەن كەلسەم ئۇنىڭ روھىمۇ خوش بولار.

— دادىڭىزنىڭ ئىسمى نېمىدى؟

— دادامنىڭ ئىسمى جامال ئىكەن، «ئۈچ ۋىلايەت» پارتىزانلىرى ناھىيىمىزگە چۈشۈپ، ناھىيە شەھىرىنى ئالغاندا، يىگىتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگەن.

— جامال... — قادىروپنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۇ ز ۋاقىتتىكى جەڭچىلەرنىڭ سىماسى غىل-پال ئۆتۈشكە باشلىدى، — توغرا بەشتېرەكلىك جامال دېگەن جەڭچى بىزنىڭ روتىمىزدا ئىدى، ئاق ئاتداۋىنىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەن.

— شۇنداق، مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ماڭغانىدىم. ئەجەپ قەيسەر يىگىت ئىدى، — تۇردىكام كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— مەن دادامنىڭ شۇ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىگىنىنى بىلسەممۇ، ئۇنىڭ قانداق ئۆلۈپ كەتكىنىنى پەقەت بىلەلمەي، گاڭگىراپ قالغانىدىم. رەھمەت سىلەرگە...

— مەن بارلىق جەڭچىلەر ھەم تاغلىقلار نامىدىن سىزنىڭ كەلگۈسىدە يۇرتىمىزغا كېلىپ ماكانلىشىشىڭىزنى قارشى ئالىمەن! — دېدى قادىروپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە. قاڭشا تاغلىقلار ئۇزاققىچە، چىن دىلىدىن چاۋاك چېلىشتى.

ھەممەيلەن كۈلكە — پاراڭلار بىلەن تۇردىكامنىڭ ھويلىسىغا كېلىپ، داستىخانغا داخىل بولدى. ناھىيىدىن كەلگەن رەھبەرلەر قايتىش ئالدىدا شۇجى:

— يولداش قادىروپ، كىچىكلىك ماشىنىدىن بىرسى ۋاقىتىنچە بۇ يەردە قالسا، — دېۋېدى، قادىروپ:

— رەھمەت، مېنىڭ ماشىنامۇ، شوپۇرۇممۇ تەييار، — دەپ قادىرنى كۆرسەتتى، ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇ ھاكىمغا بىر نېمىلەرنى دەپ، بىر چەكنى بېرىۋېدى، ھاكىم قادىرنى ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى. ئەتىسى خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قالغان قادىر يېپ — يېڭى بىر قول تىراكتورىنى ھەيدەپ كەلدى. بۇ قادىروپنىڭ يۇرتداشلارغا قىلغان سوۋغىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەن تۇردىكامنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى:

— قادىراخۇن، پۇل دېگەن تاغنىڭ تېشى، سايىنىڭ قۇمى ئەمەس، خەجلىسە تۈگىمەيدىغان، بالا — چاقىلارنىمۇ ئويلىماي بولمايدۇ. ئىستانسىغا بىر مۇنچە پۇل چىقارغانىدىڭىز... — دېۋىدى.

— ھەي تۇداخۇن، — دېدى قادىروپ كۈلۈمسىرىگىنىچە، — سەن بىلەن بىزگە ئاتا — ئانىمىزدىن نېمە قالغان؟ بالىلارنىڭ ھەممىسى خىزمەتتە، تۇرمۇشىغا ھۆكۈمەت ئىگە، سەن — بىز بىر پۇتىمىز گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەملەر، شۇنچە پۇلنى يىغىپ، گۆرگە ئېلىپ كېتىمىزمۇ؟

— شۇنداق بولسىمۇ، ئالدى — كەينىنى ئويلاش كېرەك، ھۆكۈمەت پۇل بېرىدۇ دېگەندىمۇ شامالغا سورۇۋەرسە تاغنىڭ توپىسىمۇ توشمايدۇ...

— رازۋىتچىك تۇردى!

— ب...ب... بار، — تۇردىكام دۇدۇقلاپ قىلىپ، بىردەمدىن كېيىن ئېسىگە كەلدى.

— دىققەت، ئوڭغا بۇرۇل، شاگوم مارش!

تۇردىكامنىڭ ھەرىكىتى تازا چەبدەس بولمىسىمۇ، ئەينى يىللاردىكى ھەربىي ئۇستاپقا ئاساسەن ئۇيغۇنىدى. ئۆز ۋاقتىدىكى ئىككى سەبداش مۇرىنى — مۇرىگە تىرەپ، قاشقا تاغ چوققىسىغا قاراپ رىتىملىق قەدەم تاشلىدى. ۋەزمىن ئاھاڭدا ياڭرىغان روتا گىمىنى زەرەپشان ئۈستىنى سىيپاپ، يىراق — يىراقلاردىكى چوققا — چىرالارنى زىلزىلىگە سالماقتا. قىلىن توغراقزارلىقلار ئۇنىڭغا جۆر بولماقتا ئىدى:

ئالغا، ئالغا! جەڭچى يىگىتلەر،
كونا دۇنيانى گۇمران قىلىشقا.
يۇيۇپ بىز ئۇنى ئىسسىق قان بىلەن،
يېڭىدىن ئەركىن دۇنيا قۇرۇشقا.
ئالغا... ئالغا...①

## 10

ئىيۇن ئايلىرى، تاغ ئۆرۈكلىرى سارغىيىپ، ئۇنىڭ چۈچمەل ھىدى دىماغلارنى غىدىقلايدۇ. تاغ گۈللىرىنىڭ خۇشپۇرىقىنى ئېلىپ كەلگەن مەيىن شاماللار جانلىقلارنى يەڭگىل تەۋرىتىپ، چۈشلۈك ئۇيقىغا ئالدىرىتىدۇ. تىنىق دەريا سۈيى خۇددى يېيىلمىق ئەللەيدىن مەس بولغان بوۋاققا ئوخشاش، ئۆز بۆشۈكىدە ۋىلىقلاپ كۈلىدۇ. ئۆرۈكلەرنىڭ قېنىق شاخلىرى ئارىسىغا كىرىۋالغان تورۇلغۇلار، مەي بولۇپ پىشقان ئۆجمىلەرنىڭ ئاچچىقىغا ئۇكا سالغان سوپىياگىلار يېقىملىق ئاۋازدا ئۈزۈپ — ئۈزۈپ سايرىشىدۇ. يول بويىدىكى تېرەكلەر ئارىسىدىن چىققان بىرجۈپ كاككۇك قويۇق پۇراق تارقىتىپ تۇرغان جىگدىلىكتە غايىپ بولدى.

تاغلىق يېزىنىڭ جىمجىت ياز كۈنلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ، دەريا تەرەپتىن كەلگەن قادىرۇپ مەكتەپنىڭ ئالدىدا توختىدى: مەكتەپنىڭ سېلىنغىنىغا ئالاھىزەل يىگىرمە بەش يىل بولغاندۇ. قاچاندۇر ئېقىپ چۈشكەن تاغ يامغۇرى نەچچە يېرىدىن چاك كەتكەن كېسەك تاملارغا ئەگرى — بۈگرى يوللارنى سېپىتۇ. سىر قارىسى كۆرۈنگەن دېرىزىلەرگە يەملەنگەن كېزىتلەر سارغىيىپ، جۇل — جۇل بولۇپ كېتىپتۇ. يەنە بىر تەرەپتە بولسا، ئۇنىڭغا ئاتاپ سېلىنغان يېڭى ئۆيلەر ئەينەكلىرىنى ۋالىلداتقىنىچە، ئاپئاق ئاقىرىپ تۇرماقتا. ئۇ بىرەر قېتىممۇ ئۆز قولىچە قۇلۇپقا سېلىپ باقمىغان ئاچقۇچلارنى تۇتقىنىچە خىيالغا چۆكتى:

ئۇنىڭ ئەسلى خىيالىدا، يەنە بىر قانچە يىل ئىشلەپ، خىزمەت ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان يىللارنىڭ ئورنىنى تولدۇرغۇسى بار ئىدى. بىراق، ئالدىنقى يىلى رېماتىزىم كېسىلى ئەۋجىگە چىقىپ، پۇتۇن بەدەنلىرى ئىششىپ كەتكەنلىكتىن، خېلى ۋاقىتقىچە دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىشقا توغرا كەلدى. ئورگان ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى ياشلاشتۇرۇش يولغا قويۇلغاندا، يۇقىرىدىن ئۇنىڭ پىكرىنى سورىۋىدى، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن، ئورۇن بوشىتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ يەنە بىر قانچە يىل مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلىسىمۇ بولىۋېرەتتى. ئەمما، ئۇ ئىككىلەنمەستىنلا دەم ئېلىش ئىلتىماسى يازدى.

① ئەينى ۋاقىتتىكى پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلىمىسىگە ئاساسەن، بۇ، شىمۇچاغىلاردا پوسكام، قاغىلىقلارنى ئالغان روتىنىڭ جەڭ گىمنىنىڭ باش مىسرالىرى. — ئاپتور.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com



رەھبەرلىك ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى تەستىقلىدى. ئۆز خىزمەتداشلىرىمۇ باشقىچە پىكىردە بولمىدى. ئۇنىڭ تۆت ئوغلى، بىر قىزى ئاللىقاچان خىزمەتكە قاتناشقان، ئۆيلۈك — ئوچاقلىق بولغان، ھەتتا نەۋرىلىرىمۇ خېلى چوڭىيىپ قالغان، ئۇ قىسىمدا، يەرلىكتە بولۇپ، قىرىق نەچچە يىل ئىشلىدى، ئەمدى ئۇنىڭ دەم ئېلىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى. ئادەم دېگەن ماشىنا ئەمەستە!

ئەمما، ئۇ ئۇزاقتىن كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن ئارزۇسىنى، يەنى ئاخىرقى ئۆمرىنى زەرەپشان بويىدىكى ئانا يۇرتىدا ئۆتكۈزۈش قارارىنى بىلدۈرگىنىدە، بالىلىرى جان — جەھلى بىلەن قارشى چىقىشتى. ئوغۇل قىزلىرى، كېلىنلىرى، ھەتتا ئامراق نەۋرىلىرى ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم يېلىنىپ يالۋۇردى، يىغلاپ، تەتۈرلۈك قىلىپ، تەھدىت سېلىشتى. ھەتتا باشقا تونۇش — بىلىش، خىزمەتداشلارنى ئارىدا قويۇپ، كۆپ نەسىھەت قىلغۇزۇشتى... بىراق، ئۇ ئۆز قارارىدىن يېنىۋېلىشنى يادىغا كەلتۈرمىگەچكە، ئاخىرىدا ئۇنى «راستىنلا كاللىسى قېتىپ قالغان، جاھىل» قاتارىغا چىقىرىپ، بالىلىرى يوقلاپ كېلىشنى تاشلىدى. ئۇ خوشنىلىرىغا نەنسەنگە چىقىپ، ھاۋا يەپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپلا، جىمغىنا يولغا چىقتى. پەقەت ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەلگەن كۈنى كەچتە، بالىلىرىغا ئۇزۇن بىر پارچە خەت يازدى. ھازىرقى ياشلارنى چۈشىنەتتى، ئۇلارنى يەندۇ — نەسىھەت بىلەن، بىرەر پارچە خەت بىلەن قايىل قىلىش تەس. لېكىن، بالىلىرى ھامان بىر كۈنى ئۆزىنى چۈشىنىدىغانلىقىغا ئۇ ئىشىنەتتى.

ئۇنىڭ قايتىپ كەلگىنىگە ئىككى ئاي بولاي دەپ قالدى. ئانا سۈتى ئارقىلىق سىڭگەن تونۇش تۇپراقنىڭ ھىدى، ساپ دىل، مۇلايىم يۇرتداشلار ئۇنى يۇرتىغا تېزلا كۆندۈرۈۋالدى. ھەتتا ئوقۇغۇچى بالىلارمۇ ئۇنى كۆرسىلا دىققەتتە تۇرۇپ، سالام بېرىدۇ. كىم ئۇنى يالغۇز دېيەلەيدۇ؟ تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئېغىر، ئۆز يۇرتىدا غېرىپ يوق. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئاكا، ئۇكا — سىڭىللىرى ھەم ئۇنىڭ ئوغۇل-قىزلىرى ئەمەسمۇ؟ تاغلىقلارنىڭ بۇ ئەۋلادلىرىدىن كەلگۈسىدە ئالىملار، ئىنژېنېرلار، رەھبىرىي كادىرلار ... چىقمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ شۇنچە يىللار ئىنقىلاب قىلدۇق، قان ئاققۇزۇپ، قۇربانلار بەردۇق. ئاخىرىدا ھاكىمىيەت خەلقنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە خەلقىمىز يەنىلا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەددىنى كۆتىرەلمىدى. نامراتلىق، قالاقلىق يەنىلا ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە. بالىلىرىمىز — قان بىلەن يۇغۇرۇلغان تۇپراقتا ئۈنگەن مايسىلار يەنىلا شۇنداق ناچار شارائىتتا تۇرۇۋاتىدۇ ... ئۇ ئۆزىنى كۆتەرگۈسىز قەرز ئىلكىدە سېزىپ، ئىختىيارسىز خىجىللىققا چۆمدى ۋە ئۇزاقتىن بېرى قەلبىگە پۈكۈلگەن ئارزۇسىنى بۈگۈنلا ئەمەلگە ئاشۇرۇش خىيالىغا كەلدى.

ئۇ مەكتەپكە كىرىپ كەلگىنىدە، چۈشلۈك دەم ئېلىشتا توپ ئويىنىشىۋاتقان ئەللىك ئاتمىش ئوقۇغۇچى دەرھال سەپكە تىزىلىپ خۇددى پارات قوبۇل قىلىدىغان جەڭچىلەردەك تىك تۇرۇپ: «دىققەت! ھۆرمەت! راھەت!» كوماندىلىرىنى ئورۇنلىدى.

— سالام! قادىرۇپ تاغا، پېشۋالار ئەترىتىمىز سىزنىڭ جەڭگىۋار يىللىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرىشىڭىزنى قارشى ئالىدۇ، — دېدى ئوتـ

تۇرا ئەترەت كوماندىرى.

— سۆزلەپ بېرىڭ!

— سۆزلەپ بەرسىڭىزچۇ! — باللار چۇقۇرۇشۇپ كەتتى.

— مۇئەللىم، دەرس ۋاقتىغا يەنە قانچە سائەت بار؟

— بىرىم سائەت.

— دىققەت!

پىئونېرلار بوم، ئەمما كۆچلۈك كوماندا ئاۋازىدىن جىددىلىشىپ، تېزلا سېپىنى توغرىلىدى.

— ئوڭغا بۇرۇلۇپ، قەدەملەپ مارش!

رىتىملىق ئاياغ تاۋۇشلىرى ئىچىدە، ئۇ ئۆزىنى ھەقىقەتەن ئۆز جەڭچىلىرىنىڭ پاراتىنى قوبۇل قىلىۋاتقان قوماندان سىزىپ چەكسىز شۇكرانىلىق ھېسلىرى ئىچىدە ئالغا قاراپ قەدەم تاشلىدى. ئۇنىڭ جەڭچىلىرىنى ئاز دېگىلى بولمايتتى. بىرىم روتا جەڭچى بىلەنمۇ چوڭ ئىشلارنى قىلىشۋېتىش مۇمكىن!

ئۇ سەل ئالدىدىراق بېرىپ، يېڭى ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقاندىن كېيىن، «يەنە تاغ چوققىسىدىكى قەۋرە تۆۋىگە بارىدىغان ئوخشايمىز» دەپ ئويلاشقان پىئونېرلارنى ھەيران قالدۇرۇپ، ھويلىغا باشلاپ كىرگەندىن كېيىنلا، تۇرۇش كوماندىسىنى بەردى.

— ساۋاقداشلار، سىلەر مېنى تونۇيسىلەر، مەنمۇ سىلەرنى بىلىمەن، ئىلگىرى يۇرتىمىزدا مەكتەپ دېگەن نەرسە يوق ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن مەكتەپ سېلىنىپ، سىلەر تاغلىق يېزىنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرى بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىڭلار. لېكىن، بىز پېشقەدەملەر ئۆز بۇرچىمىزنى ئادا قىلالمىدۇق، سىلەرگە ياخشىراق بىلىم ئېلىش شارائىتى يارىتىپ بېرەلمىدۇق. بۇ ئۆينى ماڭا پارتىيە، خەلق سېلىپ بەرگەن، يۇرتداشلارنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ سېلىپ بەرگەن. ئەمما، مەن بىر ئادەم ئولتۇرۇپ بولالمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشىنىپ قالدىم. بۇ ئۆيلەر كەلگۈسىدە ھامان سىلەرگە قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، ھازىرلا ئاتىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ، بۇ ئۆينى مەكتەپكە تەقدىم قىلماقچىمەن. ھازىردىن باشلاپ، سىلەر مۇشۇ ئۆيدە دەرس ئوقۇڭلار، جۇڭدۇيجاڭ!

— بار!

— ئاچقۇچنى تاپشۇرۇۋېلىڭ!

كۆزلىرىدە ياش ئەگىپ تۇرغان ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى چاپىنىغا سۈرتىۋەتكەندىن كېيىن، ئاچقۇچنى ئىككى قوللاپ تاپشۇرۇۋېلىپ، ئەترەت سالامىنى قايتۇردى.

— تارقىلىڭلار!

ھويلىنىڭ ئىچىدە كۆتۈرۈلگەن ۋاڭ-چۇڭ كەتتىنى بىر ئالدى. بىر قىزچاق قادىرۇپىنىڭ بوينىغا گىلاستۇك چىگىپ قويدى. باللار ئۇنى قۇچاقلايتتى، سۆيەتتى، ئەگەر كۆتۈرەلىگەن بولسا، نەلەرگە ئاپىرىۋەتتىكىن — تاڭ! ئۇنىڭ كۆزلىرى نەملەشتى.

## خاتىمە

«1- ئۆكتەبىر» نىڭ ھارپىسى، كەچقۇرۇن.

قاشقا تاغ ئېلېكتىر ئىستانسىسى پۈتۈپ، بۈگۈن ئاخشام رەسمىي توك بەرمەكچى. تاغلىق كەنتتە ئەتىگەندە ناغرا — سۇناي سادالىرى ياڭراپ، مېھمانلار ھەر تەرەپتىن كېلىشكە باشلىدى. بىر قانچە مۇخبىر ئاپپاراتلىرىنى توغرىلاپ، تاغلىق كەنت ئاپىرىدە بولغاندىن كېيىنكى تۇنجى مۆجىزىلىك مىنۇتلارنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتە. قەيەردىندۇر كەلگەن بىر يازغۇچى ھەتتا كىچىك باللارنىمۇ قويۇۋەتمەستىن گەپ سوراپ، ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەسىرىنىڭ قۇرلىرىنى بېزەشكە تىرىشماقتا. ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى تەسۋىرلەپ زېرىككەن شائىر يەردىكى چىراقلارنى كۈيلەش ئۈچۈن قەلىمىنى تەييارلاپ، ماۋزۇسى ئۈستىدە ئويلانماقتا.

توك بېرىشكە بەلگىلەنگەن ۋاقىت — كەچ سائەت سەككىزگە بىر قانچە مىنۇتلار قالدى. سۇ تاقىقىنى ئېچىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان قادىرنىڭ قوللىرى تىترەپ، يۈرىكى تىنىمسىز تاغ سۈيىدەك ئۆركەشلىمەكتە. ئەۋلادتىن — ئەۋلادقىچە ئالەمدىن ئايرىلىپ دېگىدەك ياشاپ كەلگەن تاغلىقلارنىڭ يۇرتىغا ئىنسان پەن — تېخنىكىسىنىڭ قېنى — توكنىڭ ئۆز نۇرىنى چېچىشىغا كىممۇ خوشاللانمىسۇن! بىراق، تاغلىق يېزىغا شۇنچە ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەن كىشى سورۇننىڭ ھېچيېرىدە كۆرۈنمەيدۇ. قادىروپ بىلەن تۇردىكامنىڭ ھېچقايسىسىنى تاپالمىغان ناھىيە رەھبەرلىرى ئىلاجىسىزلىقتىن لېنتە كېسىشكە بىر پىئونېر قىزنى تەيىن قىلىشتى.

ئىككى پېشقەدەم سەبداش قاڭشا تاغچوققىسىدىكى رىشاتكا ئىچىگە ئېلىنىپ، ئاق تاشتىن قاتۇرۇلغان قەۋرىنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇشاتتى. تاغ شامىلىي قەۋرە ئۈستىگە قويۇلغان گۈللەرنى يەلپۈپ، بۇ يەردە مەڭگۈلۈك ئويقۇغا كەتكەن جەڭچىنى يېنىك ئەللەيلىمەكتە ئىدى. يىراقتا بولسا، كەلكۈن تارتىلغاندىن كېيىنكى دەريا سۈيى قىرغاقلارغا يەڭگىل ئۇرۇلۇپ شاقىرىماقتا ئىدى. قادىروپ بىلەن تۇردىكام مەرھۇم سەبداشنىڭ قەۋرىسى ئالدىدا بىردەم سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن، كەنت تەرەپكە قاراشتى:



بۈگۈن ئۇلار ئىككىلىسى خوشال ئىدى. خوشاللىقنىڭ بىرسى، تاغلىق قېرىنداشلارنىڭ كۈتكەن ئارمىنى رېئاللىققا ئايلىنىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان شانلىق بايرامغا ئۇلگۈرۈپ، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى توك بەردى. ئەمدى بۇ چەت، نامرات تاغلىق يېزىدا، كونا ئىنقىلابى بازىدا ئېلېكتىر نۇرلىرى چاقنايدۇ. يەنە بىرسى، بۈگۈن قادىروپ چوڭ ئوغلى ئېلىدىن خەت ئالدى. خەتتە ئېيتىلىشىچە، ئوغلى يۆتكىلىش رەسمىيەتلى-

رىنى بېجىرەلەيتتى. يېقىندا خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقىدىكەن. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى بۇ ناھىيىدە تۇنجى قېتىم 60- يىللاردا چىڭخۇاداشۆنىڭ سۇ ئېلېكتىر كەسپىنى پۈتتۈرگەن ئىنژېنېر بارلىققا كېلىدۇ. ئۇ چاغلاردا بۇنداق ئوتتۇز بەش كىلوۋاتلىق ئىستانسە دېگەن نېمە ئۇ، زەرەپشاننىڭ سۇ ـ ئېنېرگىيە مەنبەسى تولۇق ئېچىلىپ، چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈشكە تېگىشلىك تۆھپە قوشىدۇ. ئۇ چاغلاردا، باشقا ئوغۇل ـ قىزلىرى ۋە نەۋرىلىرىمۇ قايتىپ كېلىشىدۇ. تاغلىقلار ئاخىرىقى ھېسابتا تاغقا مەنسۇپ. بەلكىم ئۇ چاغلارغىچە ماركىسنىڭ قېشىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلغىلى كېتەر. لېكىن ئۇ ئۆزىنى ئاق سۈت بېرىپ چوڭ قىلغان يۇرتى ئۈچۈن ئازراق ئىش قىلالىدى. ئىنسانىيەتكە ئاز ـ تولا بولسىمۇ، تۆھپە قوشالىدى. شۇڭا، ئۇ قىزارماي، تاتارماي بارالايدۇ...

ئىككى سەبداش ئۈن ـ تىنسىز بىر ـ بىرىگە يۆلىنىپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ يۈرەك سوقۇشلىرى بىر ـ بىرىگە ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇرماقتا ئىدى.

ـــ باشلىنىدۇ، ـ قادىرۇپ فوسفورلۇق سائىتىگە قارىدى.

بىردىنلا «ۋاللىدە» قىلىپ قاڭشا تاغ ئېتىكى نۇرغا چۆمۈلدى. چوققىلارنىڭ كۈلكىلىرى، باللارنىڭ چۇقۇراشلىرى، دەريانىڭ شاۋقۇنلىرى، تاغ شامىلىنىڭ يېقىملىق گۈرۈلدەشلىرىگە شوخ تاغ پەدىسىنىڭ مۇزىكىسى قوشۇلۇپ، ئاجايىپ بىر گۈزەل بىر كۈي ھاسىل بولدى. بۇ كۈي نۇرلار ئىچىگە چۆمۈلۈپ، يىراق ـ يىراقلاردا جاراڭلاپ، ئەكس سادا قايتۇرماقتا ئىدى. بۇ قەدىمكى يۇرتنىڭ يېڭى ھايات كۈيى! تاغلىقلارنىڭ شاتلىق كۈيى، قۇرغۇچىلارنىڭ زەپەر كۈيى ئىدى...!

1984 - 1985-يىللار، پوسكام.

**ئاپتور ھەققىدە:**

ئەخمەت مۇساق، 30 ياش، پوسكام ناھىيىسىدىن. ھازىر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ئىشلەيدۇ. 1972 ـ يىلىدىن تارتىپ ئەسەرلىرى مەتبۇئاتتا كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى ۋە «جىلغىدىكى بىر كېچە»، «تونۇشۇش»، «ئايبولاق» قاتارلىق ھېكايىلىرى كىتاپخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇ «ئايبولاق» ناملىق ھېكايىلار توپلىمىنى نەشرىياتقا تاپشۇردى.

«تاغلىقلار» ئاپتورنىڭ يېقىندا يازغان تۇنجى پوۋېستى.

(بېشى 124 ـ بەتتە)

تۇتقان. 1931- يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا، 1932- يىلى ئېلىمىزدە زىيارەتتە بولغان. لۇشۈن بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان. 1950- يىلى 94 يېشىدا ۋاپات بولغان.

بېرنارد شاۋ 60 يىللىق ئىجادىي ھاياتىدا «ئىشتىن سىرتقى سوتسىيالىزمچىلار» قاتارلىق 4 رومان، 51 دراما يازغان. 1925- يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

بېرنارد شاۋ دراما ئىجادىيىتى بىلەن دۇنيا سەھنىسىگە چىققان. چىخوپ بېرنارد شاۋنىڭ دراما ئىجادىيىتىگە «ياۋروپا سەنئەت ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز» دەپ يۈكسەك باھا بەرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# شېئىرلار

## مۇقەددىر ساھىت

### كۆزلەرگە

ئەجەپ جاھان
ھال كۆزلەر بار، پال كۆزلەر بار،
قەددىمىنى مارايدۇ.
لېكىن ھامان،
ياز كۆزلەر بار، ناز كۆزلەر بار،
يۈرۈكۈمگە يارايدۇ.
ھايات شۇنداق،
پىت كۆزلەر بار، ئىت كۆزلەر بار،
غاجاپ يۈرۈپ قاۋايدۇ.
لېكىن مۇنداق،
خەيرخاھ كۆز، دىت كۆزلەر بار،
ئىت كۆزلەرنى ساۋايدۇ.

× ×

مەن شۇ كۆزلەر ئارىسىدا
تېخى ئۇزاق ياشارمەن (؟)
ھايات بولسام (ئۆلمىسەملا)
مەنزىل، داۋان ئاشارمەن.
تاڭلا بىر كۈن ،
ياز كۆزلەرگە غۇنچە سۇنسام دىلىمدىن،
پال كۆزلەرگە نەپرىتىمدىن
ئوكيان بولۇپ تاشارمەن،
مەن ئەشۇنداق
ئەي ناز كۆزلەر –
دىل غۇنچەمنى ئېلىڭلار!
نىگاھىمدا چاراقلاڭلار –
يۇلتۇز بولۇپ يېنىڭلار!
مەن مۇشۇنداق،
ئى، پال كۆزلەر
مەيلى نەشتەر سېلىڭلار.
ئالىسىڭلار، پەرۋايىم يوق،
ياكى قاخشاپ قېلىڭلار.

### ... غا

كەتكىنىمدە «خوش» دەپ ئۇزاتتىڭ،
بولغاچ ماڭا قەلبىڭ بىر تۇتاش.
«خوش قال» دېدىم سۆيۈپ قۇچاغلاپ،
كىرپىكىڭدە تامچىپ قالدى ياش،
بولغاچ ماڭا قەلبىڭ بىر تۇتاش.

قالدى پەقەت بولۇپ يادىكار،
ھېدىم سىڭگەن كېچىلەر، تاڭلار.
ئاق ئايدىڭدا بوستانلار ئارا
كېزەلىشىپ ئېيتقان ئاھاڭلار،
ھېدىم سىڭگەن كېچىلەر، تاڭلار.
ئاق ياغلىقىڭ لەيلەر ھاۋادا،
ئوخشاپ ھېجران ئەلەملىرىگە.
تەڭكەش قىلار قوللىرىڭ گويا،
جۇدالىقىڭ سەنەملىرىگە،
ئوخشاپ ھېجران ئەلەملىرىگە.

قاراڭ يۇتمەي كۆزۈمدىن تېخى،
ھېلىتىنلا قىلىسەن خۇمار.
سەن تەرەپكە ئاغار يۈرۈكۈم –
ئۆرۈلگەندەك بېشىمدىن تۇمار،
ھېلىتىنلا قىلىسەن خۇمار.
.................................

ئايرىلىشنىڭ ئوتى بەك يامان،
چۆكمە لېكىن دەردۇ پىراقتا.
خەير، ئەسلە، ئامان بول، ئامان!
ئۇچۇپ كەتتىم يىراق - يىراقتا...
چۆكمە لېكىن دەردۇ پىراقتا.

## كۈلمەكلار

سۇمبۇل ساچلار، قېيغاچ قاشلار، ئەي قاشلار!
سىلەر مېنى ئاتەش بولۇپ كۆيدۈرگەن.
ياش كۆڭلۈمنى ئېلىپ قاچقان بەگباشلار،
مەن گۇناھسىز، سىلەر مېنى سۆيدۈرگەن.

چۈشەرمىدىم نىمجان كېيىك ھالىغا،
بولمىساڭلار ئوۋچى بولۇپ ئوق ئاتقان.
يۈرەرمىدىم ئىشق ئارا تەنتىرەپ،
بولمىساڭلار يۈرۈكۈمگە ئوت ياققان.

غەمسىز ئىدىم گويا سەبىي بوۋاقتەك،
ئارامىمنى بۇزدى ئوتلۇق كۆزۈڭلار.
ئىشق نېمە، سۆيگۈ نېمە؟ بىلمەيتتىم،
ئەسىر قىلدى ئايدىن سۈزۈك يۈزۈڭلار.

ئەگمەيتتىم، ھېچ بىلمىدىم ئەگىتتى،
نازلىق بېقىپ ئاتقان ھېلال قېشىڭلار.
ئېرىمەيتتىم قايناتىنىمۇ پىچلاردا،
ۋۇجۇدۇمنى ئېرىتىن قىلدى يېشىڭلار.

كۈندۈزىمۇ بوپتۇ، ئەمما كىردىڭلار،
چۈشۈمگىمۇ سىلەر مەندىن ئەنسىرەپ.
باغلىۋالغاچ تىلسىمىمۇ مەيلىڭلار،
نەچچە قوپتۇم پەي چۈشەكتىن سەنسىرەپ.

جىمغۇر ئىدىم، لېكىن ئەندى ئاۋازىم،
تەڭكەش قىلار بۇلبۇللارنىڭ ئۈنىگە.
تۈن تەڭلىرى ناخشا ئېيتسام كۈلمەكلار،
سىلەر قويغان مېنى مەجنۇن كۈنىگە.

× ×

قىزلار، قىزلار، ئاھۇ قىزلار، ئاھ قىزلار،
سۆيگۈڭلاردا دېڭىزدىڭلار؛ ۋاھ، قىزلار...
كۆيۈم ئۈچۈن ئىلھامچى بوپ قېلىڭلار،
كۆڭۈل تەختى - سارايىدا شاھ قىزلار.

## تۈندىكى دۇئا

كۆك ئارا ئۈزمەكتە مەغرۇر تولۇنئاي،
باغ بويلاپ قېيغىتار يېقىملىق شامال.
ياپراقلار شىۋىرلاپ قۇرماقتا سۆھبەت،
تال باراڭ ئاستىدا ئۇخلار گۈلجامال.

سېھىرلىك كېچىنىڭ ھۆسنىگە تويماي،
ئولتۇرار ئۇيقۇسىز ئانا خىيالچان.
قىزنىڭ ئۇيقۇلۇق نازلىق جۆيلىشى -
ئىشتىلىپ خىيالى بۆلۈنەر شۇئان.
— ئامرىقىم... ئەنۋەر... سىزگە...
— ھە؟... ئانا -
سۇرۇلدى قىزنىڭ قېشىغا دەرھال.
سوئاللار جاۋابسىز، لېكىن «باغرى» غا،
سۆزلىدى تىلىدىن تۆكۈپ شېكەر - بال:

«ئايلىناي، بىرسىنىڭ ئىسمىنى يادلاپ،
ئۆزەڭچە پىچىرلاپ سۆزلىدىڭ بوتام.
نەبىلەي قەلبىڭنى - كۆڭۈل سىردىڭنى،
مېنىڭدىن پىنھانە تۇتتۇڭمۇ قوزام».

«باغرى» دىن جاۋاپ يوق، پەقەت يۈزىگە -
ئايىماي نۇر تۆكۈپ تۇرار سېخى ئاي.
تەبەسسۇم كەيپىتە ئۆگىدەيدۇ گويا -
قويىندىن «پەرىگە» بېرىپ ئىللىق جاي.

مېھىرلىك تىكىلەر قىزغا ئانىجان،
قۇندۇزدەك ساچىنى قولىدا تاراپ.
تۈزىتەر ياستۇقنى لېكىن تېگىدىن -
بىر سۈرەت كۆرۈنەر كېتەر ئۇ قاراپ.

چىرايلىق ئۈستىباش ياراشقان قامەت،
ئۆزىچە ئانىنىڭ تارتتى مەيلىنى.

قارىدى، قويدىيۇ، لېكىن قالدى جىم ـ
ۋە بىردىن ئويغا تماق بولدى «لەيلى» نى.

ناھاتكى، گۈلجامال ئالور يېنىكتىن،
نەھاجەت ئويغىتاي دىبان ئويلىماق؟
ياشلىقنىڭ سۆيگۈلىق ئوكيا نىنى،
قىردلىق نەزدرى بىلەن بويلىماق؟

... تىكىلدى قىزىغا بىر هازا ئانا،
ئېسىگە كەلدى هەم ياشلىق چاغلىرى.
ئەشۇنداق چېغىدا، ئۆتكەن يىللارنىڭ،
قەلبىدە قالدۇرۇپ كەتكەن داغلىرى.

ئېسىدە، مۇراتقا يېتەلمىگەن ئۇ،
قادالغاچ پەلەكتىن ۋاشاق دىلىغا.
قىزىچۇ، ئۇ، غەمسىز يۇرمەكتە تاخلاپ...
بىرنىدا ياماشتى سېخى تىلىغا:

«ئۆستەردىم باغرىمدا، يەتتىڭ ۋايىغا،
يۇزلىرىڭ مەھلىيا ئەيلەيدۇ ئاينى.
چىشلىرى ئۈنچىدەك، ئەي لىۋى كىلاس،
قاپقارا قاشلىرىڭ ئەسلىتەر ياينى.

سىرىڭغۇ پىنهانتى ئاهۇ كۆزۈڭدە،
سۆزۈڭدە دائىما ساقلايتىڭ ئەدەب.
سەرۋىدەك بويۇڭنى ئۇيقۇ ئەككەندە،
توساتتىن ئۆزەڭچە جۆيلۈدۈڭ ئەجەپ.

سۆزلىسەڭ بولماتتى كۆڭۈل سىرىڭنى،
نەچچە رەت قۇچاقلاپ سىرداشقىنىمدا.
ئاتامنىڭ ئورنىدا، ئانام ئورنىدا،
يۈزۈڭگە لەۋ يېقىپ مۇڭداشقىنىمدا.

بوپتىلا بۇ سېنىڭ ھايالىقىڭدۇر،
جان ئانام ئۇنىماس دېگەنسەن ياكى.
يوشۇرما سۆيگۈنىڭ ساڭا ياقسىلا،
مەن سېنى قۇتلايمەن كۆڭۈلنىڭ پاكى...»

شۇ سۆزنى ئېيتىپلا: «ئامىن» دېدى ئۇ،
قىزىغا ئەيلىبان بەخت دۇئاسى.
لەرزان بىر تىن ئېلىپ ئۇخلايتتى گۈزەل،
ئەمەلگە ئاشقاندەك ئۆزمۇددىئاسى.

**ئاپتور ھەققىدە**

مۇقەددىر ساھىت 28 ياش، يېڭىشەر نا-ھىيىسىنىڭ يامانيار يېزا سېخىزلىق كەنتىدە تۇغۇلغان. 1980- يىلى قەشقەر گېزىتىدە بىرىلگەن «ئالدىدا» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات مەيدانىغا كىرىپ كەلگەن. شۇنىدىن بۇيان گېزىت، ژورناللاردا «يولغۇن»، «قەشقەر»، «قار لەيلىسى» قاتارلىق 50 پار-چىدىن ئارتۇق شېئىر ـ رۇبائىلىرى ئېلان قىلىنغان. ئاپتور ھازىر «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىمەكتە. يۇقىرىدا ئۇنىڭ بىر قىسىم شې-ئىرلىرىنى تونۇشتۇردۇق.

# ئايدىڭدىكى نەزمىلەر

**ھوشۇر ئىبراھىم**

**ئايدىڭ كېچە**

ئايدىڭ ئىدى
ئەجەپ سۈزۈك، ئاق.
دېرىزەمدە ئاينىڭ شولىسى،
(يىگىت ـ قىزلار دومسۇيۇپ بەلكى
ئىلەشكەندۇ ئاي قاراڭغۇسى).
مەن خۇشالمەن

خوشلۇغۇم قىيان
سەيلى ئۈچۈن تاشلىدىم قەدەم.
ئايدىڭ كېچە بەردى زوق، ئىلھام،
نەزمە ئۈچۈن ئالدىم گالڭ قەلەم.

## سىغىنىش

چېكىسىگە قىزىلگۈل قىسىپ،
چىققتى ئانا قىزى تويىغا.
يارىشىپتۇ زەرلىك كۆينىكى
ئەۋرىشىمدەك نازۈك بويىغا.

قارىغانىدا سېغىنىپتۇ ئۇ،
ياشانغانىدا ياشلىق چېغىنى.
شۇدەمدىمۇ بېزىمەك بوپتۇ،
ياشلىقىدەك قەلب بېغىنى.

## تەر

دېدى بىرسى: ئېتىزغا قاراپ،
نەزەر ساپتۇ خىزىرنىڭ بىرى.
مەن دېدىمكى: ھوسۇل ئوخشاتقان،
ئەمگەكچىنىڭ پېشانە تېرى.

## تۈتىيا

(چەت ئەلگە كەتكەن دوستۇم تىلىدىن)

كېسەل ئىدىم — قەلبىم جارائەت،
ۋەتىنىمنى چۈشۈمدە كۆردۈم.
باغاشلىدىم ئۇنىڭ كۆكسىنى،
قانماي - قانماي لىۋېگە سۆيدۈم...

ئويغاندىم - دە، شىرىن چۈشلىرىم،
بولدى مېنىڭ رەنجىمگە شىپا.
دىيارىمنىڭ چىمدىم توپىسى
بولدى شۇ دەم كۆزگە تۈتىيا.

## بالامغا

ئانام بېقىپ ئۆستۈرگەن مېنى،
مەنمۇ كۆيۈپ چوڭ قىلدىم سېنى.
ئەقىل تېپىپ كۆرگەندە پەرزەنت،
بالاڭنى دەپ تاشلامسەن مېنى؟

## چاقىرما

چاقىرمىغىن ئايغان يېنىڭغا،
چىققالمايمەن مېنىڭ ئىشىم بار.
ئىختىيارىم رىشتى چىگىلگەن،
«كىتاب» ئاتلىق مۇھەببىتىم بار.

## پىلەكلەپ

(چەت ئەلگە كېتىپ قايتىپ كەلگەنلەر تىلىدىن)

غېرىبسىندىم، سەندىن ئايرىلىپ،
ھۆرەيلىمدەك بولدۇم يىرىكلەپ.
تۇپرىقىڭغا قايتقانىدا ۋەتەن،
سويما سالدىم قايتا پىلەكلەپ...

## پەقەت بىر تېلى

«چاچلىرىڭغا قونۇپتۇ قىرو»
— دېدى ماڭا دوستلاردىن بىرى.
مەن دېدىمكى،
ئېچىلدى تېخى
ئۇن گۈللۈمنىڭ پەقەت بىر تېلى...

## گۈلدىن ئىمدا

گۈلنى ئۈزدى بىر يىگىت،
پۇراپ بولۇپ تاشلىدى.
گۈلدىن چىققتى بىر ئىمدا،
سۆزنى مۇنداق باشلىدى:

سېنىڭ قەلبىڭ ئىمانداق،
ھېسسىياتسىز — قاغجىراق.
گۈل قەدرىنى بىلمەيسەن،
بولسا ئىمۇ گەر يالتىراق.

مېنى ئۈزدىڭ،
بولمۇلىنىڭ —
كۆزلىرىنى ياشلىدىڭ

كۈلگە ئىشقىمنىڭ يوق تۇرۇپ،
نىچۈن ئۈزدىڭ ،
تاشلىدىڭ؟!
مەن ئېچىلغان بىلگەنىڭگە،
مېنى پۇراپ سۆيگەنىڭگە.
يارالمىغان سېنىڭدەك،
ھېسسىياتى ئۆلگەنىڭگە!...

## ئىزدىگەندە جۈپتۈمنى

تاپالمىدىم جۈپتۈمنى،
مەن ئاسماننى ئاختۇرۇپ.

سوئال قويدى يۇلتۇزلار:
—كىمگە كۆيدۈڭ ياقتۇرۇپ؟

«ئالتۇن چاچلىق كۈن پەرى،
دېدىم— كۆيگەن جۈپلۈغۈم.
بىللە ئويناپ چوڭ بولغان،
مېنىڭ سۆيگەن يۇرتلۇقۇم»

بىر — بىرىگە بېقىشىپ،
يۇلتۇزلار كۆز قىسىشتى.
ئۈزۈن ئېلىپ دالدىغا،
كۈلگە ئىشىك ئېچىشتى...

1986 - يىل، ماي، قەشقەر

# ئىككى شېئىر

## ئابدۇرېھىم توختى

## ناۋايى غەزىلىگە تەخمىس

يورۇغاي كۆڭلۈم مېنىڭ ئىشقىڭ تەجەللا ئەيلىسە،
بەيتىم ئۇرۇلسۇن ئەگەر سەندىن بۆلەك جا ئەيلىسە،
رەشىك ئوتىدا ئورتەنۇرمەن ئۆزگە ئىما ئەيلىسە.
كۆڭلۈم ئۆرتەنسۇن ئەگەر غەيرىڭگە پەرۋا ئەيلىسە،
ھەر كۆڭۈل ھەمكىم سېنىڭ ئىشقىڭنى پەيدا ئەيلىسە.

سەندىن ئايرىلغان كۆڭۈلنى مەن كۆڭۈل دەپ نە ئېتەي،
سەندىن ئايرىلسا ئەگەردە مەن ئۇنى تاشلاپ كېتەي،
بىر سېنىڭ ۋەسلىڭنى دەپ دائىم يولۇڭغا تەلمۈرەي،
ھەر كىشى ۋەسلىنى تەمەننا ئەيلىسەم نومىد ئۆلەي،
ھەر كىشى ھەمكىم سېنىڭ ۋەسلىڭ تەمەننا ئەيلىسە.

سەنكى ئىقبال ئاسمىنىدا بەخت — تەلەي يۇلتۇزۇم،
ساڭا ئىككىتىم جۈپ كۆزۈمنى، بۇ مېنىڭ ۋەئدەم — سۆزۈم؛
مۇنتەزىر بوپ سەپ تۇرۇشقا كىرپىكلىرىم تۈزدى تۈزۈم،
ئۆزگىلەر ھۆسنىن تاماشا ئەيلىسە چىقسۇن كۆزۈم،
ئۆزگە بىر كۆز ھەمكى ھۆسنۈڭنى تاماشا ئەيلىسە.

سىنى ئىيتاي، سىنى دەي، سىنى دەپ چىققان تىلىم،
ساڭا كىم تەككۈزسە تىل ئەيلەي ئۈنى «تىلىم ــ تىلىم»،
ساڭا تىل تەككۈزگۈچىنى مەن بىلەرمەن قاتىلىم،
غەير زىكرىن ئاشكارا قىلسا لال ئۆلسۇن تىلىم،
قايسى بىز تىل ھەمكى زىكرىڭ ئاشكارا ئەيلىسە.

باغدا يۈرسەڭ گۈل ــ چىمەنگە ئاي يۈزۈڭ ئاينەدۇر،
نەدە تۇرساڭ پاسبانىدەك جۈپ كۆزۈم سەن بىرلەدۇر،
تاكى سەن باغ ئارىلاپ بولغۇنچە ھالەت بويلەدۇر،
رەشكتىن جانىمغا ھەر نەركەس كۆزى بىر شۇئلەدۇر،
باغ ئارا ناگاھ خىرام ئول سەرۋ ــ رەئنا ئەيلىسە.

قانچە نوكتەدان ئىرورسە دىلكەشىمدەك بولمىغاي،
ھەم پاساھەت ھەم بالاغەت ئول كىشىمدەك بولمىغاي،
سۆزنىڭ تەسىر كۈچى بۇلبۇل قۇشۇمدەك بولمىغاي،
يوق ئىپىزدىن نوكتە ئەيتۇر مەھۋەشىمدەك بولمىغاي،
گەر قۇياش ھەر زەررەسىدىن بىر مەسھا ئەيلىسە.

ئىشىق كويىدا سەرگەردان ئەيلىدى ئەركىم مىنى،
ھال ــ ئەھۋالىمنى كۆرسە تىلبەدەر ھەركىم مىنى،
بالىلار تاش، قوم ئىتىپ قوغلىشار بەلكىم مىنى،
ئاقىۋەت جانىمغا يەتتى ئەي خۇشا موغ كىم مىنى؛
بىر قەدەھ بىرلە خاراباتى ئىچرە رەسۋا ئەيلىسە.

قايتىدىن جان بەردى تەنگە ئول پەرى ۋوش بىر كېلىپ،
ئىچ ــ ئىچىمگە تولدى شادلىق، يەنە كەتتى جان ئېلىپ،
ئۆزلۈگۈمنى باشقۇرالماي مەن تۇرارمەن داڭ قېتىپ،
كەلتۈرۈڭ دەپمى جونۇنىمغا پىرىخۇان، يوق تىۋىپ،
كىم ئول ئەنسەبدۇر پەرى ھەر كىمنى شەيدا ئەيلىسە.

سورىما دەرھال كىشىدىن ئىشىقىنىڭ ئىزھارىنى،
ئىشىقتىن گەپ ساتمىغاي كىم سۆيسە چىن دىلدارىنى،
سورساڭ سىدقۇر ۋاپادىن ئىشىقىنىڭ ئەسرارىنى،
سۇبھىدەك بىردەمدە كىردون قويمىغاي ئاسارىنى،
ناگەھ ئەھلى سىدقى كۆڭلى مېھرىن ئەپشا ئەيلىسە.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى www.uyghurkitap.com



ھەر گۈزەلنى بىر كۆرۈپلا «سوقمىغىن» دە يۈرىكىم،
رازىدۇرمەن چىن گۈزەللىك مەڭگۈ بولسا قىلالىقىم.
ئالدىناۋ يالغان گۈزەلگە قەلبى ئۇرسىز بولسا كىم،
دەھر شوخىغا ناۋايى سەيد بولمانچە كىم،
كۈن ئۇزارى ئۆزرە تۈن زۇلپىن موتەررا ئەيلىسە.

## بىر تارتۇقنىڭ ئىككى خىل «تارىخى»

(يۇمۇر)

ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە تايى تارتۇق،
يىغىنلاردا زور ناتىق يوق ئاندىن ئارتۇق.
كۆرسىتىپ ئۇ سول كۆزدىكى تارتۇقىنى،
سۆزلەيتتى ھەم قايناپ-تېشىپ بار - يوقىنى.
— خوجايىنىم يوقالدى دەپ توكۇر ئوغلاق،
باش - كۆزۈمنى يارغانىدى ئۇرۇپ تاياق.
سول كۆزۈمدە شۇ تاياقنىڭ ئىزى قالغان،
تايى تارتۇق دېگەن لەقەم شۇندىن قالغان.

× ×

يەنە بۇگۈن سورۇنلاردا گەپ تاپىنىڭ،
دەر: ئارزۇلۇق ئوغلى ئىدىم بىر باينىڭ.
چوڭ قوتاندا تۇرارىدى ئون نەچچە ئات،
ياخشىسىنى تاللاپمىنىپ بولاتتىم شات.
تاللاپ مىندىم قوتاندىن بىر توسان تاينى.
كەلتتىن چىقىپ كىتىۋاتاتتىم كۆزلەپ ساينى.
توساتتىنلا بىر يارلىقتىن چىقتى توشقان،
بوي بەرمىدى شۇنچە قىلسام ھۈركۈكەن توسان.
غولاپ چۈشتۈم قىرلىق تاشقا ئاتتىن ئاجراپ،
قان چىقاتتى باش - كۆزۈمدىن ئوقتەك چاچراپ.
تارتۇق ئىزى ئەركىلىكنىڭ يالدامىسى،
شوخلۇقۇمنىڭ تېشىپ كەتكەن پىمانىسى.

# ئىككى شېئىر

## يۇسۇپجان ھېيت

### تاك لېرىكىسى

تاك شولىسى سۆيدى ئۇپۇقنى،
قۇچاقلاشتى شەپەق بىلەن كۆك.
نۇر باغرىدا كۆرۈپ زېمىننى،
ئاي يۈزى قىزاردى چوغدەك.

تۈن پەرىسى يىتتى باغرىنى،
كائىنا تنىڭ قۇچىقىدا نۇر.
تاك ۋە ھايات ۋىسال سۆيگۈسى،
بەخش ئەتتى ئالەمگە ھوزۇر.

نۇردا چاقنار مەرۋايىت ئۈنچە،
نۇر قوينىدا كۈلىدۇ دەريا.
بارچە ھايات چۆمۈلدى نۇرغا،
شۇ نۇر بىلەن بىنادۇر دۇنيا.

مېنىڭ كۆڭلۈم شۇدەم مىسلى جام،
مۇھەببەتلىك سۆيگۈگە پەۋەس.
ئەلگە تۇتتۇم تاڭدا گۈلدەستە،
دىلىم ئىشقى ـ شەيدا لىقتا مەس.

كۆڭلۈم گويا ئىلھام بۇلىقى،
ھەر يېڭى تاڭ، يېڭى بىر ناخشا.
ئالەم ئىجاد ـ تۆھپىكار بېغى،
ئىلھام ئاڭا مەڭگۈلۈك ئاشىنا.

### كۆزلىرىڭ

سېنىڭ كۆزۈڭ گوياكى قۇياش،
مىسلى ئاپتاپ ماڭا ھەرنەزەر.
كۆك مايىسىدەك بەخشەندىلىكىم،
كۈلكەڭ ئارا نۇرغا مۇيەسسەر.
كۈلسەڭ نىگار ماڭا مەدەتتۇر،
ئەشۇ كۈلكەڭ جان بەخش ئېتەر .

قەدىردانىم مېھرىڭ زور دەريا،
ساھىلىڭدا ھاياتىم يەلكەن.
سەنسىز ماڭا يىراقتۇر قىرغاق،
ئىشقىڭ كۈچى ئۇپۇقنى يەڭگەن.
ئاھ، قاراكۆز سۆيۈملۈك خەلقىم،
ـ تېغىم ئۆزەڭ ھارسام يۆلەنگەن.

# شېئىرلار

## ئابدۇللا ياقۇپ

### شائىر ئۆلسە، ئۆلـدى دېمەڭلار

شائىر دېگەن ئۆلمەيدۇ پەقەت،
شائىر دېگەن قۇرىماس دېڭىز.
شائىر دېگەن ئۇپرىماس قىيا،
شۇنچە يۈكسەك، شۇنچە بەك ئېگىز.

شائىردېگەن ئۇلۇغدۇر راستلا،
تەڭ قىلغىلى بولماس خان بىلەن.
شائىر ئۆلسە، ئۆلدى دېمەڭلار،
شائىر ھايات ياشار شان بىلەن.

بولسا نابۇت شائىر قەلىمى،
خالايىقنىڭ جېنى يىغلايدۇ .
ئامبال ئۆلسە ئاران ئون كىشى.
شائىر ئۆلسە مىڭى يىغلايدۇ.

www.uyghurkitap.com



## بىلىملىك ۋە بىلىمسىز

بىلىملىكتۇر كىشى نەت ئادەم،
بىلىمسىزدۇر جانسىز ھەيكەل ـ بۇت.
بىلىمسىزنى دېسەڭ سېسىق سۇ،
بىلىملىكتۇر گويا ئاتەش ئوت.

بىر قويۇنغا سىغماس ئىككىسى،
بىر قازاندا قاينىماس ئەسلا.
ئورۇقنى تىكسە بىر يەرگە،
بىر ئۆۋىدا ئاينىماس ئەسلا.

## نەتىجەڭ كەمكەن

ـ زادى قانداق ئىشلىسەم ئىشنى،
باشلىقىمغا يارايدىغاندۇ؟
خىزمەتنىڭغۇ ئىشلەيمەن نىچۈن،
ماڭا سوغۇق قارايدىغاندۇ؟

خىزمىتىڭدە باركەن نەتىجە،
بىراق دوستۇم بىر ئىشىڭ خامكەن.
ياقىماسلىقىڭ ئۇنىڭغا ئەسلى،
خۇشامەتتە نەتىجەڭ كەمكەن.

## كۆكۈل ۋە ئەينەك

ئەينەك سۈزۈك نازۇك بىر نەرسە،
تېگىپ كەتسە سۇنىشى ئاسان.
قادا تسا ئىمۇ ئۇنى بەردىبىر،
ئۆز ئەسلىگە كەلمەس ھېچقاچان.

كۆكۈل دېگەن ئەينەككە ئوخشاش،
يەتسە زەخمەت بولىدۇ پارە.
زەخمەت يېتىپ سۇنغان كۆكۈلنى،
ساقايتىشقا باركەن نەچارە؟

# لىرىكىلار

### ئابدۇشۈكۈر قاۋۇل

## بوۋاق

بۆشۈكىدە تاتلىق ئۇيقىدا،
ياتار رەتلىك بىر بوۋاق تىنىپ.
شۇ بوۋاقمۇ كۆرەمدىكىن چۈش؟!
«پۇش ـ پۇش» ئۇخلار، جىم لەززەتلىنىپ.

مېھرى ئىسسىق بوۋاق چېھرىدىن،
چاقنايدۇ ھەم بەخت جىلۋىسى.
ھەيران قالماڭ بوۋاق ھۆسنىگە،
ھۆسنىداردۇر ئاتا ـ ئانىسى.

## بەخت پەيتى

ئەركىلەيتتى كىچىك شوخ ئوغۇل،
ئانىسىغا كىرە سېپ كۈلۈپ.
«ياشا» دەيتتى زوقلىنىپ ئانا،
شوخ ئوغلىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ.

ئانا ـ بالا بىر بولغان شۇ پەيت،
سۆيۈش، كۈلۈش چىققان ئەۋجىگە.
«جان ئانا» غا «جان بالام» يېنىپ،
چۆمگەن شۇنداق بەخت پەيتىگە.

## ئامەت كېلەمدۇ...

زار يىغلايتتى كىچىك بىر بالا،
بىر ئېرىقتىن ئۆتەلمەي قاخشاپ.
شۇ چاغ بىراۋ كەلدى كۆتۈرۈپ ـ
ئۆتكۈزۈپلا قويدى بىرتاقلاپ.

ئۆتكۈزۈپلا قويدى بىر تاقلاپ،
بۇ گۈدەكنى يىغلاپ تۇرغاندا.
لېكىن بۇنداق ئامەت كېلەمدۇ،
يىللار ئۆتۈپ چوپ-چوك بولغاندا.

**گۈزەللىك شۇ ئاققان ئۈنچىدە**

كەتمەن چاپار نەۋقىران يىگىت،
ناخشا ئېيتقاچ مىسلى بوپ بۇلبۇل.
شوخ كەتمىنى تاپماس ھېچ تىنىم،
تالمامدىكى ئۇنىدىكى جۇپ قول؟!

ئويلامدىكىن لىۋەن يارىنى،
ھارغىنلىق يوق ئۇنىڭ چىھرىدە.
جۇلالىنار زەپ بىر گۈزەللىك،
ماڭلىيىدىن ئاققان ئۈنچىدە.

# ئانا ۋە بوۋاق

## ئۆمەرجان نىيازى

(چەت ئەلدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان دوستۇم تىلىدىن)

ئاسمان ھەسرەتتە كۆز يېشىنى تۆكەر،
مۇھتاجلىق ئىلكىدە قالغان ئانىغا.
باھاردا تەلمۈرەر، يەنە باھارغا،
بۇ باھار يەتمىگەچ مەزلۇم ھالىغا.

ئانىنىڭ كۆزىدىن ئاققان يېشىغا،
تولغۇنار تۈركىيە، تولغۇنار زېمىن.
ئاھ، ئەجەپ رەھىمسىز ئىكەن بۇ قىسمەت،
بىلمەسمۇ ئانىنىڭ زارى نېمىدىن.

نېمىشقا تۆرەلدى بىچارە بوۋاق،
قۇياشلىق ئۇيۇقنىڭ رەڭگىمۇ ئۆڭگەن.
ئىگرايدۇ شۇ بوۋاق كېسەل دەستىدىن،
ئانىسى چېكى يوق غەملەرگە چۆمگەن.

سۈپ-سۈزۈك بۇلاقتەك مەسۇم كۆزلىرى،
قارىشى تەلمۈرۈپ دىلنى ئېزىدۇ.
تىۋىت تەڭگە تاپالماي داۋالاش ئۈچۈن،
دەھشەتلىك ماتەمنى يېقىن سېزىدۇ.

جاھانغا نە ئۈچۈن كەلدى بۇ بوۋاق،
يالەمدىن بىداۋاكەتسە مەيلىمۇ؟
ئامالسىز ئاھ ئۇرغان ئاتا- ئانىنىڭ،
نالىسى چېكىمگە يەتسە مەيلىمۇ؟

تىترەيدۇ بوۋاقنىڭ يۇمران تەنلىرى،
ئاغرىقتىن تولغۇنار شىپالىق ئىزلەپ.
تەگرىگە يالۋۇرار بىچارە ئانا،
«باغرىمنى قۇتقازغىن، ئۆلەيلى بىز» دەپ.

يوقمىدۇر بۇ ھالغا ئىچىنغۇچىلار،
ئەنقەرە سېنىڭدە نەچچە خىل كۆز بار؟
جاھالەت ئاخىرى بولىدۇ گۇمران،
دېگەن بىر ئاجايىپ ھېكمەتلىك سۆز بار.

ئانىنىڭ يىغىسى ئېزەر يۈرەكنى،
بۇنىڭدىن ئۆزگىچە يوقتۇر ئىلاجى.
مەقسىدى بوۋاققا دورا ئېلىشتۇر،
(پەقەتلا شۇ ئىدى ئۇنىڭ مۇھتاجى).

بۇ يىلقى ئېرىلغۇھوسۇل بەرمىگەچ،
بوۋاقنىڭ ئاتىسى قۇرۇق قول ئىدى.
بۇرۇنقى قەرزىنى تۆلىيەلمىگەچ،
بۇنىڭغا باشقىچە ئامال بولمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



كىم چىدار بوۋاقنىڭ ئاگلاپ زارىنى،
ھەسرەتتىن ـ ئەلەمدىن يىرىلار يۈرەك.
چىدامدۇ ئېچىلماي توزىسا بىردىن،
قۇياشقا تەلمۈرۈپ تۇرغان بىر پورەك.

لەۋلىرى تىترەيتتى ئانىنىڭ ئاچىز،
كۆكسىنى قۇرۇتتى ئاچلىق ئازاۋى.
جاھالەت كۆرسەتتى ئاخىر كۈچىنى،
تارتىلار بىر كۈنى ئۇنىڭ تاناۋى.

كۆزىدىن نۇر كەتتى بوۋاقنىڭ مانا،
چىشلىرى كىرىشىپ ھالىدىن كەتتى.
ئەمدىلا جاھانغا كۆز ئاچقان گۈدەك،
بىۋاپا دۇنيادا ئارىدىن كەتتى.

ئانىنىڭ زارىدىن سىلكىنەر جاھان،
سىلكىنەر مۇقەددەس زېمىن ھەم تاغلار.
ۋاقىتسىز ئالەمدىن كەتكەن سەبىگە،
ماتەمدە سۈكۈتكە چۆمدى ھەم باغلار.

بەس ئانا، يىغلىما توختىسۇن يىشىڭ،
قۇرۇماس ياشلارنىڭ قىساسى تۇتار.
ئويغۇنار ئاخىرى مەزلۇم دۇنياسى،
ئادالەت تەگرىسى زۇلمەتنى يۇتار.

# شېئىرلار

## ئابدىرېھىم قاۋۇل

### كەپتەر «سوقارلار»

يول ئۈستىدە كېتىپ بارسام ئالدىراش،
تۇرۇشۇپتۇ بىر توپ كىشى ئولىشۇپ.
بەش ـ ئالتىدىن چالما ـ كېسەك قولىدا،
بىر دەرەخكە ئاتار «ھايت ـ ھۇيت» تۇۋلۇشۇپ.

نېمە بولدى قەدىمىنى توختىتىپ،
مەنمۇ باردىم كىشىلەرنىڭ توپىغا.
چۈشەندىم: ھالسىزلانغان بىر كەپتەر،
قونۇۋالغا نىكەن دەرەخ ئۇچىغا.

موللاق ئاتتى ئۇشتۇمتۇتلا بۇچاغۋار،
ھايال ئۆتمەي چالما بىلەن سوقۇلۇپ.
قىلمىشىدىن چالما تۇتقان نوچىلار،
كەتتى شۇنداق ماختىنىشىپ، خوش بولۇپ.

تۇرمۇشتىمۇ باردۇر «كەپتەر سوقارلار»،
كۆرەلمەيدۇ ئۆزىدىن سەل ئاشقاننى.
ئۇنىمايدۇ كۆڭلى ئۇرۇپ چۈشۈرمەي،
ئۆز بېشىدىن غىرىچ ئېگىز تۇرغاننى.

### ئۆمرۈم كېتەمپتۇ

بىر ئىشنى قىلماقچى بولدۇممەن لېكىن،
ئەتەدەپ ـ ئۆگۈن دەپ كۈنۈم ئۆتۈپتۇ.
تۈگىمەس ئەتىگە ئىشتەي ساقلىسام،
بىلمەيلا قاپتىمەن ئۆمرۈم كېتەمپتۇ.
ئاخىرقى ئەتىگۇ ئەنە ئەزرائىل،
«ۋاي ئېسىت!» مېنى ئەمدى ئۆلۈم كۈتۈپتۇ.

### پارچىلار

مەس بولۇپ قالدىم جانان ھالىم خاراپ،
لەۋلىرىڭ جامى تېخى تۇتماي شاراپ.
نەئامال سەنسىز ھايات مەجرۇھ ماڭا،
بولدى قىل بۇ يولدا كۆپ يۈرمە سىناپ.

×

تەگىسىز خىيال قاچتى ئېلىپ ھەريان مېنى،
شۇ خىيال بىرلە بەخت سۆيدى سېنى.
شۇ مەھەل ھۇشۇم يىغىپ چەكتىم ئازاب،
چۈنكى مەن مىدىرلىماي ياتقان تېخى.

# ئىككى شېئىر

### ئەمەتجان قەييۇم

## ئانا كۈتكىنى نەۋاخ

ئانا كۈتكىنى نەۋاخ،
قازان مەشتىن ئېلىندى.
مېزىلىك چاي دەملىنىپ،
داستىخانمۇ سېلىندى.

ئوغۇل بۇدەم بەھوزۇر،
ئاشپۇزۇلدا بايۋەتچە.
ھەرخىل تاماق، شارابلار،
تۇرار يەنە بىرچەتتە.

سۆز باشلىدى بايۋەتچە:
«بۇرادەرلەر ئىچەيلى.
بۇندىن ئارتۇقى بولماس،
مەي كەيپىنى سۈرەيلى...»

بارا ـ بارا يوقاتتى،
سورۇن ئەھلى ئەقلىنى.
ئۇنۇتماقتا ئوغۇلمۇ،
ئۆز خۇدىنى ھەممىنى.

تەلمۈرمەكتە ئىشىككە،
ئانا يەنە مۇشۇ دەم.
«بىللە بولساق تاماقتا»
دېگەن ئۈمىد بولۇپ ھەمدەم.

## قايسى ئەخمەق ؟

كىردى ھەسەن چوڭ ئۆيگە،
چا خورازنى كۆتۈرۈپ.
كۆڭلدىكى تاسادىپ،
بىر خىيالدىن سۆيىنىپ.

قويۇپ بەردى خورازنى،
دەل تىكلىمە ئەينەككە.
كۆرۈپ خوراز ئەكسىنى،
تىگىرقىدى بىرپەسكە.

يانىسا ياندى «رەقىبى»
بىر چامدىسا، چامدىدى.
ئاچچىقىدا خورازجان،
كەسكىن ھۇجۇم باشلىدى.

ئىككى دورەم تېپىشكىتىن،
كەتتى ئەينەك چېقىلىپ.
بۇ لەپەردىن ھەسەنجان،
كۈلدى راسا تېلىقىپ.

دېدىم كېيىن خورازغا:
«ئەخمەقكەنسەن ئاجايىپ؛
يۈرەرمىتىڭ بولمىسا،
باش تاجىڭنى قان ئېتىپ؟»

# يالغانچىلىقنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام

( تېلېۋىزىيە تىياتىرى )

**سابىت سادىق**

— 1 —

ئېكراندا تامغىنىڭ خەت ئويۇلغان يۈزى چوڭايتىپ كۆرسىتىلىدۇ.
بىر قول تامغىنى ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن ئاق قەغەزگە ئۇرماقتا.

— 2 —

قەلەم تۇتقان قول تۈۋەن تەرىپىگە تامغا ئۇرۇلغان قەغەزگە ھە دەپ خەت يازماقتا:
« بىناملىق يېزىسىدا كۈزگى بۇغدايلار ئومۇميۈزلۈك... ...... »

خەتنى يېزىپ بولۇپ ئالدىراش كونۋېرتقا سالىدۇ-دە، ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ. كونۋېرت تۇتقان ئادەمنىڭ ئاۋازى: — ئېغىر كۆرمەي بۇنى پوچتىغا سېلىۋېتەرسەن.
ئىككىنچى ئاۋاز: — نېمىتتى بۇ؟
كۆرۈنۈش شۇ پېتىچە توختايدۇ. ئېكراندا — ( كونۋېرت ئۈستىدە ) « بىر پارچە خەۋەر » دېگەن فىلىم ئىسمى كۆرۈنىدۇ. خەتلەر ئالمىشىپ، فىلىم باشلىنىدۇ.

— 3 —

كۈندۈز:
يېزىلارنى كېسىپ ئۆتكەن ئاسفالىت يولدا جىپ ماشىنا ئۇچقاندەك كېتىۋاتماقتا.

— 4 —

كۈندۈز، جىپ ماشىنىنىڭ ئىچى.
خالىق ۋالى بىلەن مۇھەررىر سۆھبەتلەشمەكتە.


خالىق ۋالى: جىمىپلا كەتتىڭىزغۇ؟ ئۆيدىن ئايرىلغىلى بىر-ئىككى كۈن بولا-بولمايلا، ئايالىڭىز كۆز ئالدىڭىزغا كېلىۋالدىمۇ-يا؟

مۇھەررىر: ياق خالىق ۋالى، مېنىڭ ئويلىغىنىم باشقا ئىش.

خالىق ۋالى: ئەگەر مەخپىيەتلىكى قاتتىق بولمىسا دەپ باقمامسىز؟!

مۇھەررىر: نېمە مەخپىيەتلىكى بولسۇن دەيلا! ھېلىقى بىر پارچە خەۋەر كاللامغا كىرىۋالدى.

خالىق ۋالى: ھە! ... توغرا! ئانداق بولسا سىز مۇھەررىرلىك سالاھىيىتىڭىز بىلەن دەپ بېقىڭ-
ا. بۇ خەۋەر گېزىتىڭلەرگە ئېلان قىلىنغان ئۈچ-تۆت كۈن مابەينىدە يۈز بەر-




گەن ۋەقەنى تەكشۈرۈشكە قاتنىشىپ قاند-
اق تەسىرات ئالدىڭىز؟

مۇھەررىر: بۇ خەۋەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا، شۇنداقلا قېرىنداش ئۇرۇنلارنىڭ

نورمال مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قالماي، بەلكى پارتىيە گېزىتىمىزنىڭ ئىناۋى-
تىگىمۇ نۇقسان يەتكۈزدى...... مۇھىمى خەۋەر يازغۇچى ئىختىيارسىز مۇخبىر
رېئاللىققا ھۆرمەت قىلمىغان.

خالىق ۋالى: شۇنداق. بۇ بىر پارچە خەۋەر كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلىنى خام ماتېرىيال قىلىپ، بىرەر ئەسەر يېزىپ ئاخباراتچىلىق ساھەسىدىكى ئايرىم كىشىلەردە ساق- لىنىۋاتقان سەلبىي تەرەپلەر تەنقىد قىلىنسا بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

مۇھەررىر: توغرا! مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم. بۇ ئىشنىڭ ئۆزىلا ئەپچىل بىر ھېكايە!

-5-

بىنالىق يېزىسى، چىڭقى چۈش مەزگىلى.

قۇرۇپ كەتكەن ئېرىق - ئۆستەڭلەر، نەملىكى تۈگەپ چاك - چاك يېرىلغان يەر- لەر، ئۇسسۇزلۇقتىن سولاشقان بۇغداي مايسىلىرى، كۆكتاتلار......

-6-

بىنالىق يېزىسى، كۈندۈز:

مۇسا بوۋاي، گاھىت دۈيجاڭ قاتارلىق ئەر - ئايال ئەزالار ئېتىز بېشىدا.

دېھقان ئا: ھاۋا ئىسسىپ ئېرىق - ئۆستەڭلەردىن توپا ئۆرلەپ كەتتى. تېخىچە سۇ كېلىدۇ دېگەن خەۋەر بولمىسا قانداق گەپ بۇ؟

دېھقان ب: شۇنى دېمەمدىغان! تەشنالىقتىن زىرائەت تۈگۈل ئادەملەرمۇ سولىشىپ كەتتى.

ئايال ئا: چوڭ ئادەملەرگىغۇ مەيلى، قۇدۇقنىڭ ئاچچىق سۈيىنى ئىچىپ بېرىپ، بالىلار ئورۇق- لاپ كېسەل بولۇپ كېتىۋاتسا، بۇ كادىرلار نېمىش قىلمىدىكىن تاڭ؟ ھېچ بولمىسا ئادەم- لەر ئۈچۈنمۇ بولسا بىر ئېرىق سۇ باشلاپ كىرىلسىمۇ بىر گەپ.

ئايال ب: شۇجى، شاڭجاڭ دېگەنلىرىنىڭ ئۆيلىرىدىكە يۇلغۇنلۇقتىن بىر قول تىراكتور كېچە- كۈندۈز دېمەي تاتلىق سۇ توشۇپ بېرىۋاتسا، ئۇلاردا نېمە غەم! ناھىيىدىن سۇ ئۆۋىتىنى قاچان بەرسە شۇ ھېساب دەپ ئولتۇرۇۋېرىدۇ.

مۇسا بوۋاي: ھەي! بولدى، بولدى. «ئارتۇق گەپ ئىشەككە يۈك» قايىنىغانىنىڭ پايدىسى يوق، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىكى كادىرلارمۇ بەلكىم شۇڭ ياتمىغاندۇ. شۇنداقمۇ گا- ھىت دۈيجاڭ؟

گاھىت دۈيجاڭ: مامۇت شۇجى داۋالىنىۋاتىدۇ، بارات شاڭجاڭمۇ سۇ ھەل قىلىمەن دەپ چېپىپ يۈرگىلى ئىككى-ئۈچ ھەپتە بولدى. بەلكىم مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە ھەلمۇ بولۇپ قالار. مۇسا ئاكام بىلەن ئىككىمىز يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بېرىپ ئۇقۇشۇپ كېلەيلى، ماقۇلمۇ؟

-7-

بىنالىق يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسى، كۈندۈز.

بارات تېلېفوندا سۆزلەشمەكتە.

بارات: ھە! ماقۇل! ناھايىتى ياخشى، سۇ ھەل بولىدىغانلا بولسا بۇ يەردىكى تەييارلىق- لار پۈتتى، پەقەت تۆت كۆزىمىز بىلەن سۇنىڭ كېلىشىگە تەلمۈرۈۋاتىمىز. بولىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خەير! ( ئىرىپكىنى قويۇپ سىرتقا قاراپ توۋلايدۇ ) كاتىپ! هەي كاتىپ!

كاتىپ: ( كىرىدۇ ) شائىجاڭ، بىرەر ئىش بارمىدى؟

بارات: هەرقايسى كەنتلەرگە ئۇقتۇرۇڭ، ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ تەييار-لىقنى پۇختا قىلسۇن، سۇ كېلىدۇ، توختاڭ! هازىر سۇ ئىنتايىن قىس، بىر تامچە سۇنىمۇ ئىسراپ قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر كىمدە-كىم مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىدىكەن، جەرىمانە قويۇلىدىغانلىقىنىمۇ ئۇقتۇرۇپ قويۇڭ.

كاتىپ: ماقۇل. (چىقىپ كېتىدۇ) بارات ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلايدۇ.

بارات: ئاخىرى سۇمۇ كېلىدىغان بولدى.

جامال: ( گېزىت كۆتۈرۈپ كىرىدۇ ) باشائىجاڭ، بۇ سىلىنىڭ گېزىت.

بارات: ها! ئەپكەلىڭىنى، سەنمۇ ئولتار ( خوش ياقمىغان هالدا گېزىتكە كۆز يۈگۈر-تىدۇ ) « يۇلغۇنلۇق يېزىسىدا بۇ يىل ئەتىياز 5 مىڭ مو مېۋىلىك باغ ئەھ-يا قىلىندى ··· »(گېزىتنى چۆرۈۋېتىپ ) بەكلا ماختاپ يېزىپ كەتتىغۇ بۇ يۇل-غۇنلۇقنى. شارائىتى بولغاندىن كېيىن، باغ ئەھيا قىلىسىمۇ قىلغاندۇ، شارائىت بول-سا بىز باغ ئەمەس، تاغمۇ ئەھيا قىلىمىز! مۇھىمى شارائىت بولۇشى كېرەكتە!

جامال: لىللا گەپ قىللا شائىجاڭ. شەرت-شارائىتى تولۇق بولمىسا هېچ ئىش ئاقمايدۇ دېسىلە! يۇلغۇنلۇقنى ئالىدىغان بولساق شارائىتى قۇلايلىق، نېمە قىلسا قىلالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە « قىلنى يىلدەك » كۆرسىتىپ يازىدىغان ئادەملىرىمۇ كۆپ دېسىلە!

بارات: يازىدىغانلار كۆپ-زە، خەخنىڭ ماختىنىشىنى ئوقۇپ هوزۇرلىنىپ ئولتۇرىدى-كەنمىز-دە؟! جامال ئاخۇن، سەنمۇ يېزىمىزنىڭ تەشۋىقاتىغا مەسئۇل كادىرى بولغانىدىن كېيىن، لاغايلاپ يۈرمەي بىنامىلىقنىمۇ ئانچە-مۇنچە گېزىتكە چىقار-ماسەن؟

جامال: يازغىدەك بىرەر يېڭى ئىش بولمىسا؟

بارات: يېڭى ئىش سېنى ئىزلەپ كېلەمتى؟ ھە توغرا، بۈگۈن هاكىمدىن تېلېفون كەلدى. ئەتە كەچتۈرۈن سۇنى ئالىمىز، مانا بۇ بىنامىلىققا نىسبەتەن ئەڭ يېڭى ۋە ئەڭ زور ئىش، مۇشۇنى يازماسەن؟

جامال: بۇغۇ ياخشى بىر خەۋەر چىقىدۇ. بىراق سۇنى كۆرگەندىن كېيىن يازساق بولارمىكى؟

بارات: سەن ئۇنى يېزىپ، پۈتتۈرۈپ پوچتىدىن گېزىت چىقىدىغان يەرگە يەتكۈزگىچە يېزىمىز سۇغا چىلىشىدۇ! ئۇنداق سەۋەب كۆرسەتكىچە يازالمايمەن دېگىنە؟

جامال: يېزىشىنغۇ يازىمەن!

بارات: ئەمىسە يېزىپ باقماسەن؟

جامال: ماقۇل ئەمىسە، يازسام يازاي. كاتىپقا دەپ تامغۇ باستۇرۇپ بەرسىلە.

بارات: تامغۇ دېدىڭمۇ؟ هازىرلا كاتىپقا دەپ قانچىلىك لازىم بولسا باستۇرۇۋال.

-8-

خوشنا ناھىيىنىڭ ساي بولاق يېزىسىدىكى دەريا بويى، كۈندۈز.

قادىر بىلەن ئادىل سۆھبەتلەشمەكتە:

ئادىل: قادىر شائىجاڭ، ئەھۋالنى ناھىيىگە دەپ باقمىدىلا؟

قادىر: دېمەممۇ سۇ ئاز بولغاندىن كېيىن ناھىيىمۇ ئىلاجىسىز.

ئادىل: ( دەرياغا قاراپ ) « دەريادا بېلىق ئۈسسۇز » دېگەندەك شۇنچىلا دەريا يېزىدىن باشقا، ناھىيىگە ئېقىپ كېتىدۇ. بىز بولساق بۇ يەردە زىرائەتلىرىمىزنىڭ قۇرۇپ كېتىشىگە قاراپ ئولتۇرىمىز.

قادىر: باشقىلارنىڭ ھەققىگە كۆز سالساق توغرا بولمايدۇ.

-9-

بىنا ملىق يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسى، كۈندۈز.

جامال: باشائىجاڭ بۇ خەۋەرنى يېزىسىپ چىقتىم، كۆرۈپ باقامدى؟

بارات: مەن كۆرمىسەممۇ ئەۋەتسىپ باقمامسەن قېنى، تېخى ئۇ نېمەڭنى گېزىتكە چىقىرامدۇ-يوق!

جامال: ناۋادا سۇ كەلمەي قالسا بىرەر چاتاق چىقارمۇ-يا؟

بارات: ھەي! ئىككى مىسقال كەلمەيدىغان قەغەزگە يازغان تۆت قۇر خېتىڭدىن ئەجەپمۇ ئەنسىرەپ كەتتىڭغۇ؟ ئۇ نېمەڭ جايىنى تاپقىچە، يېزىمىز سۇغا چىلىشىدۇ دېدىمغۇ ساڭا!

-10-

كۈندۈز.

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىدا توختىتىلغان پىكاپ ئىچى.

كاتىپ: ھاكىم قەيەرگە ماڭدىلا؟

ھاكىم: مەمۇرىي مەھكىمىگە.

كاتىپ: بارات شائىجاڭ مېنى ئەۋەتكەنتى، بۈگۈن كەچتۈرۈن سۇنى ئاچساق بولامدۇ؟

ھاكىم: ئەسلىدە يېزائىلارنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، سۇنى بۈگۈن كەچتە سىلەرگە بەرمەكچى بولغان. بىراق، يۇلغۇنلۇق يېزىسىنىڭ يەنە ئۈچ يۈز مودىن ئارتۇقراق بۇغدىيى سۇغۇرۇلماپتۇ. شۇڭا بىر كۈن كېچىكتۈرۈپ ئەتە سىلەرگە بەرمەكچى.

كاتىپ: چۈشتىن ئىلگىرى ئۇن نەچچە كىشى سۇنى ئېچىپ كېلىشكە تومسا بېشىغا كەتكەن، قالغانلارنىڭ ھەممىسى يۇرتتا سۇغا قاراپلا قالغانتى.

ھاكىم: باشقا ئامال يوق! سىز ئۇلارغا ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇڭ، دەريادىكى سۇ مىقدارى كۈندىن - كۈنگە ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. مەنمۇ مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا ۋىلايەتكە بارىمەن، خەير!

كاتىپ: ماقۇل، ھە راس! ··· جامالنىڭ ۋىلايەتكە ئەۋەتىدىغان بىر پارچە خېتى باركەن، « پوچتىغا سېلىۋەت » دەپتى، ئۆلگۈرەلمەيدىغان ئوخشايمەن، سىلە······

ھاكىم: ھە، ئەكېلىڭ مەن ئالغاچ باراي! بۇ بىر پارچە خەۋەركەنغۇ؟ بولىدۇ.

-11-

سايېۋلاق يېزىسىنىڭ مەجلىسخانىسى، كۈندۈز!

قادىر: كۆپچىلىككە مەلۇم، بۇ يىل ھۆل- يېغىننىڭ كەم بولۇشى سەۋەبىدىن تاغدىن كېلىدىغان سۇ بەكمۇ ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ. بۈگۈنگە قەدەر پۈتۈن سايېۋلاق بويىچە كۈزگى بۇغدايلارنىڭ ئاران ئوتتۇز پىرسەنتىلا بىر قېتىم سۇلۇق بولدى. بۇ...

ئادىل: بىر دەريا سۈيى يېزىمىزدىن ئۆتۈپ ئايانقا كېتىۋاتسا، قاراپ تۇرۇپ ئۇسسۇز قېلىۋاتقىنىمىزنى!

كادىر ئا: بىزنىڭ تەۋەدىن ئۆتكىنىنى بىلەن باشقىلارنىڭ سۈيى - دە، ئۇ؟!

كادىر ب: ئۆزىمىزنىڭ تېخى تەشنالىقىمىزنى قاندۇرالمىسا! ئۇنى باشقىلارنىڭ سۈيى دېسەك! قاراپ تۇرۇپ مايسىلارنى قۇرۇتۇپ ئەتمىسەكلا بولاتتىمۇ؟!

قادىر: ئۇنچىۋالامۇ بوپ كەتمەس!

ئادىل: ئۆز ۋاقتىدا بىزمۇ ئۇلارنىڭ يولغۇنلۇق، بىنامىلىق يېزىلىرىغا مەلۇم سۇ ياردەم قىلغان، ئەمدى پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر ئايلىنىپ، بىزگە سۇ لازىم بولغاندا ئۇلارنىڭ سۈيىدىن ئازراق پايدىلانساق نېمە بولاتتى؟! مېنىڭچە دەريانى توسۇش كېرەك!

كادىر س: خېلى جايىدا گەپ قىلىسەن جۇمۇ!

قادىر: ئۇ چاغدا بىز ئېھتىياجىمىزدىن ئاشقان سۇنى ياردەم قىلغان، ئەمدى قۇرغاقچىلىق بولغان مەزگىلدە ئۇنى قايتۇرۇپ ئالىمىز دېسەك بۇ گەپ نەگە توغرا كېلەر؟

كادىر ب: مېنىڭچە شائىجاڭ ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ كۆرسە، ئەگەر سۆزغۇرۇش ئىشلىرى بىر يەرگە بارغان بولسا، بىر ئاز سۇ سورىساق ياقمۇ دېمەس!

قادىر: بۇ گەپنىڭ خېلى جېنى بار!

-12-

ئاۋات شەھەر، كۈندۈز.

پىكاپ چوڭ كوچىدىن قايرىلىپ، گېزىتخانىنىڭ ۋىۋىسكا ئېسىلغان دەرۋازىسىدىن كىرىپ قورۇ ئىچىدە توختايدۇ. ھاكىم پىكاپتىن چۈشۈپ، تەھرىر بۆلۈمىگە كىرىپ كېتىدۇ.

-13-

بىنامىلىق يېزىسىنىڭ ھەرقايسى كەنتلەرگە سۇ تەقسىملەيدىغان زاكو بېشى، كەچقۇرۇن.

بارات، گاھىت، مۇسا بوۋاي، جامال ۋە كەتمەن تۇتقان بىر قانچە كىشىلەر تەقەززالىق بىلەن يولغا قارىماقتا.

گاھىت: سۇ ئاچقىلى كەتكەنلەرمۇ جىمىپلا كەتتىمۇ؟

بارات: ئەجەپمۇ تاقەتسىز كەنسىز، تېخى ۋاقتى بار!

دىخان ئا: باشائىجاڭ، بىزنىڭ كەنتىنىڭ بۇغدايلىرى ئۆلەي دەپلا قالدى، سۇ نۆۋىتىنى ئالدى بىلەن بىزگە بېرىڭلار!

جامال: ھەممەيلەننىڭ سىزدەكلا نەپسى بار ئەمەسمۇ؟ (يىراقتىن موتسىكلىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ)

بارات: كاتىپمۇ قايتىپ كەلدى، سۇنى ئاچقان ئوخشايدۇ، تەييارلىنىپ تۇرايلى! (كۆپچىلىك تاقاقلارنى ئاچىدۇ-كاتىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇتىسكىلىتنى توختىتىدۇ.

مۇسا بوۋاي: سۇنى ئاچتىڭلارمۇ؟

بارات: سۇ يېقىن كەلدىمۇ؟

دىخان ب: سۇ خېلى كۆپتۇ؟

كاتىپ: سۇ ئۆۋىتى كېچىكتۈرۈلۈپ بىزگە ئەتە كەچقۇرۇن بېرىلىدىكەن!

جامال: ھە؟!

-14-

تەھرىر بۆلۈم، كەچقۇرۇن.

تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى: ھېلىقى ھاكىم ئېلىپ كەلگەن خەۋەرنى كۆردىڭىزمۇ؟

مۇھەررىر: كۆردۈم، خېلى ماغدۇرى بار خەۋەركەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەۋەر-ماقالىلارمۇ ئۆك-سۈپ تۇراتتى.

تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى: مەزمۇنى...

مۇھەررىر: تەكلىماكاننىڭ چېتىگە جايلاشقان بىناملىق يېزىسىنىڭ كۈزگى بۇغداي يىلىرى ئو-مۇمىيۈزلۈك سۇغۇرۇلدى، ياخشى ئاينىماقتا دېگەن مەزمۇندا، ۋاقىت-خاراك-تېرىمۇ كۈچلۈك.

تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى: ناھايىتى ياخشى، بۇنىڭدىن قارىغاندا بۇيىلقىدەك قۇرغاقچىلىق يەتتىمۇ ئۇلار سۇ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئەۋزەل شارائىتىنى يارىتىپتۇ دەڭە؟

مۇھەررىر: بۇ تەسەۋۋۇرغا ناھايىتى يېقىن.

تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى: ياخشى، خەۋەرگە تەھرىر ئىلاۋىسى يېزىپ، بۈگۈنلا تەييارلاڭ، ئەتىلىك گې-زىتنىڭ بىرىنچى بېتىگە بېرەيلى.

-15-

بىناملىق يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسى، كېچە.

بارات تېلېفوندا سۆزلەشمەكتە.

بارات: بولمايدۇ! ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ!! پۈتۈن يېزىمىز سۇسىراپ قۇرۇپ كېتىۋاتقاندا، سۇ ئۆۋىتىمىزنى بىر سائەت ئەمەس، بىر مىنۇت-سېكونت كېچىك-تۈرسەڭلار ئەمدى قاراپ تۇرالمايمىز!

كاتىپ: يەنە كېچىكىپتىمۇ؟

بارات: يۇلغۇنلۇقتىكىلەر سۇنى ئەتە كەچقۇرۇن يەنە بىر سائەت ئۇزارتىپ بەرسەڭلار دەيدۇ.

جامال: ھەي، «ئۇسساپ كەتسەڭ تالقان يە» دېگەندەك بىر گەپ بولۇۋاتىدىغۇ بۇ؟!

-16-

باسما زاۋۇت، كېچە. ئىشچىلار ئالدىراش ئىشلىمەكتە، گېزىت تېز سۈرئەتتە بې-سىلىپ چىقماقتا.

www.uyghurkitap.com



-17-

دەريا بويىدىكى سۇپونكىتى، ئەتىگەن.

قادىر: كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈۋاتىسىز، مايسىلار سولىشىپ كەتتى. سىز ناھىيەگىلەرگە ۋاـ
كالىتەن سۇ باشقۇرۇۋاتقان كىشى بولغانىدىن كېيىن، رەھبەرلىك بىلەن بىللە
سۆزلىشىپ باقسىڭىز، ئىمكانىيەت بولسا بىر ئاز سۇ ياردەم قىلساڭلار!

سۇ باشقۇرغۇچى: كېچە ناھىيىدىن تېلېفون كەلدى! بىنالىق يېزىسىغا تېخى بىر تامچىمۇ سۇ بارـ
ماپتۇ. ئۇنداق شارائىتتا بۇ ئىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولارمۇ؟

قادىر: ئۇغۇ شۇنداق!

سۇباشقۇرغۇچى: بىر نەچچە كۈن ئۆتسۇن، ئاندىن بىر گەپ بولار!

قادىر: شۇنداق قىلايلى! (ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، ئورنىدىن تۇرىدۇ).

-18-

سايبۇلاق يېزىلىق ھۆكۈمەت ھويلىسى، چۈش.

پوچتالىيون موتسىكلىت بىلەن ھويلىغا كىرىدۇ. ئادىل چىقىپ خەت-چەك، گېـ
زىتلەرنى تاپشۇرۇۋالىدۇ.

-19-

سايبۇلاق يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسى، چۈش.

قادىر دېرىزە ئالدىدا ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىمەكتە.

قادىر: ھەي...بۇ يىلقى بۇغداي مەھسۇلاتىنى ئاشۇرىمىز دېگەنمۇ بىرگەپ بولۇپقالدى-دە!
(ئادىل ئالدىراش كىرىدۇ).

ئادىل: شائىجاڭ قارىسىلا؟!

قادىر: نېمە بولدى؟ (ئادىل گېزىتنى كۆرسىتىدۇ، قادىر گېزىتتىكە كۆز يۈگۈرتۈپ، ئورنىـ
دىن چاچراپ تۇرىدۇ).

قادىر: «بىنالىق يېزىسىدىكى كۈزگى بۇغدايلار ئومۇمىيۈزلۈك سۇغۇرۇلدى...» تېخى بايا ملا
بىنالىققا بىر تامچىمۇ سۇ بارمىدى دەۋاتماتتى؟

ئادىل: قادىرشائىجاڭ! ھەممە خەق سىلە بىلەن بىزگە ئوخشامدۇ؟ بۇغدايلىرى سۇغۇرۇـ
لۇپبولسا، بىكارىيەرلەرگە سۇ باشلاپ، ئوت - چۆپ ئۆستۈرۈپچارۋا باقىدۇ - دە!
بۇخەۋەرگېزىتتە ئېلان قىلىنىشچە بولغان ئارىلىقتا كەم دېگەندە ئون كۈن ئۆتكەندۇ؟

قادىر: توغرا! شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

ئادىل: مۇمكىنلا ئەمەس! جەزمەن شۇنداق، مېنىڭچە ئەمدى «كومىسەم پىشارمۇ، يا پسام پىشارمۇ»
دەپ ئولتۇرماي، دەريانى توسۇپ ئولۇۋاتقان70 پىرسەنت مايسىلارنى نەم قىلىۋالايلى!

قادىر: باشقا ئامال بولمىغانىدىن كېيىن شۇنداق قىلساقمۇ يامان بولماس!

ئادىل: مانا بۇ بولىدىغان گەپ! (تېلېفوننى ئېلىپ) ئۇچىنچىكەنت كېرەك.
ھە! يۈسۈپ سۇئىجا ئىما؟ قولىدا كەتمەن تۇتالايدىغان ئادەملىرىڭىزنى دەريا بويىغا
ئېلىپ چىقىڭ. ھەراست، ئىككىنچى كەنتكە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇقتۇرۇپ قويۇڭ، دەرھال
شاخ-شۇمبا تەييارلىسۇن، دەريانى توسىمىز!

-20-

بىناملىق يېزىسى ئېتىز بېشىدا، كۈندۈز.

بارات: (مايىسىلارغا قاراپ) يەنە 5-6 سائەتلەردىن كېيىن سۇ كەلسە، مانا بۇ مايىسىلار-
غىمۇ جان كىرىدۇ.

جامال: سۇنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى يەنەكەينىگە سۈرۈلۈپ كەتمىسىلا بولاتتىغۇ؟

بارات: ئالا - تاغىل سۆزلەپ شۇم ئېغىزلىق قىلمىسا ئېچۇ؟

جامال: ھېلىقى خەۋەر گېزىتىغا نىغا بارغىچە سۇنىڭ بېشى كۆرۈنسە بولاتتى، «سۇنى كۆرمەي
ئۆتۈك سېلىپ قويدۇق». بىرەر چاتاق چىقىپ قالامىكى دەيمەن.

-21-

دەريا بويىدىكى سۇ باشقۇرۇش پونكىتى، كۈندۈز.
سۇ باشقۇرغۇچى تېلېفوندا سۆزلەشمەكتە.

سۇ باشقۇرغۇچى: چاتاق چىقتى! چوڭ چاتاقچىقتى! سىز كىم؟ بىناملىق يېزىدىكى بارات شائىجا ئى-
ما؟! ۋەي، تېخىچە سۇ بارمىغا نىمىدى! ئاپلا! سىلەر ئۇ يەردە ئاغزىڭلارنى كاك -
كۇكتەك ئېچىپ ئولتارغىنىڭلار بىلەن سايبۇلاقنىڭ ئادەملىرى سۇنى توسىۋالدى...

قارشى تەرەپ: نېمە؟ نېمە؟

-22-

بىناملىق يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسى، كۈندۈز.

بارات تېلېفوندا سۆزلەشمەكتە، گاھىت، جامال. كاتىپ قاتارلىق ئۇن نەچچە كىـ-
شى باراتنى چۆرىدەپ تۇرماقتا.

بارات: ۋەي! ۋەي! سىز ئۇلارغا بىناملىق يېزىسى ئۇسسۇزلۇقتىن ھالاك بو -
لىۋاتىدۇ دەڭ! ... نېمە؟ ... ئۇنىمايىۋاتىدۇ؟
سۇ بىزنىڭ! ھەددى ئەمەس! ... لاتا چاينىماي تېز بولۇڭ دەيمەن، تېز! (تە -
رويكىنى تاشلايدۇ) « بىتالەيگە سۇكەلسە، ئاللاكۇدىن يار كېتىپتۇ » دېگەن
مۇشۇدە! باشقىلارغا ھېچ گەپ يوق، نۆۋەت بىزگە كەلگەندە سايبۇلاقنىڭ ئادەم-
لىرى سۇنى توسىۋاپتۇ!

گاھىت: ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

ئەزا ئا: قانداق قىلاتتۇق، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەرمىز!

ئەزا ب: ئۆز ۋاقتىدا دېمىگەنمىدىم، بۇ كادىرلارنىڭ گېپىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ دەپ!
بىرسى ئەتە سۇ كېلىدۇ دېسە، بىرسى كېچىكتى دەيدۇ، يەنە بىرسى قوپۇپ تو -
سىۋالدى دەيدۇ. ياخشىراق چارىسى يوق!

ئەزا س: بولدى، يا سۇيى، يا ئوتى يوق مۇنداق يەرگە تويدۇم، كۆچىمەن!

گاھىت: بارات شائىجاڭ گەپ قىلمىدى، قانداق قىلدۇق؟!

بارات: «ئۆجمە پىش ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئولتۇرغان بىلەن ئىش تاكىتا تمايدىغا ندەك
تۇرىدۇ. خەق ھېچ تەپتارتماستىنلا سۇيىمىزنى باغلىۋالسا قاراپ تۇرامدۇق!...
دەرھال بىر نەچچە ياخشى ئاتتەيياراڭلار!

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى www.uyghurkitap.com



جامال: ئەستەغپۇرۇللا!

-23-

دەريا بويى، كۈندۈز.

سايېۇلاق يېزىسىنىڭ ئادەملىرى شاخ-شۇمبا، توپا قاچىلانغان قاپلار بىلەن دەريانى توسماقتا.

—تېز بولۇڭلار، تېز.

—شاخنى بۇياققا ئەكىلىڭلار!

—ھاڭۋاقتىلىق قىلماڭلار!

—غەيرەت قىل دەيمەن ساڭا!

—...................................

(دەريا توسۇلۇشقا ئازلا قالغاندا، سۇ شاخ - شۇمبىلارنى ئېقىتىپ كېتىدۇ).

ئادىل: ئاپلا شاخ ئەككىلىڭلار!

(سۇ باشقۇرغۇچى يۈگۈرۈپ كېلىدۇ).

سۇ باشقۇرغۇچى: بۇ سىلەرنىڭ نېمە قىلغىنىڭلار؟ بۇنداق زورلاۋانلىق نەدە بار؟

سايېۇلاقلىق دېھقان: ھەي بۇرادەر ئۇنچىۋالاچىڭقا لمىسا كچۇ، بارنى تەڭ كۆرۈپ تۇرايلى!

ئىككىنچى دېھقان: خۇدا يېمىنىڭ سۈيىگە ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمە، مۇسۇلمان!

سۇ باشقۇرغۇچى: بىنا مىلمىققا تېخى بىر تامچىمۇ سۇ بارمىغان تۇرسا!

ئادىل: جاننى ئالىدىغان ئىش بولسىمۇ راس گەپ قىل ئاكا! بىزمۇ بۇ سۇنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتمەيمىز، قۇرۇپ كېتىۋاتقان مايسىلارنى سۇغۇرىمىز!

سۇ باشقۇرغۇچى: سىلەرمۇ تېگىشلىك سۇيۈڭلەردە سۇغارما مسىلەر؟!

ئۈچىنچى دېھقان: ھەي ئاداش، كاشال قىلماي نېرى تۇر!

سۇ باشقۇرغۇچى: «مال ئېگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك» دېگەندەك گەپ قىلما! سۇ بىزنىڭ!

-24-

دەريا بويىلاپ سوزۇلغان يول، كۈندۈز.

بارات باشلىق 5 ـ 6 كىشى ئات چاپتۇرۇپ كەلمەكتە.

-25-

دەريا، كۈندۈز.

سايېۇلاقنىڭ ئادەملىرى ھەدەپ دەريانى توسماقتا.

سۇ باشقۇرغۇچى: مۇنداق يولسىزلىق قىلماڭلار! (ئۇ بىر دېھقاننىڭ قولىدىكى شاخنى تارتىۋېلىپ، دەرياغا تاشلىۋېتىدۇ) سۇنى باغلاشقا بولمايدۇ، دەۋاتىمەن!

دېھقان: نېمانداق پۇتلىشىدۇ ماۋۇ! (سۇ باشقۇرغۇچىنى ئىتتىرىۋېتىدۇ. تەگپۇ كىلىقنى يوقاتقان سۇ باشقۇرغۇچى پولاڭگىدە دەرياغا چۈشۈپ كېتىدۇ، بارات باشلىق ئاتلىقلار كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشىدۇ، سۇ باشقۇرغۇچى مىلىق تەسلىكتە قىرغاققا چىقىدۇ).

سۇ باشقۇرغۇچى: با... باشا ڭجاك! باشا ڭجاك! بۇلار مېنى سۇغا تاشلىۋېتىپ دەريانى باغلىۋالدى!

Altun

بارات: خەقنىڭ سۈيىنى باغلىۋالغاننى ئازدەپ تېخى سۇغا تاشلىۋەتتىما؟ (دەرياداكىلەرگە) توختاڭلار!!!

ئادىل: (باراتنىڭ ئالدىغا كېلىپ) ئۆزلىرى كىم بولىدىكىن؟

بارات: كىم بولماقچىدىم؟ دەريادىكى سۇنىڭ ئىگىسى بولىمەن!

سۇ باشقۇرغۇچى: بىنامىلىقنىڭ باشلىقى، باشائىجاك دەپ ئاڭلاپمىدىڭ؟

ئادىل: باشائىجاك، يولدا كەلگىچە ئۇسساپمۇ قالغانىلا. بىرەر پىيالە چاي ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغاچ سۆزلەشەيلى!

بارات: سىزنىڭ بىر پىيالە چېيىڭىزنى ئىچىپ مەن قانغىچە، نەچچە مىڭ مو مايسا تۇشۇگەيدۇ، يولداش! باشقا گەپنى قويايلى. (ئۆز ئادەملىرىگە) شاخ ـ شۇمبىلارنى ئېلىپ تاشلاپ، سۇنى قويۇۋېتىڭلار!

ئادىل: تەخىر قىلسىلا باشائىجاك، سىلە بىزنىڭ چايىنى ئىچمىسىلە، بىز سىلىنىڭ سۇدىن بىرەر يۇتۇم ئىچىپ، لېۋىمىزنى نەم قىلىۋالايلى، قانداق؟!

بارات: نىمانچە گەپپىڭ سېسىق نېمىسەن؟ بىلىپ قوي، بىزنىڭ بىنامىلىقلار ئېقىن سۇ كۆرمىگىلى نەكەم (ئادىلنى ئىتتىرىۋېتىپ دەرياداكىلەرگە ۋاقىرايدۇ) توختىتىڭلار دەۋاتىمەن!

ئادىل: توختاتماڭلار! (بارات ئالدىغا كېلىپ قالغان دېھقاننىڭ كەتمىنىنى دەرياغا چۆرۈپ تاشلىۋېتىدۇ ۋە يەنە بىر دېھقاننىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ).

بارات: ئاڭلىدىڭمۇ ئىشنى توختات! (گەۋدىلىك بىر دېھقان باراتنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ)

دېھقان: ھەددىلىرىدىن ئاشمىسىلا؟!

بارات: ماڭ نېرى! (گەۋدىلىك دېھقاننى ئىتتىرىدۇ، دېھقان بىر مۇش ئۇرۇپ باراتنىڭ قاپقىنىنى يارىدۇ. باراتنىڭ ئادەملىرى دەرياداكىلەرگە تاشلىنىدۇ، ئىككى تەرەپ تۇتۇشۇپ قالىدۇ، بىر نەچچە كىشى دەرياغا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئادىل جىدەلنى بېسىقتۇرماقچى بولىدۇ).

ئادىل: توختاڭلار! (بارات ئادىلنىڭ ياقىسىنى سىقىۋالىدۇ).

بارات: سۇنى قويۇۋەت! بولمىسا ئۆستەڭدىن سوتقا ئەرز قىلىمەن!

ئادىل: با... باشائىجاك! ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا! بىزمۇ ئىلاجىسىز، شۇ... شۇنداق قىلدۇق. سىلىنىڭ بوغدايلار ئىككى قېتىم سۇلۇق بولغاندىن كېيىن، ئۇنچىۋلا قىلىپ كەتمىسىلە!

بارات: ئىككى قېتىم سۇلۇق بولغاندىن كېيىن دېدىڭمۇ؟ كىم شۇنداق دەيدۇ ساڭا!

-26-

بىنامىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسى، كۈندۈز.

جامال تېلېفوندا سۆزلەشمەكتە.

جامال: مەن دېدىمغۇ، ھە! مەن جامال! نېمە؟ گېزىتكە قاراپباق؟... نېمە بوپتۇ... خەۋەر! (جامال گېزىتلەرنى ئاختۇرۇپ بىر گېزىتنى قولىغا ئالىدۇ) «بىنامىلىق يېزىسى بوغداي مايسىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك سۇغۇرۇپ...» ئاپلا! بۇ ئەمدى نېمە بولۇپ كەتتى ھە؟!

-27-

ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسى، كۈندۈز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



خالىق ۋالى بىلەن ھاكىم سۆھبەتتە.

ھاكىم: خالىق ۋالى ئويلاپ باقسىلا! بۇ زادى قانداق گەپ. سۈيىمىزنى توسۇۋالغاننى ئاز دەپ ئادەملىرىمىزنى ئۇرسا، بۇنىڭغا چىداپ تۇرغىلى بولامدۇ؟

خالىق ۋالى: ئەسلى سايبولاقلىقلارنىڭ سۇنى تويۇقسىزلا توسۇۋېلىشى توغرا ئەمەس. بىراق سىلەرنىڭ بوغدايلارنى ئومۇمىيۈزلۈك سۇغۇرۇپ بولغىنىڭلارنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرىنىڭ مايسىلىرىنىڭ قۇرۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈنلا بۇ ئىشنى قىلغان!

ھاكىم: نېمە؟ بىز بوغدايلارنى قاچان ئومۇمىيۈزلۈك سۇغۇرۇپ بوپتىمىز؟

خالىق ۋالى: ھاكىم، ئويلاپېقىڭ. تەكلىماكاننىڭ چېتىدىكى، دەريانىڭ ئەڭ ئاياغ ئېقىنىغا جايلاشقان بىنامىلىق يېزىسى ئومۇمىيۈزلۈك سۇغۇرۇشنى تۈگەتكەن يەردە، ناھىيەڭلەر بويىچە سۇغۇرۇش ئىشى ئاللىقاچان بىر يەرگە باردۇ ـ دە!

ھاكىم: ۋالى ئېيتقانلىرى تەخمىنەن كەپمۇ ـ قانداق؟

خالىق ۋالى: تامامەن ئاساس بار گەپ! قېنى بۇ گېزىتنى كۆرۈپ بېقىڭ! (گېزىتنى سۇنىدۇ، ھاكىم گېزىتكە كۆز يۈگۈرتىدۇ).

ھاكىم: «بىنامىلىق يېزىسىدا بوغدايلار ئومۇمىيۈزلۈك سۇغۇرۇلدى...» يالغان! پۈتۈنلەي يالغان! گېزىتخانىدىكىلەرنىڭ گەپ تاپالماي ئويدۇرۇپ چىقارغان نېمىسى بۇ!

خالىق ۋالى: بۇنى گېزىتخانىدىكىلەردىنمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ، خەۋەرنىڭ ئاستىغا قاراڭ!... مانا... بۇ يەرگە!

ھاكىم: «بىنامىلىق يېزىسىدىن جامال»، ھۇ كاززاپ! (تېلېفوننى ئالىدۇ) ناھىيىلىك پوچتىخانىما؟ بىنامىلىق كېرەك! بىنامىلىق!

-28-

بىنامىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسى، كۈندۈز.

كاتىپ تېلېفوندا سۆزلەشمەكتە.

كاتىپ: ۋەي! ۋەي! نېمە؟ سىلە ھاكىممۇ؟ بىر پارچە يالغان خەۋەر دېدىلىمۇ؟ بىنامىلىق ھەققىدىمۇ؟...

-29-

بىنامىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت ھويلىسى، كۈندۈز.

جامال ئىشخانا تەرەپكە كېلىۋېتىپ، كاتىپنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دېرىزە يېنىدا توختايدۇ.

كاتىپنىڭ ئاۋازى: ھاكىم، ھېلىقى يالغان خەۋەرنى جامال يېزىپتىكەنمۇ؟ پۈتكۈل ۋەقەگە شۇ خەۋەر سەۋەبچى دېدىلىمۇ؟ جامالنى دەرھال ناھىيىگە ئەۋەتەمدۇق؟... بولىدۇ، بولىدۇ. (جامال كەينىگە ئۆرۈلۈپ يۈگۈرگىنىچە دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىدۇ، كاتىپ پالاقشىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ دېرىزە تۈۋىگە كېلىدۇ).

كاتىپ: جامال! ھەي جامال! نەگە بارىسەن؟... توختا دەيمەن! توختا!!... تۇتۇڭلار ئۇنى!

-30-

(جامال ياپراقلىرى سارغىيىپ كەتكەن بىر تۈپ دەرەخنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ،

يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا قارايدۇ. كاتىپ باشلىق بىر نەچچە كىشى ھەر تە-
رەپكە يۈگرەشمەكتە)

— جامالنى كۆردىڭلارمۇ؟

— ھازىرلا مۇشۇ يەردە كۆرگەنتىم، قاياققا كەتتىكى!

— ئاپلا! نەگە كەتكەندۇ، ئۇ كۇسپۇرۇچ؟!

(جامال كەينىگە داجىيدۇ).

-31-

ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسى، كۈندۈز.

خالىق ۋالى بىلەن ھاكىم سۆھبەتتە.

ھاكىم: ئەھۋال شۇنداق، ئەگەر ئىشەنمەيدىغان گەپ بولسا ئادەم ئەۋەتىپ، بىنامىلىقنىڭ بۇغداي مايسىلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرەيلى!

خالىق ۋالى: شۇنداق قىلايلى! كېيىنتىغا نىدىنمۇ ئادەم بارسۇن! ھېلىقى ئىختىيارىي مۇخبىر ھازىر قەيەردىدۇ؟

-32-

بىپايان چۆل، كۈندۈز.

جامال قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا پات - پات كەينىگە قاراپ قويۇپ قاچماقتا.

جامال: بۇ ناكەس خەۋەرنىڭ كاساپىتىدىن چۆلدە ئۇسساپ ئۆلىدىغان بولدۇم - دە! ئىمىشقىمۇ يازغان بولغىيدىم!

-33-

بىنامىلىق يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسى ئالدى، كۈندۈز.

مۇسا بوۋاي قاتارلىق ئەر-ئايال دېھقانلار رادىيو كانىيىدىن ناخشا ئاڭلىماقتا:

«ئېقىن سۇنى باشلىدۇق،
چۆللەر ئاۋات گۈل بولدى.
سۇغا قاندى زىرائەت،
بۇ يىل ھوسۇل مول بولدى...»

ھۆرمەتلىك رادىئو ئاڭلىغۇچىلار! يۇقىرىدا ناخشا ئاڭلاتتۇق. ئەمدى گېزىت خەۋەرلىرى ئاڭلاڭلار! «بىنامىلىق يېزىسىدىكى دېھقانلار قۇرغاقچىلىق مەزگىلىدىمۇ سۇنى تېجەپ ئىشلىتىپ، يېزا بويىچە بۇغداي مايسىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك سۇغۇرۋالدى...».

دېھقان ئا: نېمە دەيدۇ بۇ يالغانچى زۇۋۇك؟

دېھقان ب: بۇمۇ يېقىندىن بۇيان خېلى يامان ئەمەس سۆزلەيتتى. بۈگۈن كۈنى كېسىلى قوزغىلىپ قالدىمۇ - يە؟ يەنە يوق گەپنى قىلغىلى تۇردىغۇ؟!

ئايال دېھقان: ئۇنىڭ كۆزى بولمىغاندىن كېيىن دەۋىرىدۇ؟

دېھقان س: مانا ئەمدى «سۇ كەلدى» دېگەن ئاتاققا بولىسىمۇ ئىگە بولدۇق، ئەمدىغۇ كۆڭلۈڭ-
لەر تىنىغاندۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى www.uyghurkitap.com



ئايال دېھقان: سۇ كېلىدۇ دېگەن گەپنىڭمۇ ئايىغى چىقتى!

مۇسا بوۋاي: ئى تەڭرى، ئاچ قويساڭمۇ ئۇسسۇز قويمىغىن!

-34-

ئاسفالىت يېيىتىلغان چوڭ يول، كۈندۈز.

چاققانلىقنى چىرايلىق بىر ئاپتوۋۇز تېز سۈرئەت بىلەن كەلمەكتە. بىر ئەگمىگە كەلگەندە، ئاپتوۋۇزنىڭ سۈرئىتى ئاستىلاپ، چوڭ يولدىن قايرىلىدۇ.

-35-

ئاپتوۋۇزنىڭ ئىچى، كۈندۈز.

خالىق ۋالى، ھاكىم، بېشى تېڭىلغان بارات، قادىر، ئادىل ۋە مۇھەررىرلەر بىناملىقتا كېتىۋاتماقتا.

خالىق ۋالى: خۇددى چۈشلۈك تەنەپپۇسكە ئوخشاش بىر ئىش بولدىغۇ بۇ!

مۇھەررىر: ئوخشىتىشقا ئۈستىكەنلا!

خالىق ۋالى: بۇندىن كېيىن دېلىل — ئىسپاتى تولۇق بولمىغان ماقالىلارنى گېزىتكە بېرىشتە دىققەت قىلسىلار بولىدۇ، جۇمۇ؟!

مۇھەررىر: ھېلىقى بىر پارچە خەۋەردە گۇمانلانغۇدەك ھېچ نەرسە يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىسپات تامغىسى باركەن.

ھاكىم: خەۋەردە گۇمانلانغۇدەك ھېچ نەرسە بولمىغىنى بىلەن ۋىلايەت بويىچە قۇرغاقچىلىق بولۇۋاتقان مۇشۇنداق مەزگىلدە، چەت بىر يېزىنىڭ «سۇغۇرۇش ئىشى ئاياقلاشتى» دېيىلسە رېئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەستە؟! ئەگەر سىلەر بۇنى كىچىككىنە سۈرۈشتۈرۈپ كۆرگەن بولساڭلا، بۈگۈنكى بۇ ۋەقەنىڭمۇ ئالدى ئېلىنغان بولاتتى!

ئادىل: ئۇ خەۋەرنى يازغان يەرلىك ئادەم ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەت كادىرى تۇرسا! يالغانمۇ — راستمۇ كىم بىلىدۇ تېخى؟! (بارات ئۇنىڭغا ئالىيىدۇ).

-36-

بىپايان چۆل، كۈندۈز.

جامال لەۋلىرى يېرىلغان ھالدا قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە ھالسىز ياتىدۇ. يىراقتىن ئاتلىق 3 كىشى كۆرۈنىدۇ.

-37-

بىناملىق يېزىلىق ھۆكۈمەت دەرۋازىسى، كۈندۈز.

كاتىپ، ئاشپەز قاتارلىق بىر نەچچە كىشى چوڭ يولغا كۆز تىكمەكتە،

كاتىپ: قانداق غىزا قىلدىڭلار؟

ئاشپەز: ئاش مانتۇ!

كاتىپ: تاتلىق سۇ ئىشلەتكەنسىلەر؟

ئاشپەز: ئەلۋەتتە! تىراكتور بىلەن ئەپكەلدۇق!

كاتىپ: (يولغا قاراپ) كەلدى! بولۇڭلار ھەممىنى تەخ قىلىڭلار! (ئاشپەز ۋە يەنە بىر- ئىككى كىشى ئالدىراپ كىرىپ كېتىدۇ. ئاپتوۋۇز كېلىپ توختايدۇ).

كاتىپ: ماشىنىدىن چۈشۈپ ئىشخانىغا كىرەيلى، تاماقمۇ تەييار بولۇپ قالدى.

خالىق ۋالى: ئالدى بىلەن ئېتىزلارنى ئارىلاپ كۆرەيلى، تاماقنى كېيىن يەرمىز. قېنى ماشىنىغا چىقىڭ.

-38-

بىناملىق يېزىسىنىڭ ئېتىزلىرى، كۈندۈز.
خالىق ۋالى زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، بۇغداي مايسىلىرىنى كۆزەتمەكتە.

خالىق ۋالى: مانا بىر نەچچە كەنتنى تەكشۈرۈپ كۆردۇق، قېنى ئادىل گەپ قىلىڭە! بۇ مايسىلار يەنە بىر نەچچە كۈن مۇشۇ ھالىتىدە تۇرسا نېمە بولۇپ كېتەر؟

ئادىل: بۇ... بۇ...

مۇھەررىر: ھېلىقى ئىختىيارىي مۇخبىر ھازىر قەيەردىدۇر؟

بارات: ئەنە! ئۇمۇ كەلدى! (ھەممەيلەن قارايدۇ، چۆل تەرەپتىن ئۈچ ئاتلىق بىلەن كېلىۋاتقان جامال كۆرۈنىدۇ ۋە يېقىنلاپ كېلىدۇ).

خالىق ۋالى: جامال دېگەن كىشى سىز بولامسىز؟

جامال: مەن شۇ!

خالىق ۋالى: «بىناملىقتىكى مايسىلار سوغۇرۇلدى» دېگەن خەۋەرنى سىز يازغانمۇ؟

جامال: شۇنداق!

مۇھەررىر: بۇ خەۋەرنى يېزىشتىكى ھېسسىياتلىرىڭىزنى سۆزلەپ باقسىڭىز قانداق؟ نېمە ئۈچۈن يوق گەپنى يازدىڭىز؟ (جامال باراتقا، بارات يەرگە قارايدۇ)

جامال: بىناملىقتا سۇ كېلىدۇ دېگەننى ئاڭلاپ، مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا خۇرسەن بولدۇم. كۆز ئالدىمدا سۇغا قېنىپ ئايىنىۋاتقان زىرائەتلەرنىڭ سىماسى كۆرۈنگەندەك بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەۋەر گېزىتخانىغا يېتىپ بارغىچە سۇمۇ كېلىپ بولار دەپ ئويلاپتىمەن. خەۋەرنىڭ ۋاقىت خاراكتېرى كۈچلۈك بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ قانچە تېز بولسا...

ھاكىم: خەۋەرنىڭ تېزلىكىگە ئەھمىيەت بېرىپ، چىنلىقىغا سەل قارىغان شۇنداقمۇ؟

جامال: شۇنداق! ئەمما بۇ خەۋەرنىڭ قانداق قىلىپ بىر يېرىم كۈن ئىچىدىلا گېزىتتە چىقىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىدىم.

خالىق ۋالى: يولداش قادىر شۈكلا بولۇپ كەتتىڭىزغۇ، بىر نىمە دېمەمسىز؟

قادىر: راستىگەپنى قىلغاندا، بىناملىقنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكىدەك بولۇۋاتىمەن! بىز ئۆز نەپسىمىزنى دەپ قېرىنداش ئورۇننىڭ مەنپەئىتىگە ھەققەتەن زور زىيان يەتكۈزۈپتىمىز. (ئادىلغا) ئادىل، سەن دەرھال سايبولاققا تېلېفون بەر، سۇنى ھازىرلا قويۇۋەتسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com


-39-

بىنا ملىق يېزىسى، كۈندۈز.

بۇلدۇقلاپ ئاققان سۇ زاكۇغا ئۇرۇلۇپ، ئېرىقلارغا بۆلۈنمەكتە.

× × ×

كەتمەن كۆتەرگەن خوشال دېھقانلار ئېرىق بويلاپ سۇ باشلاپ ماڭماقتا.

× × ×

ياشانغان بوۋاي - موماي لار ئۇچۇمى بىلەن سۇ ئىچمەكتە.

× × ×

قىپ-يالىڭاچ بالىلار سۇغا چۆمۈلمەكتە.

× × ×

سېيىرلار، قوي- قوزىلار، ئېرىقتىن ھوزۇرلىنىپ سۇ ئىچمەكتە.

-40-

زاكۇ بېشى، كۈندۈز.

بارات بىلەن جامال سۇ بويىدا سۆھبەتلەشمەكتە.

بارات: جامال مەندىن ئاغرىنىپ قالدىڭغۇ دەيمەن؟

جامال: ياق! بۇمۇ بىر ساۋاق بولدى! (سۇغا چۆمۈلمۋاتقان بىر توپ بالىلار ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ قوشاق قاتىدۇ):

بالىلار: يالغانچى! يالغانچى!
جاڭگال بىلەن قاچماقچى!
ئۇسسىغاندا نەم يەرگە-
مەيدىسىنى ياقماقچى!

بارات: (بالىلارنى قوغلىۋېتىدۇ) كېتىڭلار! كېتىڭلار! نېرى ئوينالار! (جاماللغا) جامال! ئەگەر مەن سېنى زورلىمىغان بولسام ھېلىقى خەۋەرمۇ يېزىلمىغان بولاتتى.

جامال: شاڭجاڭ، بىز كىچىككىنە شۆھرەتنى دەپ چوڭ زىيان تارتتۇق.

بارات: توغرا! بىزنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكىمىز پۈتۈن يېزىغا نىسبەتەن ئاپەت ئۈستىگە ئاپەت ئېلىپ كەلدى.

-41-

بىنا ملىق يېزىلىق ھۆكۈمەت دەرۋازىسى ئالدى، كۈندۈز.

خالىق ۋالى، ھاكىم، قادىر، ئادىل ۋە مۇھەررىر لەرقايتىش ئۈچۈن خوشلاشماقتا، مۇھەررىر بىلەن جامال ئاپتوۋۇز يېنىدا:

جامال: بۇ قېتىم كېزىتتە ئۆزەمنى چوقۇم ياخشى تەكشۈرىمەن.

مۇھەررىر: بولىدۇ. بۇندىن كېيىن خەۋەر يازغاندا چىنلىققا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىڭ!

جامال: دېگىنىڭىزگە رەھمەت! مەن ئەمدى خەۋەر يازمايمەن!

مۇھەررىر: نېمىشقا؟

(ئاخىرى 30 - بەتتە)

(ئاخىرى 30 - بەتتە)




**ئۇچقۇن**

## مۇقەددىمە

مارايدۇ پايانسىز كۆكتە تولۇنئاي،
ئۈزمەكتە شوخ ئىلھام يۈرەكتە تىنماي.
ھەر يۇلتۇز مىسالى بىر باتۇر ئەركەك،
ئانا يۇرت نەقەدەر پالۋانلارغا باي؟
ئاقىدۇ شاقىراپ قىران دەرياسى،
دىللارغا شىپادۇر تاغلار ھاۋاسى.
دەۋردىن-دەۋرگە ئۇلىنار تارىخ،
بۇ ئېزىز دىيارىم مەرتلەر سەيناسى.
ئەزەلدىن مەشھۇر جاي ئاتۇش دىيارى،
خەلقلىرى سەنئەت ھەم چېلىش خۇمارى.
مات قىلىپ شىۋىت① نىڭ فۇدبۇلچىلىرىنى،
تىكلىگەن تارىختا مەرتلىك مۇنارى.
سۇنغاچقا كۆلپەتلىك، زورلۇق قامچىسى،
بەرق ئۇرۇپ ياشنىدى ئۇيغۇر باغچىسى.
كۈرمەكچى بولغانلار كەلسۇن بۇ يەرگە،
پازغىنىم مەرتلەرنىڭ مىڭدىن تامچىسى.

## 1-باب

### ئەجەرنىڭ تېگى ئالتۇن

(1)

ياتىدۇ خەنجەردەك ئېگىز، تىك تاغلار،
سايلارنىڭ كۆكسىدە ئەنجۈرلۈك باغلار.
توپىسى چىلانلىق، مەھشەت-بېھىش،
كۆرۈنمەس رەڭگىدە ئۆتمۈشتىن داغلار.
ۋادىلار يىراقتىن دۆڭلۈك، تۆپۈلۈك،
ھەر قىيا، ھەر جىلغا زىمىنگە تۈۋرۈك.
تاشلاردىن-تاشلارغا سەكرىگەن سۇلار،
ياقۇتنىڭ رەڭگىدەك تازا، سۈپ-سۈزۈك.
تىرەپتۇ چوققىلار بۇلۇتلارغا باش،
ئاقىدۇ ئېقىنلار ئېقىنغا تۇتاش.
يىلقىلار، توشقانلار، جەرەن-كىيىكلەر،
سۇ ئىچەر ئېقىندىن قەدەملىرى شاش.
سامادا بۈركۈتلەر ئەگىيدۇ لەرزان،
تورغايلار لەپىلدەپ ئىزدەر ئوزۇق-دان.
كاتتا يايلاق — ئاتۇشنىڭ گۈزەل يايلىقى،

ياپ-يېشىل دۇخاۋا، قوينى بىپايان.
كۆرۈنەر قوي-پادا يىراقتىن خىرە،
مەھلىيا ئەيلەيدۇ دىلنى مەنزىرە.
بۇغراخان② ئېتىنى قامچىلاپ ئۆتكەن،
ئەمەسمۇ مۇشۇ جاي گۈزەل ئەندىزە...
ئۇغۇلدى رىشاتجان مانا شۇ يۇرتتا،
تاۋلاندى گاڭ كەبى يالقۇندا-ئوتتا.
ئىچكىنى قىرانىنىڭ سۈپ-سۈزۈك سۈيى،
يېتىلدى مەرت بولۇپ تومۇزدا، جۇتتا.
ئۇ، بۈركۈت، كەڭ ئاسمان ئاتۇش دالاسى،
كۈچ بەردى ئانا يەر، سۈيى، ھاۋاسى.
چوڭ بولدى چىڭدىقنى تاي قىلىپ مىنىپ،
بەستىدىن نامايان مەرتلىك سىماسى.
مەكتەپتىن يېنىپ ئۇ، كەچتە ئۆيىگە،
پادىنى ھەيدەيتتى قاپتال - تۆپىگە.
قانچە ئاي-كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى شۇنداق،
نېيىنى چېلىپ شوخ ئاتۇش كۈيىگە.
دادىسى ئابدۇللا چېلىشچى ئىدى،
رىشاتنى «چېلىشچى بول، بالام» دېدى.
سىللەتنىڭ ئەزىمەت ئوغلى بولسا دەپ،
ھەمىشە ئۇنىڭكى غېمىنى يېدى.
بۇ يۇرتتا بى ھاجەت ئىدى چوڭ مەيدان،
چاپچىيتى يىگىتلەر تولپاردەك ھەريان.
چېلىشىش-مەخمەلدەك ئوت-چۆپ ئۈستىدە،
ئەلادۇر زىلچىلىق سارايدىن چەندان.
«ھە، قېنى ئاداشلار ماڭا قاراڭلار،
چېلىشچى بولۇڭلار دەمدۇ داداڭلار؟
سىنىشىپ كۆرەيلى كۈچ - قۇۋۋەتنى بىز،
مەن بىلەن قايسىڭلار؟
قېنى تاللاڭلار!»
بىر كۈنى ئەشۇنداق باشلىدى گەپنى،
ئۆزىدىن باشقىغا قويىدى تەلەپنى.
قاپقارا قېشىنى ھىمىرىپ قويۇپ،
ئايرىماق بولدى ئۇ، مۇنچاق،سەدەپنى.
بەسلەشتى سىمىزدەك پۇسىملاق بالا،
ھەمدەپ ئىككىسى تىركەشتى تازا،
رىشاتنى پەم بىلەن ئاتقاندا بالا،
چۆرىدەپ تۇرغانلار تووۋلاشتى راسا.
رىشاتنىڭ لاپپىدە قىزاردى بېتى،
بۇنىڭدىن ئارتۇقراق نە ئەلەم بارتى؟

«ئۆزەڭنى ئەر بىلسەڭ، باشقىلارنى شىر»،
بۇ ھېكمەت كۆڭلىدە لاپ قىلىپ ياندى.
ھەممىسى: «يارايسەن!» دېدى بالىنى،
قاپلىدى شات كۈلكە ئوتلاق - دالىنى.
گۈدەكلەر قەلبىدە ئۆركەشلەر ھەۋەس،
تاڭدى چىڭ، سۆرۈلگەن بىلەك - يارنى.
شۇندىن سوڭ رىشاتنىڭ ئاشتى غەيرىتى،
چېلىشقا باشقىدىن ئارتتى رىغبىتى-
«چېنىقىپ، مەنمۇ ھەم ئاتاي باشقىنى،
دەيتتى ئۇ-خەپ توختا، كىملەر نۆۋىتى...»
كۈچ بەردى شۇ ئۇمىد، ئىشتىياق-ھەۋەس،
مەغرۇرلۇق، مەيۈسلۈك كۆتۈرۈلدى بەس!
كىممىكى بىر ئىشقا قويسا كۆڭلىنى،
ئالەمدە ئىشلارمۇ ھەرگىز تەس ئەمەس.

(2)

ياتىدۇ يىراقتا كۆجۈم مەھەللە،
شات - خورام كۈلكىلەر قوينىدا ئەنە.
مەھەللىنى ئارىلاپ ئاقار بىر ئۆستەڭ،
بۇ يۇرتقا گۈزەللىك بېغىشلاپ يەنە.
ئۆستەڭنىڭ بويىدا سانسىز تال-سۆگەت،
ئاققىنى تاغ سۈيى، زىلال سۇ - شەرۋەت.
چەشمە قۇم ياتىدۇ راھەتلەنگىنىدەك،
قوزغىتىپ بۇ يۇرتقا دىلدىن مۇھەببەت.
ئوينايدۇ بالىلار ئىلاڭگۈچ سېلىپ،
ئوينايدۇ ئۈي ئېتىپ، جىگدىلەر تېرىپ.
دېھقانلار بىر كۈنلۈك ئىشنى تاماملاپ،
چىقىرار ھاردۇقنى بۇ يەرگە كېلىپ.
بىر كۈنى كەچقۇرۇن يىغىلىشتى ئەل،
تۆگىتىپ ئىشنى يەتكەندەك قەرەل.
راۋاپنى ياڭراتسا بىرسى ئويۇقتا،
چۈشەتتى ئۇسسۇلغا بىرسى بولۇپ دەل.
ساز-پازدىن كېيىنلا باشلاندى چېلىش،
ئويۇنمۇ كۆپ بۇندا، بىلىنمەس ھېرىش.
ياش باللا تەكلىپ قىپ بىر-بىرىنى،
چۈشۈشتى مەيدانغا، ئەجەپ قىزىق ئىش.
چېلىشتى تەڭتۇشلەر ئۆز ئارا بىر پەس،
ئاڭلىنار ھاسىراپ، كۆچەيگەن نەپەس.
ياشانغان بوۋايلار ساقىلىنى سىلاپ،
ئەسلىشىپ ياشلىقنى، قىلىشتى ھەۋەس.

قايسى بىر ياش يىگىت يىقىتسا كىمنى،
موماي‌لار سانايدۇ بېشىنى، بېلىنى.
ھېرىسمەن بۇ يۇرتلۇق چېلىشقا ئەجەپ،
ئۆچرىتىپ بولمايدۇ بىر غەمناك دىلنى.
شۇ ئەسنا كىمنىڭدۇر ئۈنى ئاڭلاندى،
ئۇ قويغان تەكلىپتىن ئەتراپ جانلاندى.
ئاكا ھەم ئۇكىنىڭ چېلىشى قىزىق،
كۆز تىكتى ھەممەيلەن، دىلى باغلاندى.
ئورتا بوي، سالىمجان دېگەن ياش بالا،
تۇراتتى مەيداندا قەد كىرىپ مانا.
رىشاتمۇ چوڭ تونىنىڭ ئىچىدىن چىقتى،
دەيتتى ئەل: «بۇ ئاكا-ئۇكىغا قارا!».
چاپانلار سېلىنىپ يېنىكلەشتى تەن،
باغلاندى بەلۋاغلار كۆك تاۋار بىلەن.
ئىككىسى گوياكى ئىككى ئارسلان،
جەم بولغان جاما ئەت قاراشتى زوقمەن.
— توختاڭلار!، — ئاڭلاندى بىر ئەنسىز ئاۋاز،
تۇرقىدىن ئايالنىڭ ئۈنى ئىدى ساز.
— تىلەيمەن، ئىككەيلەن چېلىشمىسۇن-ھە!
مەن ھازىر بۇ ئىشقا قاتتىق ئېتىراز.
بۇ قوشماق بالامنىڭ ياش - جۇغى كىچىك،
بەختىگە دۇئا قىپ، ئۆتۈمەن يېنىك.
ئاغرىسا پۇت-قولى، سۇنسا بىر يېرى،
ۋاي ئاللا، مەن قانداق تۇرارمەن تىرىك؟...
(جاھاندا بارمىكىن بۇ خىل ئىش يەنە،
پەرزەنتى — بالىغا كۆيمىگەن ئانا؟
ئانىنىڭ كۆزىدە ياش دېگى تۇرار،
ئاتىغا-ئانىغا ئېزىز جان بالا).
جىم-جىتلىق ئىچىگە چۆكتى چوڭ مەيدان،
ئانىنىڭگەپ - سۆزى بولدى ئىمتىھان.
ۋە لېكىن، بۇ ئېغىر جىملىقنى بۇزدى،
ئابدۇللا ئاكىنىڭ جاۋابى شۇئان:
— بولدى قوي، ھەي خوتۇن، نىم بولدىسا ئاڭا،
كۆڭلۈڭنى چۈشەندىم، كۈلەيمە ماڭا.
بۆشۈكتىن تاۋلانغان ئوغۇل بالىدۇر،
ئايرىمىدۇ جەڭگاھلار جا-جىڭنى يانا.
كېلىڭلار بالىلىرىم،
تۇتۇشۇڭلار بەل،
مەيدانغا چۈشتۈڭلار، قېنى يېقىن كەل.

ھەرىكەتنىڭ ئۆزىدە بەرىكەت دېمەكتۇر،
مەرتلەردىن ھەر قاچان قورقايدۇ ئەجەل...
شۇنداق قىپ قايتىدىن باشلاندى چېلىش،
ۋە لېكىن ئانىنىڭ رەڭگىدە ئەندىش.
تۈنجى رەت ئۇتقاندا قوشماق ئاكىسى،
بۇ چەۋەر ئاكىغا ياگىردى ئالقىش...
كېيىنكى مەيداندا ئۇتتۇردى ئاكا،
ئاتتۇردى ئاكىنى رىشات ئۈچ قاتار.
دېمەككى، «ئاۋۋالى چىققان قۇلاقتىن —
كېيىن چىققان مۈڭگۈزى ئاشار.»
ئۆتكەندۇ ئاتتۇرغانىدى تۇرغۇننى،
بۇ قېتىم ئۇتتى ئۇ، تەڭتۇش مۆمىننى.
يۇرت ئارا تارالدى رىشاتنىڭ داڭقى،
كىم تۇغدى بۇنداق مەرت- جەسۇر ئوغۇلنى؟

## 2-باب

### يول ماڭغانسېرى كېڭىيەر

(1)

ئاق تېرەك،
ئاق تېرەك ئاسمانغا باقار،
ياپراقلار گوياكى بىر ياڭاق چاقار.
يېشىللىق تونىغا چۆمكەلدى بۇ يۇرت،
پاھ، بۇ يىل بۇرۇنلا كەلگەچ گۈل باھار.
ئوت-چۆپلۈك ئىچىدە سايرايدۇ تورغاي،
ياڭرايدۇ خۇشچاقچاق كۈلكىلەر تىنماي.
قىر بويلاپ كەلمەكتە بىزنىڭ رىشاتجان،
تۇرسۇننىڭ ئۆيىگە،
مەشرەپكە ئاي... ھاي...!
بىر قىزىق ئىش بولدى ئۆتكەنكى ھەپتە،
كۆپچىلىك ئۈن قوشتى مۇنداق تەلەپكە:
«يۇرتىمىز مەدەنىي ھايات بۆشۈكى،
ھەر كۈنى نەچچەيلەن قېتىلسۇن سەپكە.
چېلىش — ئۇ، ئەنئەنە بىزنىڭ تەرەپتە،
نوچىلىق ئەمەلدە، ئەمەس لاپ گەپتە.
بىر چېلىش تۈزەيلى ئۇتۇپ چىققانغا —
ئۇتتۇرغان قوي سويۇپ، ئەتسۇن ھەم بەتتە».
باشلاندى شۇنداق قىپ بىر قىزىق ئويۇن،
قوللىدى قېرىلار ھەممىدىن بۇرۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



يىگىتلەر بىلىغا باغلاشتى بەلۋاغ،
ئەل كەلدى تۈش ـ تۈشتىن، قىزىلدى سورۇن.
سۆزىدىن قايتقانىنى يىگىت دېمەس ئەل،
تاتلىقتۇر ئەجرىدىن كەلگەن قەن ـ ھەسەل.
رىشاتنىڭ قەلبىدە بىر ئېگىز چوققا،
ئېنتىلەرچىقماققا، يەشمەس ھەرگىز بەل.
چېلىشتا ھەركىمگە بېرىلگەن نۆۋەت،
رىشاتمۇ مەيدانغا چۈشتى ئۈنجى رەت.
ئاتقاندا تۇرسۇننى ئىككى مەرتىۋە،
ياڭرىدى چۇقانلار: « يىگىت ياشاپ كەت! »
رىشاتنىڭ لېۋىدە خۇشاللىق ئويناپ،
ئاممىغا تازىم قىپ، مەيداننى بويلاپ،
بۇ ماختاش، ھۆرمەتكە «رەھمەت» دېگەن ئۇ،
ياشلىقنىڭ پەزىلەت تەختىدە چاقناپ.
...........................................
ھە، بۈگۈن ئۇ ماگدى تۇرسۇن ئۆيىگە،
ئىمزەتۇ ـ ئىكرامنىڭ كۆكۈل تۆرىگە.
پاھ، بۈگۈن بۇ يەردە قاينايدۇ مەشرەپ،
قەيسەرلىك نۇر بەرگەن يىگىت كۆزىگە.
ۋە لېكىن، يۈز بەردى بىر ئىش تاسادىپ،
گوياكى كەلگەندەك بۇ پۇرسەت يېتىپ.
رىشاتنىڭ يۈرىكى كەتتى گۈپۈلدەپ،
توختىدى ھاياجان ئىلكىدە قېتىپ.
ئېھ يۈرەك، نىمانچەسوقىسەن دۈك ـ دۈك؟
رېتىمىڭ بۇزۇلغان، كانايلار پۈتۈك.
نېمىشقا جۇپ لەۋلەر شەبنەمدەك تىترەر؟
نېمىشقا ھېس ـ تۇيغۇ نازۇك ۋە ئۈزۈك؟
تەبىئەت ئالتۇن رەڭ ئالسا سەھەردە،
سۆيگۈلەر ئۇستىگە چۈشكەيمۇ پەردە؟
ياشلىقنىڭ ئارمىنى تولىمۇ تاتلىق،
ساپ گۆھەر خارلىنىپ ياتمىسۇن يەردە.
ئۇدۇلدا ھەنىپە كېلەتتى مەغرۇر،
مېڭىشى كىيىكتەك، خىيالى ئۇچقۇر.
رىشاتقا چۈشىدە قانچىلاپ تۈنلەر،
بەرگەنتى ئەشۇ قىز ئىلھام ۋە ھوزۇر.
ئۇ كۆردى بۇ يەردە تاسادىپ قىزنى،
بولاقنىڭ يېنىدىن ئايلانغان ئىزنى.
ئويلىدى رىشاتجان مۇشۇنداق پەيتتە،
دەۋالاي ئۇنىڭغا دىلدىكى سۆزنى:
ـــ ئەسسالام،
ھەنىپە ماگدىڭىز نەگە؟
ـــ ئەسسالام،
نىمانچە چۆمدىڭىز تەرگە؟
ـــ تەر دەمسىز،
يىگىتنىڭ بەختى ھەم ئەجرى،
ـــ ھە شۇنداق،
بەختمۇ ئامراق شۇ ئەرگە.
ـــ بارمۇسىز؟ كۆرمۇدۇم بولدى كۆپ كۈنلەر،
ـــ چۈشۈمدە كۆردۈممەن سىزنى جىق تۈنلەر.
ـــ ئېيتىڭا ۋىسالغا يېتىمىز قاچان؟
ـــ پەيت كەلسە ھۆپپىدە ئېچىلارگۈللەر...
پاھ مانا، ھەنىپە قولىدا ياغلىق،
يىگىتكە ياغلىقتا سوۋغا ئوراقلىق.
مېھرىنى يىپ قىلىپ قانچە تۈن ـ ئاخشام،
يىگنىدە چەكتى گۈل، قىلدى باغ ـ تاللىق.
پۈتكەزدى رىشاتقا بىر چىمەن دوپپا،
دوپپىكى ئاجايىپ چىرايلىق، سىپتا.
ئۇ كەيسە دوپپىنى، ماگسا قول سېلىپ،
بولامدۇ چوڭ شاتلىق بۇندىن ھاياتتا؟
ھەنىپە دوپپىنى ياغلىقتىن ئالدى،
ئۇزاتتى رىشاتقا،
ئوت بولۇپ ياندى.
زەڭ سېلىپ كۆرگەندە رىشات دوپپىنى،
« رەھمەت » دەپ، يارىغا تويمايلا قالدى...
كىم بىلسۇن، قوش تورغاي ئۇچتى كۆك تامان،
بىر جۇپ ياش سايىسى بولاقتا شۇئان.
پادىلار قايتىشتى شەپەق نۇر ئىچرە،
نەقەدەر گۈزەل ھە، ئېتىز، تاغ، ئورمان.

Altunoq

(2)

جۇڭغار ھەم تارىمنىڭ باغرى كەڭ ئەنە،
ياتىدۇ تۇمەن مىڭ ئۈزۈن مۇساپە،
داۋانلار ئاشقاندا سىنىلار ئارغىماق.
باتۇرنى ئاير ىيدۇجەڭگاھ ھەم سەھنە،
ئۈرۈمچى — ئاستانە، سۆيۈملۈك شەھەر.
ئاتۇشقا—

رىشاتقا ئەۋەتتى خەۋەر.
كوماندا ئەزاسى بولغاندا رىشات،
شاتلىقتىن كۆز يۇمماي چىققتى تاڭ سەھەر...
ھەر كۈنى سۇبھىدە تۇراتتى رىشات،
كەسپىگە ئۆزىنى ئۇراتتى رىشات.
مەشقتىن ياناتتى ھەممىدىن كېيىن،
مەيداندا ئەڭ بۇرۇن بولاتتى رىشات.
بىر قېتىم باشلاندى يېڭى بىر مەشق،
تولۇشتى ماھىرلار مەيدانلارغا لىق.
نەشامال، نە سالقىن بولسۇن قىلچىلىك؟
كەڭ جاھان قىزىغان تونۇردەك ئىسسىق.
مەشقاۋۇل، تىرىنىرلار بولۇشتى دەۋەم،
كۆرستەر يىگىتلەر ماھارەت شۇدەم.
نۆۋىتى كەلگەندە چۈشتى رىشاتمۇ،
تۇرقى بىر ئارسلان، گوياكى رۇستەم...
ئىككى ياش چەۋەنداز ئېلىشقان چېغى،
باشلانماي ھۇجۇمنىڭ ئەڭ كەسكىن چېگى.
يىقىلدى تۇيۇقسىز زەربىدىن رىشات،
مۇرىسى زەخمەيەپ، يىرتىلدى يېڭى.
يۈگرىدى تىرىنىرى سادىق ئەشۇ تاپ،
يۆلىدى رىشاتنى، ئۇ ئىدى بىتاپ.
مېھرىبان ئۇستازنىڭ ئىللىق سۆزلىرى،
رىشاتنىڭ قەلبىدە ياندۇردى ئاپتاپ:
« ئەي يىگىت، ئۇنۇتما مۇنداق بىر ئىشنى،
باھار، كۈز ئايلىنىپ كەلگەن سوغ-قىشنى.
قارا كۈچ بولسىلا يېڭىمەن دىمە،
ئەقىل - پەم سىنايدۇ ئەرنى - چېنىقىشنى.
ئۇنۇتما، يىگىتكە كۈچ - مادار كېرەك،
زېھىن ۋە كۈچ بىلەن غەلىبە قوش گېزەك،
پاراسەت سۈيىدە يۇغۇرۇلسا كۈچ.
ئەسقاتار ئەڭ قىيىن ئۆتكەلدە بەكرەك،
قانائەت، مەغرۇرلۇق تالانتقا دۈشمەن،
تەمەننا— ئادەمنىڭ پۇتىغا كىشەن.
ئاسمانغا چىققانلار، ئايغا قونغانلار،
ئەمەسمۇ چىن ئادەم؟
شۇنداق بول! ئىشەن... »
سادىقنىڭ شۇ تەلىم - رىغبىتى بىلەن،
ئۇ، چاپا كۆكسىدە ئىزدەندى بەلەن.
مودەنجىياڭ،

شاڭخەيدە قەدەم ئىزلىرى،
گۈل چەكتى كۆڭۈلگە، قاتتى گاڭ بەدەن.

## 3- باب

### مەرت سىنالدى مەيداندا

(1)

گۈزەل ياز مەۋسۇمى،
زەڭگەر رەڭ ساما،
سۈۋەيش بويىدىن ئۇرۇلار سابا.
توي ئۈچۈن جابدۇنغان ئىسكەندىرىيە،
بۆلەكچە قىزىغان بۇندا سەيلىگاھ.
شۇ كۈنلەر بۇ شەھەر بىر رەڭدار سۈرەت،
كوچا - كوي، مەيدانلار بېزەلگەن ھەيۋەت.
سەھرايى كەبىر نىڭ يۇلغۇن پۇرىقى،
دىماققا ئۇرۇلار خۇش ئەنبەر سۈپەت.
ئاقاتتى شاۋقۇنلۇق ئەزىم نىل دەريا،
سۈپسۈزۈك سۇلىرى زىمىنگە دورا.
بېلىقلارنۇر بىلەن يۇسا يۈزىنى،
تاشلىرى بەئەينى بىرلەھەل دۇنيا.
دىللارغا نەقىش ئۇ، كۆڭۈللۈك چاغلار،
چەتلىرى كۆز يەتمەس خورمىلىق باغلار.
بۇ يەردە شەرقنىڭ بۈيۈك سىماسى،
چاقنايتتى مىڭ يىللىق قەسىر - سارايلار.
ئەنە ئۇ، قەدىمكى ئېھرام - راۋاقلار،
ئەنە ئۇ، گۈمبەزلەر، كاھىش - سۇۋاقلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



قىرائەت ئۈنلىرى ئاڭلانسا مۇڭلۇق،
ياڭرايتتى جامەئەدىن قۇرئان ــ ساۋاقلار.
ئاقماقتا ئادەملەر توپى شەھەرگە،
ھە، ئۇلار ئالدىراپ بارىدۇ نەگە؟
بولماقچى بۇ يەردە خەلقئــارا چېلىش،
ھە، ئۇلار بارىدۇ شۇنى كۆرۈشكە.
مىسىرنىڭ چوڭ شەھرى ئىسكەندىرىيە،
چۆمگەنتى ئالەمچە شاتلىققا ئەنە.
«ئىبراھىم ھاشىم مۇستاپا »③ نامى،
سانسىزلاپ مەرتلەرنىڭ قەلبىدە يەنە...
بىزەلگەن بۇ يەردە ھەشەمەت ساراي،
چۈشكەندەك ئاسماندىن گويا پەرى ــ ئاي.
تەلپۈنەر چوڭ ــ كىچىك ساراي تەرەپكە،
تاۋاپگاھ ئورۇنغا ئايلانغان بۇ جاي.
جەم بولغان بۇ يەرگە مىڭلاپ چەۋەنداز،
ھەرىكەتچى، خىسلەتى كۆڭۈلگە ئەنداز.
رىشاتمۇ خانتەڭرى باغرىدىن كەلدى،
دۇنياۋى سورۇندا قىلماقچى پەرۋاز.
ئۈمىت ــ ئۇ، ھەممىشە ئادەمنىڭ جېنى،
رىشاتنىڭ كۆڭلىدە ۋەتەننىڭ غېمى.
ئويلايتتى: ھەنىپە نىمە كويدا دۇر؟
ئۆيدىمۇ، ئېتىزدا، نەدە ئۇ، قېنى؟
ۋەتەننىڭ رىشتىسى چوڭ دەريا، قىيان،
جۇدالىق ئوتلىرى نەقەدەر يامان؟
جىق چىگىش خىياللار چولغىدى ئۇنى،
ئۆتكۈنچى ياڭغۇردەك بولۇپ نامايان،
ھە، ئەتە ــ چوڭ چېلىش،
بۈگۈن ھارپىسى،
ئۇتتۇرار قايسى؟ ئۇتار قايسى؟
بۇ يەرلىك نوچىلارغا كىملەر مەنمۇ تەڭ؟
(ئۈزەتتى رىشاتنىڭ خىيال كېمىسى).
ــ رىشاتجان، سۆيۈنچە! خەت كەپتۇ ساڭا،
شۇ يىراق ۋەتەندىن يېزىلغان ماڭا.
بەختىڭگە ئوڭ ئىكەن، ئوقۇغىن قېنى،
كىم يازدى؟ نىمىلەر يازدىكىن يەنە؟

ئۇشتۇمتۇت ئىشتىلگەن ئەشۇ خەۋەردىن،
خىياللار يەپپىنى تارتتى ئۇ، بىردىن.
تۇراتتى ئالدىدا سەپدىشى قاراپ،
خەت ئۇتۇپ، تەبەسسۇم يېنىپ چېھرىدىن.
رىشات ئۆز دوستىدىن ئېلىپ لىتابىنى،
ئاچتى خەت ئاغزىنى، كۆردى جاۋابىنى.
ھاياجان ئىلكىدە تىترىدى لىۋى،
ئەسلىمەر خوشاللىق يېشى سىماپىنى:
«قەدىرلىكىم، ۋاپادارىم سالام يۈرەكتىن،
سېغىنىش، ئوت ــ پىراقىدا يانىدىم بۆلەكتىن.
قاھىرەدىن يازغان خەتنى ئالدىم تاپشۇرۇپ،
قانات ياساپ ئۇچتۇم گويا خوشلۇق ــ تىلەكتىن.
بۇ جۇدالىق ھىجران ئوتى ئۆتتى جېنىمدىن،
چۈشلىرىمدە ئىزدىدىم مەن ئىسكى يېنىمدىن.
ئەندى بىلدىم، يامان ئىكەن ھىجران ئازابى،
قەيقالغاندەك بولدۇم خۇددى ئاش ھەم نېنىمدىن.
لېكىن، تەھقىق بەخت ــ ئامەت باتۇرلارغا خاس،
ۋەتەن ــ يۇرتنى سۆيمىگەنلەر باتۇر ئاتالماس.
بىز دەيتۇققۇ تەقدىر ــ ئىقبال خەلق بىلەن بىر،
بەخت ــ ئامەت شۇ ئەمەسمۇ ۋەتەن دەپ ياشاش...
دادام دېدى: «چېلىش دىمەك ھايات ــ مامات جەڭ»
يوقالمىدى ئەجداد ئىزى، مەنمۇ تۇردۇم يەڭ.
بۈگۈن دۇنيا يۈكسەلمەكتە يېڭى پەللىگە،
تۇرالايمىز بىز قاتاردا بىزمۇ تەپمۇ ــ تەڭ.
سىز خەلقىمگە ۋەكىل بولۇپ چۈشتىڭىز جەڭگە،
مەشئەل بولۇڭ،
بولماڭ يېنىپ ئۆچكەن سەرەڭگە.
بىر مىليارت ئەل كۆز تىكمىزدە بولسۇن ھەر قاچان،
ئەزەلدىنلا چىن مۇھەببەت تەقدىرىم ۋەتەنگە.
مەن تىلەيمەن سىزگە چەكسىز ئۇتۇق ھەم نۇسرەت،
شان ــ شەرەپنىڭ ئاچقۇچىدۇر كەمتەرلىك،
غەيرەت.
يارىڭىزنى سېغىنغاندا سۆيۈڭ بۇ خەتنى،
ھەمرا بولسۇن دائىم سىزگە چىدام، ساداقەت.
خوش ئەمىسە، كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭ سىز،

ئەل ـ جامائەت بەختىمىزگە دۇئا قىلۇرمىز.»
رىشاتقا نىگارى بەردى مەدەت ــ جان،
تومۇردا ئۆركەشلەپ ئاقتى قىزىل قان.
قەلبىدىن ئۇرغۇدى بىر ئوتلۇق قەسەم،
«قايتىمەن جۇڭگوغا ئېلىپ شەرەپ ـ شان.»

**(2)**

ئاجايىپ ھەيۋەتلىك چېلىش مەيدانى،
ئەنە ئۇ، رەڭمۇ رەڭ تۇغلار جەۋلانى.
گوياكى چوڭ مەرەم بولغاندەك بۈگۈن،
ئاقماقتا مەيدانغا ئادەم قىيانى.
مىسىرنىڭ ئەڭ يىراق سەھرالىرىدىن،
سالاھىدىن④ يۇرتىنىڭ دالالىرىدىن.
كەلگەنتى كۆرۈشكە مىليونلاپ ئادەم،
سىنايدىن، ھەبىش تاغ جىرالىرىدىن.
پالۋانلار رەڭ، ئېرقى ئىدى نەچچە خىل،
تەنلىرى ئاق، قارا، ئوخشمايتتى تىل.
كەلگەنتى ماراكەش، تۇنىس، يەمەندىن،
كەلگەنتى زامبىيە، ئىراقتىن... يەكدىل.
چۈشكەندە مەيدانغا يەتمىش پالۋان،
ئاپىرىن ئەيلىدى ئۇلارغا جاھان.
كۈچلۈككى ھەر بىرى يولۋاس مىسالى،
مۇشكۈلات ئۇلارنىڭ ئالدىدا تالقان.
كۆرگەنلەر ھەيرانە دېدى: «ئەجەپ ئىش،
كىچىككەن، بۇ يىگىت باقارمۇ يېڭىش؟
كۆرەيلى تەقدىرنىڭ كارامىتىنى،
ئېھتىمال، ھاجەتسىز بىزدىكى ئەندىش.»
مەيدانغا چۈشكەندە رىشات زوق بىلەن،
تاشلانغان ئەڭ ئادىل چەككە بىنائەن.
جانلاندى بىردىنلا بۇ ئالى ساراي،
كۆز تىكتى خالايىق ئاڭا ھېرىسمەن.
مەيداندا ئۈزلۈكسىز شاۋقۇنلار سادا،
ماراكەش يىگىتى مانا ئالدىدا.
بۇ ئىككى چەۋەنداز تىركەشكەنتى چىڭ،
ۋەتىنىنىڭ، يارىنىڭ نامى يادىدا.
يات يىگىت شۇنچە چىڭ، بەستى ئىدى زور،
رەڭگىدە رىشاتنى مەنسىتمەس غۇرۇر.
«شۇ ۋىجىك تۇرقۇڭدا تەڭ كېلەلەمسەن؟ ـ
ئويلايتتى ـ ئاۋارە بولمىغىن، يۈگۈر.»
شۇ خىيال ئۇنىڭكى ئەقلىگە مىندى،
قانائەت، كىبىردىن كىرىلىپ تىندى.
رىشاتنى بېلىدىن تۇتقان پېتىچە ــ
كۆتىرىپ يەرگىمۇ ئۇرماقچى بولدى.
ئەشۇنداق ئەڭ نازۇك، جىددىي مىنۇتتا،
رىشاتنىڭ خىيالى ئۇچتى بۇلۇتقا...
پالازغا قانداقمۇ يىقىلسۇن رىشات؟
قانداقمۇ كۆل بولسۇن بۇ جەڭدە ــ ئوتتا؟
سۇلتانەسۇتۇقنى ئاڭلىغانتى ئۇ،
باتۇرلۇق قىسسىسىن ئوقىغانتى ئۇ.
مۇشۇ دەم كۆڭلىدە پەقەت بىرلا سۆز،
مەھمۇدنىڭ ئەۋلادى يىقىلماس مەڭگۈ.
ۋۇجۇدى مىسلىسىز قۇدرەتكە تولدى،
قەلبىدە ۋەتەن، يار ۋولقانى ياندى.
غادايغان رەقىپنى بېلىدىن تۇتۇپ،
تۇنجى رەت ئاتۇشچە يامباشقا ئالدى.
رىشاتنىڭ كۆڭلىكى چاپلاشتى تەرگە،
بىر ئەزىم كۈچ بىلەن ئاتتىكى يەرگە.
«چېمپىيون» غىلاپتەك قالدى ئېسىلىپ،
تاغىقى يەر چىشلەپ، يېدى بىر زەربە.

..........................................

تىركەشتى «چېمپىيون» ئىككىنچى قېتىم،
«يېڭىلسەم،ـ دېدى ئۇ ـ يۆتكەلسۇن ئېتىم»
رىشاتنىڭ پۇتىغا دەسسەپ، تەپسىمۇ ــ
يىقىلدى ئوڭدىسىغا قالدى ئۇيېتىم.
«چېمپىيون» بۇ ھالدىن قالدى گاڭگىراپ،
شاپتۇلدەك مېجىلىش نەقەدەر ئازاب،
مەيدانغا چۈشكەندە ئاخىرقى قېتىم،
تۇيۇلدى كەتكەندەك پۇت ـ قولى بوشاپ.
يىگىتكە ھەر قاچان كۈچ ـ مادار كېرەك،
لازىمدۇر پاراسەت، دىت، ئەقىل ـ زېرەك.
رىشات ئۇ رەقىبىنى ئالدىغا تارتىپ ــ

ئەتتەردى كەينىگە، يۇلغانىدەك پىلەك،
«چېمپىيون» نى ئالدى قولتۇققا قىسىپ،
يېپ قىلدى مىسالى قوزۇققا ئېسىپ.
بېشىدىن ھالقىتىپ، ئاتقۇزدى موللاق،
يەلتوپىتەك دوگلەتتى گەجگىدىن بېسىپ.
..................................................

جاراڭلاپ ئېگىزدە ياڭدى كۆرسەتكۈچ،
كۆرۈندى چوڭ رەقەم، نۆلگە قارشى ئۈچ.
مەيدانىنى زىل - زىلىغا كەلتۈردى شۇ دەم،
«بارىكاللا!» ئاۋازى،
قاتتىق ئىسقىرىت...
ئىززەتتـۇ ئىكرامغا بولدى ئۇ نائىل،
بولۇشتى يەر - جاھان كۆڭلىدىن قايىل.
تەڭرى - تاغ باغرىدا ئۆسكەن يىگىت -قىز،
دېمەككى ئەشۇنداق چەبدەس ھەم قابىل،
ياڭرىدى چاۋاكلار يامغۇر ياققاندەك،
نىل بىلەن خۇاڭخې بىللە ئاققاندەك.
رىشاتنى بېشىغا ئالدى مىسىرلىق،
ئالتۇندىن، كىمخاپتىن تونلار ياپقاندەك.
مۇخبىرلار بۇ دەمنى بىلىپ غەنىمەت،
يۈزلىگەن ئاپپارات تارتىشىپ سۈرەت.
ئۆسمۈرلەر گۈل تۇتۇپ قۇچاق - قۇچاقلاپ،
بىلدۈردى رىشاتقا سالام ۋە ھۆرمەت.
يىگىتكە مىليوننىڭ تىكىلىپ كۆزى،
ياڭرىدى تۈنۈش - تۆشتىن «ئاپىرىن!»سۆزى.
ياڭرىدى: «رىشاتى، ئاللاھافىز»⑤ دەپ،
جاي بولدى تەۋەرۈك مەڭزى ھەم يۈزى.
بەختلىك مىنۇتلار.

رىشات قەلبى چوغ،
كۆكىدە مىسىرنىڭ ئوينار قىزىل تۇغ.
دۇنياغا ئەشۇنداق مەرتنى تونۇتقان،
شۇ ۋەتەن ئانىسى نەقەدەر ئۇلۇغ؟

(3)

سۇسلاشتى كۆكتىكى يۇلتۇز جامالى.
گوگۇمنىڭ سۇبھىدىن بولماس ئامالى.
قىپ - قىزىل دۇردۇنىدەك رەڭ ئالدى شەپەق،
سىپايىتتى يۈزلەرنى دېڭىز شامالى.
ھالرەڭ نۇر چۈشكەندە تاغلار باغرىغا،
تاۋۇسلار تولغاندەك بولدى ۋادىغا.
يالتىراپ گۈللەرنىڭ لىۋ دە شەبنەم،
زەخمەكلەر ئۇرۇلدى كۆڭۈل تارىغا.
گۈمبەزلەر ئۈستىدە ئويناپدۇ كەپتەر،
مەنزىلگە يەتكەنلەر قۇتقا مۇيەسسەر.
ئالەمدە ھەممىدىن چوڭقۇر ھەم چەكسىز،
سۈت بەرگەن ۋەتەننىڭ چېھرى نەقەدەر؟
كىم قانداق ياراتتى گۈزەل بوستاننى،
سىناپدۇ تارىخ ھەم ھەر بىر ئىنساننى.
رىشاتنىڭ قەلبىدە شېرىن ئەسلىمە،
ئۇنۇتسۇن قانداقمۇ ئۇزاق جەرياننى :
بارچۇقنىڭ باغرىدا بار توققۇز ساراي⑥
ئېيىمدا چېلىشقان سۈرەت بار تالاي.
تارىخنىڭ شاھىدى تۇرۇپتۇ ئەنە
بولغاچقا خەلقىمىز چىن ئىجادقا باي.
تەلكە داۋىنىدا ھېيىت نوچى ⑦ ئىزى،
ئۇزۇلمەس كارۋانلار قىشى ھەم يېزى.
چېلىشتا قىلغان ئۇ ياتلارنى مەغلۇپ،
ئەل ئۈچۈن بەرگەن جان كەلگەندە گېزى.
ئەخمەتجان ماختىغان ئابلىز توقسۇننى⑧
يىقىتقان چاغدا ئۇ، بىر ئەمەس ئۇننى.
يېتىلگەن چېلىشتىن مىڭلاپ قەھرىمان،
ئەركىنلىك، ھۆرلۈككە باشلاپ يوقسۇلنى.
قىزىغان بىر چاغلار زەرەپشان بويى،
مەرتلەرگە كۈچ قاتقان تۈمەننىڭ سۈيى.
پەلۋانلىق تەختىدە ئۆمەر قاسساپقا⑨
ياغدۇرغان قەشقەرلىق مەدھىيە كۈيى...
چېلىشتىن شان قۇچۇپ ئۆتكەن كۆپ ئەجداد،
ئىز باستۇق ئارقىدىن يۈز مىڭلاپ ئەۋلاد.
يوقاتماي شۇ ئىزنى باسايلى ئالغا!
ئەجدادلار بىزلەردىن بولسۇن مەڭگۇ شات.
..................................................

ھە، بۈگۈن يېپىلىش مۇراسىم، بايرام،
ئادەملەر دېڭىزى بۇ يەر بىر قاينام.
مىلىيون جان سەكرەيدۇ مۇنبەرگە قاراپ،
بېرىلگەن چېغىدا مۇكاپات ـ ئىنئام.
«چىنادىن رىشات» دەپ تونۇلغان چېغى،
جۆر بولدى ئەرەبىنىڭ تاغۇ ھەم بېغى.
بۇغداي ئۆڭ، قوي كۆزلۈك، قاراقاش يىگىت،
مۇكاپات بويۇمنى ئالغان شۇ چېغى.
ياڭرىدى گۈلدۈراس ئالقىش مەيداندىن،
«چىنا ـ رىشات» دەپ ئۈنلەر ھەر ياندىن.
نەچچىسى دەپتەرگە قويدۇردى ئىمزا،
سۇنۇلدى تەكلىپلەر ھەتتا بالقاندىن.
بۇ يېڭى خەۋەردىن تەۋرىدى ئالەم،
رېتىرنىڭ، تايمىسنىڭ خەۋەرلىرى ھەم.
«ئەل ئېھرام» قانچە كۈن سۈرەتلەر بەردى،
تېلېگىرام، تېلېفونلار ئۇچتى دەممۇ دەم.
تۇراتتى رىشاتجان شاتلىقى تېشىپ،
قولىدا چوڭ لوڭقا، مىدالنى ئېسىپ،
ئۇ نېچۈن شاتلانماس جاھان ئالدىدا،
ۋەتەنگە بولغاندا شان ـ شەرەپ نېسىپ؟
....................................
ئىخ تارىخ، ئۆزەڭسەن ئەجەپمۇ ئادىل،
تۆھپىكار مىللەتلەر ھەممىدىن قابىل.
رىشاتنى تونۇتتۇڭ پۈتۈن ئالەمگە،
بىلدىمكى، ئالەممۇ ئۇيغۇرغا قايىل.

# 4 - باب

## باغۋەنسىز قانداقمۇ ئۆسكەي گۈل-چېچەك

(1)

ئىخ، ۋەتەن ئاسمىنى نەقەدەر سۈزۈك،
قوللاردا چاقنىغان مەرۋايىت ئۈزۈك.
ئالەمگە نۇر چاچار شۇ سېخى قۇياش،
چايقىلار زەر بىلەن كائىنات بۆيۈك.
ئايرودوروم بېزەلگەن شۇنچە چىرايلىق،
يوللاردا گۈل تەشتەك، رەتلىك تىزىقلىق.
شىزىلەر پۇرىقى تۇرار گۇپۇلدەپ،
چۆرىسى باغلارغا تۇتاشقان قېنىق.
كۆكسىدە قەد كىرىپ تۇرىدۇ فونتان،
چەشمىدەك سۇلىرى ئېتىلار ھەر ئان.
كۆڭۈلگە مىسلىسىز شاتلىق بېغىشلاپ،
نىلۇپەر گۈللىرى ئۆسكەن باراقسان.
غۇيۇلدار ئاپتوموبىل ـ «ۋولگا»لار تورماي،
ئۆتىشەر بەئەينى موكىدەك تىنماي.
قوزغالسا بىر لاچىن، قونىدۇ بىرى،
كۈچلەنگەن بۇ ۋەتەن نەقەدەر ھاي-ھاي.
بىنانىڭ ئالدىدا كەڭ مەيدان، كەڭ يول،
چۆرىدەپ سەپ تۈزۈپ تۇرار قىز ـ ئوغۇل.
ئىنتىزار كۆز بىلەن قارايدۇ كۆككە،
ھەر ئادەم قولىدا دەستە ـ دەستە گۈل.
شاۋقۇنلۇق بىر ئاۋاز قۇچتى ھاۋانى،
قايتۇرۇپ قۇلاققا ئۆتكۈر سادانى.
لاچىنلار كەپقالدى،
قوندى ئەنە ئۇ،
زىل ـ زىلىگە كەلتۈرۈپ تاغۇ ـ دالانى.
پەلەمپەي شوتىدىن چۈشكەندە رىشات،
ئاسماندىن ـ زېمىنغا كۆچكەندە رىشات.
ئادەملەر گۈررىدە ئالغا ئېتىلدى،
رەھبەر ھەم ئاممىنى سۆيگەندە رىشات.
گۈلدەستە چاچقۇدىن ئېچىلدى غۇنچە،
غۇرۇر ۋە شاتلىققا چۆمدى ئەل شۇنچە.
تەنتەنە، ئالقىشلار ئاقتى سەل بولۇپ،
ئاپىرىن، رەھمەتتىن چېچىلدى ئۈنچە.
ۋەلېكىن، مۇشۇ دەم رىشات ئىنتىزار،
ئۇزەمستىن كۆزىنى ئەتراپقا قارار.
ئىزدەمدۇ بىر يۇرتلۇق دوستلىرىنى ئۇ،
ئىزدەمدۇ بارمۇ، دەپ سۆيگىنى ـ نىگار؟
تۇراتتى سەپ ئىچرە تېرىنىرى سادىق،
ئىنتىلىپ رىشاتقا مېھرىۋان ئىللىق.
ئۇستاز ھەم شاگىرت قۇچاقلاشتى كۆپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
Altun


ئوقچىدى تومۇردا قانلار يېقىملىق،
رىشاتىنىڭ قەلبىدە ھېسسىياتى قىيان،
قانداقمۇ قىسىپ بولسۇن گەپ ـ سۆزنى بايان؟
باغۋەنسىز قانداقمۇ ئۆسكەي گۈل-چېچەك؟
ئارانلا بۇ سۆزگە كەلتۈردى زۇبان:
يورۇتار ئۆيلەرنى ئېلېكتىر چىراق،
سۇ، ئوغۇت بولمىسا چىقماس يوپۇرماق.
سىز مېنىڭ يېتەكچىم، روھى تۈۋرۈكىم،
سىز بىلەن پىكرىم پاك، روھىممۇ ئويغاق.
ئۆستۈردى بۇ دەۋران مېھرىنى تۆكۈپ،
مەن قۇچقان غەلىبىدە تەر ـ ئەجرىڭىز كۆپ.
ئۇستازنىڭ مېھنىتى ئەۋلادقا ئورنەك،
ئۆتىمەن شۇڭلاشقا مەڭگۈگە سۆيۈپ...
سادىقىنىڭ لەۋلىرى تىترىدى شۇئان،
چاقنىدى ئالدىدا بىر نۇرلۇق چولپان.
«قىلغىنىم بەكمۇ ئاز، ئادا قىلدىم بۇرچ،
رازىمەن ئەل ئۈچۈن بېرىشكە قۇربان...»
مەقسەتنىڭ دەرياسى ئاقتى بىر يولدا،
نەتىجە، تۆھپىسى جۇپلاشقان قولدا.
بۇ زامان ئۇلارغا بولدى جۈپ قانات،
كۆرۈندى تېخىمۇ ئىقبال ئۇدۇلدا.

( 2 )

كۈز ئېيى، خاسىيەت بىر پەسىل كەلدى،
ئۆتكەنكى يىللاردىن ھەم ئېسىل كەلدى.
مىسلىسىز شاتلىققا تولدى ھەممە ئۆي،
يۇرتداشلار مېھماندوست، بەك ئىجىل كەلدى.
كۈن ئۆتتى، ئاي ئۆتتى ئۈزمەي قاتارلاپ،
ھەتتا ھىجراندا ئۆتتى كۈن ساناپ.
بىرەر ئاي ئۇنىڭغا تويۇلدى يىلدەك،
تەلمۈردى رىشاتنىڭ يولىغا قاراپ.
ئالتۇنكۈز ماۋسۇمىنىڭ شۇنداق بىر كۈنى،
ياشاردى مۇھەببەت بېغى ـ گۈلشىنى.
ئۇچراشتى بىر جۈپ ياش بۇلاق بويىدا،
كۈتكەنتى بۇ كۈننى كۈندۈزى ـ تۈنى.
بېقىشتى تويماستىن تەشنا جۈپ كۆزلەر،
ئوت ئالدى ئەشۇ دەم ئوتقاشتەك يۈزلەر.
ئەيلىدى رىشاتجان قەلبىنى ئىزھار،
چىن سۆيگۈ بابىدىن ئېيتىلدى سۆزلەر:
«خۇما تاغ بېشىدا كۆيىدۇ چىراق،
كۆيىدۇ لاۋۇلداپ ئۆچمەيدۇ، يىراق.
ۋەلېكىن، كۆيگىنى ئەمەستۇر چىراق،
بۇ تىڭىز قەلبىمدە كۆيگىنى نەۋاق؟
سىز دېگەن كۈز كەلدى ـ بىر ئوبدان ۋاقىت،
دەپتىكەن بوۋىلار «ۋاقىتنى قېرىدىت».
سوقايلى تۆمۈرنى قىزىدىقىدا بىز
شۇ پارلاق ئىقبالغا ياسايلى كىلىت.
ھەتتا، دىلرابا ماڭا قاراڭ سىز،
تېرىكلا كۆيدۈرۈپ جاننى ئالامسىز؟
ئاتىلار كۆزلىرى يۇمۇلسۇن ـ دېسەك،
قىلايلى تويىنى بىز، قانداق قارايسىز؟...»
ھەتتا رىشاتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ،
قەلبىدە ئۇلغايدى بىر ئوت يالقۇنلاپ.
ئۇشبۇ دەم سۆز ئالدى چېچىنى ئويناپ،
خۇمارلىق كۆز بىلەن تەلمۈرۈپ قاراپ:
«خۇما تاغ باغرىدا كۆپ ئاپتاپپەرەس،
كۆڭلۈمدە سىزلا بار، گېپىم جا ئەمەس.
باتۇرغا جۈپ بولۇش ـ ئىپتىخارىمىز،
قىز ئۈچۈن يىگىتكە گەپ قىلماق بەك تەس.
مۇھەببەت، ئىستىكىم ئەڭ ئوچۇق سىزگە،
ھىممىتىم، ھۆرمىتىم قوزغار زوق سىزگە.
چوڭلارمۇ قوشۇلدى تويىنى قىلىشقا،
ۋۇجۇدۇم، بارلىقىم تەسەددۇق سىزگە...»
جۈپ يۈرەك سىمابتەك قوشۇلدى شۇ تاپ،
تارتىنىش تۇيغۇسى بىردىنلا يوقاپ.
شاماللار خەۋەرنى ئەپكەتتى يىراق،
ئىككى قەلب كۆكىدە پارلىدى ئاپتاب.
باغلىدى ئۇلارنى چىن ـ ئورتاق غايە،
يېتەكلىدى بۇلاققا ئەشۇ جۈپ سايە.
تورغايلار شاتلىقتىن ئۇچتى پۈررىدە،
سوقاتتى قوش يۈرەك بولۇپ بىر دانە.

## خاتىمە

ئالتۇننىڭ قىممىتى پەدازدا ئەمەس،
ساختا شان-شۆھرەتكە كىم قىلغاي ھەۋەس!
تۆھپىكار ئىنسانلار تىللاردا داستان،
ئەل بىلەن باغلانغان نامى چەمبەر - چەس.
رىشاتقا زاماندىن بولغىنىم بەختىم،
ئۇ قۇچقان شان-شەرەپ ئۇيغۇرغا تەقدىم.
يارالسۇن تېخىمۇ ئۇلۇغ مۆجىزە،
چاقنىسۇن مەڭگۈگە تاجۇ ھەم تەختىم.
مىۋىگە ھامىدۇر گۈلنىڭ غۇنچىسى،
مەرتلەرگە تالىقتۇر نەزمە ئۇنچىسى.
كۆرۈشنى خالىسا كەلسۇن ئىختىيار،
پايانداز يولىدا خوتەن زىلچىسى.

1984 ـ 1985 - يىللار، قەشقەر.

---

ئىزاھات:

① 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئاتۇش ئىكساقتىكى مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر سودىگەر، مەرىپەت - پەرۋەر زات باۋۇدۇن مۇسا بايۇپ دىنىي مەكتەپلەرنى ئىسلاھ قىلىپ دىن بىلەن پەن بىرلىكتە ئوقۇتۇلىدىغان «ھوسەينىيە» ناملىق مەكتەپ ئېچىپ، ھەر خىل تەنتەربىيە تۈرلىرىنى يولغا قويغانىدى، 1927 - يىلىغا كەلگەندە، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىدىن تۇرسۇن ئەپەندى، ئەنۋەر ئەپەندى، ئابدۇغوپۇر مۇھەممەت ھەسەن، تۇرسۇن قارىم، پەخرىدىن توختى قاتارلىقلار قەشقەردىكى ئېنگلىز كونسۇلخانىسى، قەشقەردىكى شىۋېتسىيە داۋالاش ئورۇنلىرىدىكىلەر بىلەن كوپ قېتىم پۇتبول مۇسابىقىسى ئوتكۈزۈپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، شىنجاڭ تارىخىدا تەنتەربىيە جەھەتتە شانلىق سەھىپە ئاچقانىدى، بۇ يەردە شۇ تارىخ كوزدە تۇتۇلىدۇ.

② سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان -- مىلادى 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن13 - ئەسىرگە قەدەر ھوكۇم سۈرگەن قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى، ئۇنىڭ مازىرى ئاتۇشتا بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە قوغدىلىدىغان نۇقتىلىق ئاسارە-ئەتىقە، مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

③ ئىبراھىم ھاشىم مۇستاپا - مىسىرنىڭ ئەيىنى يىللاردىكى چەتئەل ھوكۇمرانلىقى ۋە تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى كۈرەش قىلغان مىللىي قەھرىمانى.

④ سالاھىدىن - مىلادى 11 - ئەسىردە ئەرەب دولەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن، ئەھلى سەلىپ قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرا شەرققە قىلغان تاجاۋۇزىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئەرەب خەلقىنى ئازادلىققا چىقارغان مىللىي قەھرىمان.

⑤ ئاللا ھافىز - ئەرەبچە سوز بولۇپ، بىزچە «خۇداغا ئامانەت»، «خۇداغا تاپشۇردۇم» دېگەن مەنىلەردە.

⑥ توققۇز ساراي -- ھازىرقى 'مارالبېشى ( بارچۇق ) تەۋەسىدە. 1983 - يىلى مارالبېشىنىڭ چوڭ تىم خارابىلىقىدىن قەدىمكى چېلىشچىلارنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن بىر قىزىل ساپال ھەيكەل تېپىلغان. بۇ ھەيكەلدە مىلادى 7 ـ، 10 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر چېلىشچىلىرىنىڭ ماھارىتى نامايەن قىلىنغان. بۇ ھەيكەل ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا.

⑦ ھېيت نوچى -- 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئاتۇش ناھىيىسىدە ياشىغان چېلىش پالۋانى.

⑧ ئابلىز توقسۇن - داڭلىق چېلىشچىلارنىڭ بىرى. ئۇ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە غۇلجىدا ئېلىپ بېرىلغان نۇرغۇن چېلىش سورۇنلىرىدا ئوزىدىن كۈچلۈك پالۋانلارنى يېڭىپ، شوھرەت تاپقان.

⑨ ئومەر قاسساپ -- 1953 - يىلى يېڭى يىلدا، قەشقەر ھېيتگاھدا سابىق 13 - دىۋىزىيە (مىللىي قىسىم) بىلەن يەرلىك خەلق بىرلىشىپ ئوتكۈزگەن چوڭ كولەملىك چېلىشىش مۇسابىقىسىدا نام چىقارغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كەچقۇرۇن

**تۇراپ ھەسەن.**

سېغىنىپ سېنى بۆلەكچە كەچقۇرۇن،
نامە يازدىم چىن يۈرەكتىن كەچ-قۇرۇن،
باققا ماڭسام شوخ. تىلەكتىن كەچقۇرۇن،
گۈل تېرىپ غۇنچە — پورەكتىن كەچقۇرۇن،
خۇش چىراي چىقتىڭ رۇجەكتىن كەچقۇرۇن.

يار دېدىم، كەلدىڭ ۋاپادار يار بولۇپ،
تەمبۇرۇمغا پەدە، قۇلاق، تارا بولۇپ،
بولمىسا ئاشىق جاھاندا خار بولۇپ،
سەن ئۈچۈن دەرۋىشكە ئوخشاش زار بولۇپ،
ئاھىم ئاشمامتى پەلەكتىن كەچقۇرۇن.

قارىسام، يەر-كۆكتە ئاي، كۈن، گۈل-گىيا،
ئەپ ئۆتەركەن ئارنى ئەيلەپ تۇتىيا،
بەزىلەر قىلمايدۇ ئەمما ھېچ ھايا،
گۈل تېرىش ئورنىغا تەركەچ شۇمبۇيا،
بىر يولى چىقتى كېرەكتىن كەچقۇرۇن.

ئەلمىساقتىن قىز-يىگىت توپ ئۆتمىكى،
ئىزگۈ ئادەت سۆيۈشۈپ جۈپ ئۆتمىكى،
ۋە لېكىن تاللاپ، سىناپ خوپ ئۆتمىكى،
تەس جىمىنىڭ ئەر-خوتۇن بوپ ئۆتمىكى،
ئاشمىسۇن سىناقمۇ چەكتىن كەچقۇرۇن..

«بۇ ئۈچۈن ئەۋزەل بىلىپ خىزمەتنى مەن،
ئار، ساداقەت، ئېھتىرام، ئىززەتنى مەن،
بىللە كۆرمەككە ۋاپا — لەززەتنى مەن،
قەلبى ئۆز دەپ تاللىدىم بىر سەتنى مەن،»
دەيدۇ ئەي، ئاڭلاڭ زېرەكتىن كەچقۇرۇن.

بەزىلەر سىرتقى چىراينى ئۈز كۆرۈپ،
ھەممە ئادەمنى ئۆزىدەك تۈز كۆرۈپ،
قىلسا توي، تۆت كۈنگە بارماي مۇز كۆرۈپ،
ئايرىلىشتى گۈل ئەمەس، يالپۇز كۆرۈپ،
ياش تۆكۈپ سۈدەك، چىلەكتىن كەچقۇرۇن.

تاللىماس بىلسەڭ مۇھەببەت مال، چىراي،
شاھ قىزىنى ئالىدۇ ھەتتا گاداي،
بولسىمۇ «بىرسى تولۇنئاي، بىرسى لاي،»
بەختىنى تاپتى كېچىپ جاندىن تالاي،
گۈل ئېچىپ ئوتلۇق چېچەكتىن كەچقۇرۇن.

سەنمۇ شۇ سادىق ۋاپادارنىڭ ئۆزى،
چېھرى ئاي، كاتتا ئەمەلدار-باي قىزى،
كۆيسىمۇ ۋەسلىڭنى ئىزلەپ يەر يۈزى،
بىر مېنى سۆيدۈڭ، كۆپەيدى ئەل سۆزى،
قورقمىدىڭ ھېچ سۆز-چۆچەكتىن كەچقۇرۇن.

جان ئاناڭ رەنجىپ: «يولۇڭدىن يان» دېدى،
«ياق!» دېدىڭ، «ئادەممۇسەن ھايۋان؟» دېدى،
«بۇ گادايدەك يوقمۇ ھېچ ئوغلان» دېدى،
«يۈزىمىز بار، بۇنى بىل ئوبدان» دېدى،
كەچمىدىڭ مەندەك يۆلەكتىن كەچقۇرۇن.

شۇ ھامان قوغلاپ ئاتا-ئاناڭ، دېدى: «كەت،
رازى بىز باققانغا، مۇرادىڭغا يەت...»
نائىلاج ئۆيدىن چىقىپ بوغسىمۇ دەرت،
ئىختىيارغا يار-يۆلەك بولدۇڭ قەۋەت،
رازىمەن سەندەك تېرەكتىن كەچقۇرۇن.

مايىسغا سۇلىياۋ يېپىپ ھەر تاختىدا،
سۇ، ئوغۇتنى مول بېرىپ ئۆز ۋاقتىدا،
مىسلىسىز رېكورت بۇزۇپ بىز پاختىدا،
مودا مىلك جىگدىن كېۋەز ساتتۇق ئۇدا،
زەر ئېلىپ ھەر بىر غوزەكتىن كەچقۇرۇن.

بۇ ئوتتۇقتىن يۇرت ـ جاماەت بوپ خۇشال،
قېيىنى ئانام ـ قېيىنى ئاتامنى قىپ ئۇسال،
ئالدىغا سەپكەپتۇ قىلماستىن ھايال،
كۆيۈنۈپ بىزگە جىمىكى ئەر ـ ئايال،
گاڭگىراپ قالدۇق، ئەمەكتىن كەچقۇرۇن.

جان داداڭ دېدى: «كېچىرگىن بالىلىرىم»،
باغرىغا ئوقتەك ئېتىلدۇق، جانلىرىم—
يايرىدى، زەپ قاينىدى ساپقانلىرىم،
«مىلك پاشاڭ، رەھمەتدادا...» دەپقانىمدىم،
نە ئامال« رەھمەت!» دېمەكتىن كەچقۇرۇن.

ئاخىرى بەردى ئاتا ـ ئاناڭ توي قىلىپ،
يېڭىچە ئالدۇق چىرايلىق ئۆي قىلىپ،
ماي، گۈرۈچ تەييار ھەم قوي قىلىپ،
يۇرتقا چاي بەردۇق قىزىق، خۇشپۇي قىلىپ،
مول ئۈزۈپ تەكتىن ئۈزۈمنى كەچقۇرۇن.

ئىشلىدۇق شۇندىن بۇيان بىز زەپ ئىناق،
چېكىمىزدىن ئاققۇزۇپ ئالتۇن بۇلاق،
دالىدا گۈللەر ئېچىلغاندا ئوماق،
سەن تۇغۇپ بەردىڭ ئوغۇل، قىز ـ جۇپ بوۋاق،
خوشلۇغۇم سەن ھەم گۈدەكتىن كەچقۇرۇن.

بولسىمۇ ئالەمدە يۈز مىڭلاپ پەرى،
ئاقكۆڭۈل چىقماس سىنىڭدەك ھېچ بىرى،
ئىش دىسە، جان كۆيدۈرۈپ كۈن ـ تۈنلىرى،
مېنى كۈتتۈڭ ئايىماستىن، بىر يېرى—
ماغدۇرۇڭ كەتتى سۆيەكتىن كەچقۇرۇن.

ئەمدى بىلدىمكى: مۇھەببەت— ئوت ئىكەن،
ئۇنى ئۆستۈرگەن قەدىردان يۇرت ئىكەن،
شۇڭا ئەل ـ يۇرتنى كۆكەرتىپ گۈل بىلەن،
سوۋغا يوللايلى ۋەتەنگە مول، بەلەن،
دىلبىرىم ئوتلۇق يۈرەكتىن كەچقۇرۇن!

# ئىككى شېئىر

## ئەيسا سايىم

(1)

تارتتى زوق ـ مەيلىمنى ئىشچان خىسلىتىڭ، دېھقان قىزى،
قىلدى قايىل يەر ـ جاھاننى غەيرىتىڭ، دېھقان قىزى.

بىپايان ئالتۇن دېڭىزدا شۇڭغىدىڭ يەلكەن بولۇپ،
كەڭ ئېتىزغا بەردى زىننەت مېھنىتىڭ، دېھقان قىزى.

خۇشناۋا بۇلبۇلغا ھەمرا بولغىنىڭدەك گۈل ـ چېچەك،
بولدى مەرۋايىت باشاقلار ئۈلپىتىڭ، دېھقان قىزى.

سول ئېلىپ ئالدىنقى رەتتىن شان قازاندىڭ بەيگىدە،
كۈنسېرى ئاشتى شىجائەت ـ قۇدرىتىڭ، دېھقان قىزى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆرلە يۈكسەك پەللىلەرگە ، هارمىغىن پەرۋاز قىلىپ،
دەۋرىمىزدە كەلدى ئىشلەش پۇرسىتىڭ ، دېهقان قىزى.

( 2 )

يەل ـ يېمىشلەر ئىچرە داڭلىق بىباها قىممەت ئۈزۈم،
كۆرمىكى كۆركەم ، يېمەككە تەمى بال ـ شەربەت ئۈزۈم.

قەلبى ئوتلۇق ئۇستا باغۋەن قىلدى پەرۋىش تەر تۆكۈپ،
شۇ ئەجىردىن كائىناتقا بولدى ئۇز زىننەت ، ئۈزۈم.

نوتا سۈردى بۆك ـ باراقسان شاخلىرى شۇنچە ئۈزۈن،
ئۆزگىچە تۈس بەردى باققا تۈپلىرى رەت ـ رەت ، ئۈزۈم.

خىلمۇ خىل ياقۇت مىسالى پارقىراپ هەر دانىسى،
جەلپ ئېتىپ سانسىز كىشىنى تۇتتى يار ـ ئۈلپەت ، ئۈزۈم.

« مېۋىلەرنىڭ شاهى » دۇر دەپ يۇرت ئىچىدە ماختىلىپ،
جاي ئېلىپ تۆردىن داۋامەت قۇچتى زور ئىززەت ، ئۈزۈم.

# ئىككى شېئىر

## ناسىرجان مۇهەممەت

### ئوت

گۈرۈلدەپ كۆيىدۇ ئوچاقتا يۇلغۇن،
ئوتقا شتەك چاقنايدۇ مەشلەردە كۆمۈر.
تولغىنار تونۇردا ئەجدار كەبى ئوت،
ئوت بىلەن ئۆتىدۇ مەنىلىك ئۆمۈر.

ئوت بولغاچ زىمىستان ئۆتەر بىلىنمەي،
ئوت بولغاچ خىلمۇ خىل تاماقلار تەييار.
ئوت بولغاچ ئايرىلار تۆمۈر ۋە داشقال،
ئوت بولغاچ مىس، پولات، ئالتۇن... تاۋلىنار.

يۈرىكىم ـ قەلبىمدە كۆيىدۇ بىر ئوت،
تەپتىدىن ئۆرتىنەر جىسمىم ۋە جېنىم.
خەلقىمنىڭ سۆيگۈسى ، ۋەتەن ئىشقىدىن،
تومۇردا ئۆركەشلەپ ئاقىدۇ قېنىم.

مەشتە ئوت، چۆلدە ئوت، يۈرەكتىمۇ ئوت،
ئوت بىلەن بۇ زېمىن بولىدۇ ئاۋات.
يەردە ئوت، كۆكتە ئوت، دېڭىزدىمۇ ئوت،
ئوت بىلەن گاهى، تۆمۈر قاقىدۇ قانات.

### بىر قىزغا

ناخشا ئېيتسام هەر سەهەر،
ئاڭا تەڭكەش بولىسەن.
قاراپ قويسام يىراقتىن،
خىجىللىقتا تولىسەن.

توختىۋالما ناخشاڭدىن،
دائىم بىرگە ئوقۇيلى.
ياشلىق هايات پەيزىدىن،
قوشاق ـ داستان توقۇيلى.

# ئانىدەك مېھرىبان يوقتۇر

(ناخشا تېكىستى)

**تۇرغۇن مۆمىن**

جاھاننى ئايلىنىپ كەزسەڭ،
ئانىدەك مېھرىبان يوقتۇر.
ئۇنىڭدەك غەمگۇزار، ياخشى—
سۆيۈملۈك جانىجان يوقتۇر.

ئانا بىرلە خۇشال كۆڭلۈم،
كۆزۈمدە قەترە نەم يوقتۇر.
ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلسام،
دىلىمدا قىلچە غەم يوقتۇر.

بېشىم ئاسمانغا يەتكەيلەر،
ئانامنى ئەيلىسەم رازى.
ئانىغا كىم ۋاپا قىلسا،
جاپانى كۆرمىگەي زادى.

نەقرات: ئانىدەك مېھرىبان يوقتۇر،
سۆيۈملۈك جانىجان يوقتۇر.

# يىغمىزمۇ ناخشىدۇر بىزنىڭ

**تۇرسۇن ئابدۇقادىر**

بىز يىغلايمىز ماتەم كۈنلەردە،
«ئانام، دادام...!» دەپ قوشاقلار توقۇپ،
يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان قوشاقنى.
ھەم يۇرۇيمىز ناخشا قىلىپ ئوقۇپ.

«ئانام، ئانام» دېگەن قوشاقلار،
بالا تۆككەن قان ـ ياش ئەمەسمۇ!؟

«قەمبەرنىسا» دېگەن ناخشىلار،
ئانا...! چەككەن ھەسرەت ئەمەسمۇ!؟

يىغىمىزمۇ ناخشىدۇر بىزنىڭ،
كۈيچى بولغاچ ئەجداد نەسلىمىز.
گەپ ـ سۆزنىمۇ ئېيتار قوشاقتەك
تۆرەلگۈسى ئەۋلات نەسلىمىز.

# دىلمۇراتنىڭ ئارزۇسى

**ئېزىز سايىت**

جىمجىت كېچە ئاسماندا،
ئۈزەر تولۇنئاي.
تۆكەر كۈمۈش نۇرىنى،
بەكمۇ خۇشچىراي.

چۆمدى ئاينىڭ نۇرىغا،
چەكسىز دالا ـ تۈز.
ئولتۇراتتىم ئايدىڭدا،
تىكىپ ئاڭا كۆز.

ھا ياجانغا چۆمۈلدۈم،
سۈرگەنچە خىيال.
كەلدى ئوغلۇم دىلمۇرات،
يېنىمغا خوشال.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئولتۇرۇپسەن جان دادا،
بۇ پىنهان جايدا.
ئاخشام كۆردۈم چۈشۈمدە،
ئۆزەمنى ئايدا.

كۆرگىنىمنى ئايدىكى،
قىلاي مەن بايان.
ئەجەپلىنىپ ئوغلۇڭغا،
قالمىغىن ھەيران.

سۆزلەپ كەتتى دىلمۇرات،
چۈشىنى تېزدىن.
ئارقىدىنلا ئارزۇسىن،
ئېيتتى بىر - بىردىن.

ئىلىم - پەننى ئىگەللەپ،
كۆچكە تولسا مەن.
چىقىپ ئالەم كېمىسىگە،
ئايدا بولسا مەن.

كائىناتنىڭ تولۇنئاي،
بولغاچ بېكىتى.
ئېچىلىدۇ پەن بىلەن،
سىرى — ھېكمىتى.

ئەشۇ سىرنى ئېچىشقا،
باغلاپ ئىرادە.
تۆكسەم ئالتۇن تەرىمنى،
كەتمەس بىھۇدە.

ھاياتلىقنىڭ ئىزىنى،
ئايدا كۆرسەممەن،
كائىناتنىڭ پەيزىنى،
كۆكتە سۈرسەممەن.

قارشى ئالسا شاتلىنىپ،
مېنى يۇلتۇزلار.
مېھمان قىلسا ھۆر - پەرى،
چېچى قۇندۇزلار.

تاپسام ئىدىم ئايدىمۇ،
نۇرغۇن جىسىمنى.
قويسام ئاڭا بىر - بىرلەپ،
مەخسۇس ئىسمىنى.

قانات قېقىپ ئاسماندا،
قىلسا مەن پەرۋاز.
ئايدىن ساڭا ئاڭلاتسام،
يېقىملىق ئاۋاز.

سەيلى قىلسام ئالەمنى،
يۇلتۇزلار ئارا.
ئېلىپ بارسام تەتقىقات،
سامان يولىدا.

ئاچار ماڭا كەڭ قۇچاق،
ئالەم بوشلۇقى.
تاشار ئۇرغۇپ دىلىمنىڭ،
چەكسىز خۇشلۇقى.

خوجا بولسام ئەجرىمدىن،
ئاسماندا — ئايغا.
زەپەر بىلەن چاقىرسام،
سىزنىمۇ چايغا .

سەپىرىمنى بىر - بىرلەپ،
قىلسا مەن بايان.
ۋۇجۇدىڭىزنى قاپلايدۇ،
شاتلىق ھاياجان.

سۆزلەپ كەتتى دىلمۇرات،
كۆرسىتىپ ئاساس.
ئويلاپ باقسام سۆزلىرى،
ئەمەستۇر قىياس.

ئىنسانىيەت بەختىچۈن،
تۆكۈپ ئالتۇن تەر.
يەتكۈزۈشكەن ئارزۇسى،
ماڭا خۇشخەۋەر.

ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئارزۇسىن،
بولدۇم بەك خوشال.
كۆز ئالدىمدا كۆرۈندى،
گۈزەل ئىستىقبال.

كائىناتنىڭ سىرىنى،
ئاچقىن دېدىمەن.
مەرىپەتنىڭ نۇرىنى،
چاچقىن دېدىمەن.

ھالال ـ تەرنىڭ ئەجرىدىن،
مۆجىزە يارات.
ياشلىقىڭدا قىلغىنىسەن،
ئىختىرا ـ ئىجاد.

پـۈكۈپ دىلغا دۇنيانى،
قىلغىن سەن جەۋلان .
يارىتىدۇ زامانەم،
ساڭا زور ئىمكان.

# ياشلىقىڭ

## رەيھانگۈل مۆمىن

كەتسە گەر ياشلىق باھارىڭ گۈل چىراي ئاچماي تۇرۇپ،
توزىغان بىرلە باراۋەر خۇشپـۇراق چاچماي تۇرۇپ.

ئۇ ھاياتنىڭ قىممىتى بولماس پەقەت تىرىكچىلىق،
ئۆلىسەن خەلقنىڭ ئىچىدە گۆردە ھەم ياتماي تۇرۇپ.

ياشلىقىڭ ئالتۇن چېغىڭ چاقماق كەبى چېقىپ ئۆچەر،
تىكلە ئۇندا گاڭ ئىرادە چاقمىقىڭ چاقماي تۇرۇپ.

پاك ـ ھالال مېھنەتتە ھەر چاغ چۆلنى بوستان ئەيلىگىن،
ئۇخلىما خەلقىڭ ئۇچۇن سەن تاغ ـ داۋان ئاشماي تۇرۇپ.

دېمىگىن رەيھان ئۆزەڭنى مەن ۋەتەن ـ ئەلنىڭ قىزى،
ئەل ـ ۋەتەن بەختى يولىدا قان ـ تەرىڭ ئاقماي تۇرۇپ.

# كۈزەتتە تۇرسام...

## ئوبۇل ئېزىز

كۈزەتتە تۇرسام چوققىدا تەنھا،
يالغۇز ئىكەن دېمىگىن مېنى،
قار لەيلىسى بولۇپ سىردىشىم،
بەرگەن ماڭا سۆيگۈ ئىشقىنى،
يالغۇز ئىكەن دېمىگىن مېنى.

كۈزەتتە تۇرسام چوققىدا تەنھا،
ئۇيقىسى كەلگەندۇ دېمىگىن مېنى،
ۋەتىنىم ـ خەلقىمنىڭ شاتلىقى ئۈچۈن،
تېگىشكەنمەن شىرىن ئۇيقىنى،
ئۇيقىسى كەلگەندۇر دېمىگىن مېنى.

كۈزەتتە تۇرسام چوققىدا تەنها،
تولغىنادۇر دېمەكچى مېنى،
مەن تولغايمەن نېچۈن قەلبىمدە،
تۇرسا يېنىپ سۆيگۈ يالقۇنى،
تولغىنادۇر دېمەكچى مېنى.

كۈزەتتە تۇرسام چوققىدا دائىم،
جاپا چەكتى دېمەكچى مېنى،
چۈنكى جاپا قاخشىتالمايدۇ،
جىسمى پۇلات قەيسەر جەڭچىنى،
جاپا چەكتى دېمەكچى مېنى.

# ھۆپۈپ بىلەن قالغاچ

( مەسەل )

## ئۇسمانجان مەھەممەت

ئادەت قىلىپ ئۆزىگە قالغاچ،
ئېلىپ كەپتۇ سېغىزلىقتىن لاي.
چىڭگىلىكنىڭ يېپىنى قوشۇپ،
ئۆي سېلىشقا باشلاپتۇ ھارماي.

بۇنى كۆرگەن ھۆپۈپ گىدىيىپ،
قىپتۇ مۇنداق قالغاچقا تاپا:
«لاي بىلەن سۇ توشۇپ ھەر كۈنى،
نېمە ئانچە تارتىسەن جاپا؟»

دەپتۇ قالغاچ جاۋابەن ئاڭا:
«جاي راسلايمەن ھالال مېھنەتتىن.
ئىشلەپ جاپا چەككىنىم ئەلا،
تەر ئاققۇزماي كۆرگەن راھەتتىن.»

مەنسىتمەستىن بۇ سۆزنى ھۆپۈپ،
سۆز باشلاپتۇ ئۆزىچە كۆپۈپ:
«ھازىر ئەمەس جاپانىڭ ۋاقتى،
نەگە بارسا تامدا كامار كۆپ.

ماڭا ئوخشاش تەييار كاماردا،
ياشاپ كۆرسەڭ بولمامدۇ راھەت.
چاڭگا تىزىپ ئۇۋا ياسايمەن،
دەپ ئۆزەڭگە سالغىچە كۈلپەت؟»

دەپتۇ قالغاچ: «مۇشۇ زېمىندا،
ئۇچۇش ئۈچۈن چىققارغاچ قانات.
بولۇپ ياشاش تەييارغا ھەييار،
ماڭا نومۇس ئۆلۈمدىن ئۇيات.

سەن ئىلگىرىكى ھۆتمە تۇشۆكلۈك،
تاملار بار دەپ ئويلىما ھەرگىز.
ئاللىقاچان كىشىلەر ئۇنى،
چاپلىشۇەتكەن سىلىقلاپ شەكسىز...

بولساڭ داۋام مۇشۇنداق ھورۇن،
تاپالمايسەن ھايا تلىق يولى.
ھەتتا بولۇپ كېتىسەن تېخى،
ئېپلاسلىقنىڭ، شۇملۇقنىڭ قۇلى.

ئويلاپ كۆرگىن ھۆپۈپ سۆزۈمنى،
بەلكىم سېنىڭ كۆڭلۈڭگە ياقار.
قالسا ئەگەر بىزدىن بىر نەسىل،
باش قويۇشۇپ نەدىمۇ ياتار؟

شۇڭا ئەمگەك بىلەن ھەممىمىز،
نەسلىمىزگە ئۇۋا ياسايلى.
جاپانىڭ بار تېگىدە راھەت،
ھورۇنلۇقنى نېرى تاشلايلى... »

ھۆپۈپ ئاڭلاپ ئەمدى بۇ سۆزنىڭ،
ھەممىسىنى توغرا تېپىپتۇ.
ئۆز ئىشىنى داۋام ئەتكىلى،
قالغاچ يەنە يۈرۈپ كېتىپتۇ.

× × ×

ئىرادىنىڭ دۈشمىنى ھەر چاغ،
ئىجات-مېھنەتتە دائىم ھورۇنلۇق.
يوقاتقاندا شۇنداق ئىللەتنى،
قىلغان ئىشلار بولۇر ئورۇنلۇق.

# كۈتۈلمىگەن ۋەقە

( ھېكايە )

**مەمەت ئېلى**

پەردە كېچىلىك كىنودىن قايتىپمۇ ھاياجىنىنى باسالمىدى.

ئۇنىڭ خوشاللىقى ئىككى: بىرى، ياخشى كۆرگەن يىگىتى بىلەن يېقىندا كۆڭۈللۈك توي قىلىۋالدى. يەنە بىرى، بۇ شەھەردە يېڭىدىن قويۇلۇۋاتقان ھىندىستان فىلىمى ـ «سەرگەردان» نى بۈگۈن كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. شوخ، ئەركىن ئۆگەنگەن قىزغا بۇ يېڭىلىقلار قانداقمۇ تەسىر كۆرسەتمىسۇن !؟

ئۇ كىيىكتەك ئۆيگە كىردى ـ دە، كىنودا كۆرگەنلىرىنى ئۆزى بىر دوراپ باقماقچى بولۇپ تىكلىمە ئەينەك ئالدىغا كېلىپ، ئۆزىنى «لىدا»غا ئوخشاش تۈزەشكە باشلىدى. يېڭىلا بۈدرە قىلىنغان چاچلىرىنى مايلاپ پاقىراتتى، تاراپ تۈزەپ تېخىمۇ كۆپتۈردى. ئاللىقانداق گىرىم بوياقلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن تېگىشلىك ئورۇنلارغا قوندۇردى. ئاندىن ئۇ ئەينەكتىن بېشىدىن ئايىغىغىچە قاراپ چىقتى ـ دە، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى:

ياتلىراپ تۇرغان بۈدرە چاچلار، مىسران قىلىچتەك قاش ئاستىدىكى نەپىس قايرىما كىرپىكلەر، يوغان قاپقارا جادۇ كۆزلەر، سۈتتەك ئاق يۈزلەر، سەدەپتەك چىشلار، جىنەستىدەك لەۋلەر... ھايھات! ئۇ ئۆزىدىن ھەيران بولۇپ، كېپىنەكتەك پىقىراپ قاھ ـ قاھلاپ كۈلدى:

ـ لىدا بوپتىمەن ھا ـ ھا ـ ھا...!

راستىنلا ئۇنىڭ قولاقلىرىدىكى ھالرەڭ ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ھالقا، ئاپئاق بويىنىدىكى قاتار ـ قاتار مەرۋايىت مارجان، بىلىكىدىكى چىسلالىق ئالتۇن سائەت، بارماقلىرىدىكى قوش ـ قوش ئالتۇن ئۈزۈكلەر ۋە ئۇستىدىكى قىممەت باھالىق مېغىز رەڭ سارجا كەستۇن، كاناي پۇچقاق شىم، پۇتىدىكى ئېگىز پاشنىلىق كەرشىنۋاي تۇپلى قوشۇلۇپ ئۇنىڭ زىبا قامىتىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ، چۆچەكلەردىكى ساھىپجامال پەرىگە ئوخشىتىپ قويغانىدى.

پەردە ئۆز ئەكسى بىلەن ئاشكارا سۆزلىشىپ كەتتى: نېمە دېگەن گۈزەلسەن ـ ھە؟! بۇ تۇردىقى پەردەگە ھېچ ئوخشىمايسەنغۇ ـ جېنىم؟ سەن بۈگۈن راستىنلا پەردەمۇسەن، پەرىمۇسەن؟ ياق، ياق! سەن پەردەسەن! پەرىسەن! شەھەردىكى كۆرمىڭ يىگىتلەرنى سەكپارە قىلغان، نى ـ نى گۈزەل قىزلارنىڭ يۈرىكىگە ھەسەت ئوتلىرىنى ياققان پەردەسەن. بۇ سۈباتلىق چىرايىڭ بىلەن «گۈزەللەر گۈزىلى» دەپ ئاتىلىشىڭغا ھەققىڭ بار. ئەجىبا، بۇ خىل ياسىنىشلارنى «چەت ئەللىك» لەرلا قىلىدۇ-

دەپ ئىلاھىم موھىر بېسىپ كەتكەنمىتى؟ بۇخىل كىيىملەرنى پەقەت شىياڭگاڭ، شائىخەي گۈزەللىرىلا كىيىدۇ، دەپ قانۇن بەلگىلىگەنمىتى؟ ئاللا پەردە جېنىم، مەدەنىي كىيىنىشلەرساڭمۇ يارىشىدۇ، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىشساڭمۇ راۋا...

ئۇ ئەندى ئۆي ئىچىدە ئەركىن پىققىراپ «لىدا» نىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئەينەن تەكرارلاشقا باشلىدى. بىردە توختاپ، بىردە پۈتۈن جىسمىنى ئىشقا سېلىپ ئۇسسۇل ئوينىدى، ناخشا ئېيتتى. ئازراق قاملاشمىسا قانائەتھاسىل قىلغانغا قەدەر ئوينىدى، سەكرىدى، قاپاق تۈردى، كۈلدى. ھەر قېتىم ئوخشىتىپ ئوينىغان چاغلاردا ئۆز-ئۆزىدىن زوقلاندى. شۇ تاپتا ئۆيدە بىر يوشۇرۇن ئادەم بولغاندا ئىدى، كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇتالماي ئاشكارىلىنىپ قالغان ياكى بۇقىز «ئېلىشىپ قالغان مەجنۇن» ئوخشايدۇ، دەپ قالغان بولاتتى. ئۇ، تۈن نىسپىگىچە بۇخىل ھەرىكەتنى تەكرارلاۋېرىپ، چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلگىچە داۋاملاشتۇرۇپ ماجالى قالمىغاندىلا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپلا ئۇخلاپ قالدى.

پەردە ئەتىگەنلىكى چۆچۈپ ئويغاندى. سائەتكە قارىدى، پېشىنگە بىرنى سالدى.

ۋاي شورۇمەي، -دېدى ئۇ، -سائەت سەككىزدىن ئېشىپ كەتكىچىمۇ ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. كېچىكتىم، خىزمەتكە كېچىكتىم.

ئۇ ئۆزىگە كايىپ، پۇتىنى سىيپاپ پەستىن ئايىغىنى ئىزلىدى. ئاياغ پۇتىغا ئۇرۇنمىغاندىن كېيىن پەسكە قاراپ باقتى، ئاياغ يەنىلا كۆزىگە چېلىقمىدى. ئۇ، ئوپۇل-توپۇل يالاڭئاياغلا يەرگە چۈشۈپ ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، كارىۋاتتىن يېرىم چۈشۈرۈلگەن كارىۋات ئايىغىنى ئۈستىگە قايرىشى بىلەنلا ئەنسىز ۋاقىرىۋەتتى:

-ئاپا! -ۋاي-جان!...



ئۇقۇرقىنىدىن كەينىگە داجىپ ئىشىككە يۆلىنىپ قېتىپلا قالدى.

سىرتتىكى قولۇم-قوشنىلار ئەنسىز چىقىرىلغان بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، بىر-بىرلەپ كىرىشىپ كېلىشتى. ئاۋۋال يۈگرەپ كىرگەن مەريەم ھەدە ئىشىككە يۆلىنىپ ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان قىزنى تارتقۇچلاپ جان كىرگۈزدى.

-پەردەقىز، نېمە بولدىڭىز؟ رەڭگىڭىز نېمە ئانچە تاترىپ كەتتى؟ گەپ قىلىڭا! گەپ قىلىڭ دەيمەن!

بىردەمدىلا ئۆيگە ئەر-ئايال ياش-قېرىلار لىق تولدى. پەردە بۇ سىلكىنىشلەشتىن ئۆزىگە كەلدى-دە، قولى بىلەن كارىۋات ئاستىنى ئىشارە قىلدى. ئۆيدىكىلەر كۆردىكى، كارىۋات ئاستىدا بىر ئادەم بىر قولىدا ئېڭىكىنى يۆلىگەن ھالدا، بىر قولىدا ئاغزىنى تۇتقان ھالدا كۈلۈپ ياتاتتى.

-ئوھوي!... دېدى — بۇلاردىن قىزىقچى

بىرسى، — پەردە قىلىمىز؟ بۇ ئادەمنى كارىۋات ئاستىغا كەپلەپ قويۇپ تېپىلىقتۇرۇپ قويغىنىڭىز نېمىسى؟ — ئۆيدىكىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى.

— يولدىشى قايتىپ كەلگىچە قورقىسى كېلىپ ھەمراھ بولسۇن، دېگەندۇر بەلكىم، — دېدى بىرسى.

— يولدىشىڭىز تېخى تۆنۈگۈنلا كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتسە، بۈگۈنلا ئەپ كىرىپ ھەمراھ قىپسىز! — ھى، ھى، ھى...

بۇ خىل مازاق، ئوخشىتىش، كەمسىتىشلەردىن تېخىچە ھېچنەرسىنى چۈشەنمىگەن پەردە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي داڭ قېتىپ تۇراتتى. پەيدىنپەي ئۇلارنىڭ بىھۇدە ھاقارەتلىرى ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتتى — دە، ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

شۇنداقتىمۇ بۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرى ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. يەنىلا توختالغۇسىز مەريەم ھەدە ئېغىز ئاچتى:

— بولدى قىلىڭلار! تەنتەك بەتقىلىقلار! «مۇشۇككە ئويۇن، ساچقانغا قېيىن» بولدىمۇ؟ «ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك بىچارە قىز ئۆزىگە كېلەلمەيۋاتسا، نېمانچە قىلىپ كېتىسىلەر؟! بىراۋنىڭ دەردى ئۇچۇنچۇ، پەقەت ئادەملەر ئىچىدىكى ئادىمى ھايۋانلار كۈلىدۇ.

بۇ گەپ ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. ئۆي ئىچى جىمىقىپ قالدى.

— چىقىڭ بۇ ياققا، — دېدى مەريەم ھەدە يوچۇن كىشىگە قولىنى شىلتاپ، — نېمە ئادەمسىز؟ شۇنچە خەق بېشىڭىزدا تۇرسا، غېمىڭىزدا يوق ياتقىنىڭىز نېمىسى؟...

بۇ سۆزلەر يوچۇن كىشىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىگەن چېغى، ئۇ يەنىلا جايىدا كۈلۈپ ياتاتتى. مەريەم ھەدىنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى:

— بۇ ياققا چىقىڭ دەيمەن! قانداق بەتقىلىق ئادەم بۇ، پاكقۇشمۇ ياسىز؟!

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىمۇ بوشقا كەتتى.

ئارىدا بىرسى ئۇنىڭ يۆلىنىپ ياتقان قولىغا پۇتى بىلەن نوقۇۋىدى، ئۇنىڭ بېشى دېيەنچۈكتىن ئاجرالغان قارانچۇق كاللىدەك يەرگە چۈشتى، لېكىن ئۇ شۇندىمۇ كۈلۈشىنى توختاتمىدى.

بۇ ئەھۋالدىن جىلى بولغان جۇدۇنلۇق ياشلار ئۇنى كارىۋات ئاستىدىن سۆرەپ ئېلىپ چىقتى. يوچۇن ئادەمنىڭ تېنى ھەر تەرەپكە سويئۇپ خۇددى لەگگۈگدەك لىغىلدايتتى.

— ۋاي — ۋۇي ئاغىنىلەر، بۇ كىشى ئۆلۈپ قاپتۇ.

— نېمە! ئالجىدىڭمۇ؟ ئۆلگەن ئادەممۇ كۈلەمدۇ؟

— ئىڭىكىنى چاتمىسا ئەلۋەتتە كۈلىدۇ — دە.

بىرەيلەن ئۇنىڭ نەپەسلىرىنى، كۆزلىرىنى ۋە يۈرەك ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ باقتى، يوچۇن ئادەم راستىنلا ئۆلۈك ئىدى.

يەنە غۇلغۇلا ئەۋجىگە چىقتى:

— «پەردەخېنىم» بۇ كۆتەكتەك ئەرنى ئاچقۇچتەك جېنىڭىز بىلەن قانداقمۇ ئۆلتۈرۈپ قويغانسىز؟

— ئانار پىشتى، پەردەقىز، گۈزەللەر ئادەمنى جان ئالماي ئۆلتۈرىدۇ، دەپ ئاڭلىغان، راستىنلا ئادەم ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئەمدى سىزدىن كۆرۈۋاتىمىز...

— «گۈزەللەر گۈزدىلى» گۈگۈمەنجۈگە «سوجاك» بولىدىغان بولدى — دە...

پەردە بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارنىڭ بىرسىنىڭمۇ تېگىگە يېتەلمىدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ئاچچىق كىنايىلىرى، ئەيىپلەشلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. خۇددى سېھىرلىنىپ قالغان كىشىدەك ھامان ھەرىكەتسىز ئىدى. پەقەت ئۇنىڭ ئاندا — ساندا ئېچىلىپ — يۇمۇلۇپ تۇرۇۋاتقان كۆزلىرىلا، تىرىك ئىكەنـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

ھايال ئۆتمەي بىر جىپ قورا ئىچىدە توختىدى ـ دە، بىر بۆلۈك ساقچى خادىملار ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۆي ئىچىدىكىلەر ئۇلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىشتى.

— قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ — سورىدى بىرەيلەن پەردەنىڭ باش ئايىغىغا كۆز يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ.

— يىگىرمە ئىككىگە.

— قەيەردە ئىشلەيسىز؟

— تۈرلۈك ماللار شىركىتىدە.

— دېمەك، پىركازچىكمەن دەڭ.

— شۇنداق.

ئۇلار ۋەقە جەريانىنى سوراشتۇرۇپ بىلدى. بەزى تەرەپلەرنى يېزىۋېلىشتى، رەسىمگە ئېلىشتى، قانۇن دوختۇرى جەسەت ئۈستىدە ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

ئۇلار دەسلەپكى تەكشۈرۈشنى ۋاقىتلىق ئاخىرلاشتۇرۇپ، جەسەتنى ئېلىپ سىرتقا چىقتى ۋە ئازراق مۇزاكىرە قىلغاندىن كېيىن، بىر قىسمى جەسەتنى ئېلىپ قايتتى، قالغانلىرى يەنە ئۆيگە كىرىپ جايلىرىدىن ئورۇن ئالدى ـ دە، ئۆي ئىچىگە زەڭ سېلىشقا باشلىدى.

چىرايلىق بېزەلگەن ئۆي، يېڭىچە جاھازلار، ئىشكاپ، دىۋان، ئورۇندۇقلار، چىۋەر قوللار بىلەن ئىشلەنگەن نەپىس بويۇملار، تامنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئوتقاشتەك گىلەم، بىر تەرەپتە چوڭ ـ كىچىك رامكىلىق ئەينەك ئىچىدە ھەر خىل پوسۇندا چۈشكەن رەسىملەر...

پەردە دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئۇلارنىڭ سۆزلىشىنى كۈتۈپ، سىرتتىكىلەرنىڭ كۆڭۈلسىز پاراڭلىرىغا قۇلاق سالدى:

— ھازىر كۆرۈسىلەر — دېدى بىرسى، — قولىغا كويزا سېلىپ ئېلىپ ماڭىدۇ.

— شۇنىمۇ دەيسىلەر ئاغىنىلەر، «چىرايلىقلار» ساقچىلارنىمۇ ئالداپ كېتەمدۇ تېخى...

پەردەنىڭ يۈرىكى تۇز سەپكەندەك ئېچىشىشقا باشلىدى.

«ئۇلارغا نېمە قىلغانىدىمەن، ـ دەيتتى ئۇ، ـ ماڭا نېمانچە ئۆچ بولۇپ كەتتىكىن؟ بولمىسا كىشىلەرگە مۇئامىلەمۇ قوپال ئەمەس، ياكى تويدا رەنجىسىپ قېلىشقانىمتىكىن؟...»

— پەردە ـ دېدى بىر ساقچى، ـ ئۇنىڭغا قاراپ، ـ ھازىر بىزگە لازىمى شۇكى، سىز قېنى، ئاخشام ئوينىغان ئۇسۇلىڭىزنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ چىقىڭ.

بۇ تەلەپ ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك تۇيۇلدى. «بۇ مېنى خورلىغانلىق بولماي نېمە، ـ دېدى ئۇ، ئۆز ـ ئۆزىگە، ـ ئادەمگە پېشكەللىك كەلسە، مانا مۇشۇنداق كېلىدىكەن ـ دە! كىشىلەرنىڭ ئاھانەتلىرىنى ئاز دەپ، بۇلارمۇ مازاق قىلىۋاتىدۇ تېخى! ...»

ئۇ ساقچىلارغا غەزەپ بىلەن تىكىلدى، لەۋلىرى تىترىدى...

— پەردە قىز، ـ دېدى ساقچىلارنىڭ بىرى سالماقلىق بىلەن، ـ كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، سىز ئاڭلىمىققۇ؟ ... توغرا چۈشىنىڭ، بىزگە سىزنىڭ ئاخشامقى ھەرىكىتىڭىز لازىم.

پەردە بىر پەس ئويلىنىپ قالدى. ئۇ چاچراپ قوپۇپ ئەينەك ئالدىغا كېلىپ چاچلىرىنى تۈزىدى ـ دە، ئاخشامقىغا ئوخشاش گىرىم ئىشلىرىنى تۈجۈپلەپ تۈگەتتى. ئۇ ئەمدى ئەتىگەندىن بېرى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، بۇ ئۆيدە ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم يوقتەك ئەينەك ئالدىدا خۇددى تالانتلىق ئارتىستلاردەك تۈرلۈك ھەرىكەتلەرنى قىلدى.

گاھ ناخشا ئېيتتى، گاھ ئۇسسۇل ئوينىدى. ئولتۇرغانلار ھەيران قېلىشتى. شۇ تاپتا ئۇلار نەزىرىدە بۇ قىز پۈكەي ئالدىدىكى خېرىدارلارنى سىپايىلىق بىلەن ئۈزىتىدىغان ئاددى پىركازچىك ئەمەس، ئەينى «لىدا»نىڭ ئۆزىلا ئىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى چىلىق-چىلىق تەر بىلەن ئاياغلاشتى.

— پەرىدە — دېدى بىر خادىم ئۇنى ئولتۇرۇشقا ئىشارە قىلىپ،— سىز سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇغانمۇ؟

— ياق.

— ئۇنداقتا بۇ كىنونى قانچە قېتىم كۆرۈشكەنسىز؟

— ئاخشام بىرلا قېتىم — دېدى ئۇ چېكىسىدىكى تەرنى ئېيتىپ تۇرۇپ.

خادىملارنىڭ ھېسسىياتىدىن ھەيرانلىق، تالانتىغا قايىل بولۇش چىقىپ تۇراتتى.

— ئۆزىڭىزگە دىققەت قىلىڭ — دېدى ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇۋېتىپ،— بىھۇدە ئويلاردا بولماڭ. بىز بۇ ئەنزىدە كېيىن بىر خۇلاسىگە كېلىمىز.

كۈنلەر شۇنچە ئاستا ئۆتمەكتە، تاسادىپى يۈز بەرگەن ۋەقە پارنىكتا ئۆسكەن گۈلدەك بۇ نازۇك قىزنى خېلىلا جۇدەتتى. شۇ كۈنكى ۋەقە ئولتۇرسا — قوپسا يىدەك ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئېسىدىن زادىلا چىقىپ كەتمىدى. ئاۋۋالقى شوخلۇقىمۇ ماگدامدا بىر ئاگلىنىپ تۇرىدىغان جاراڭلىق كۈلكىسىمۇ قالمىدى.

ئۇ بۇگۈن تاڭ سەھەرلا ئويغىنىپ كەتتى. خىيالىدا ئالىمقانداق ئويلار. ئۇ، پەن-تەتقىقات ئىدارىسىغا بېرىپ يولدىشىنى چاقىرتىپ ئەكەلدۇرۇشنى بىر ئويلىدى، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بۇ پىكرىدىن يالتايدى. ئۇ تۇرۇپ: يولدۇشۇم قېشىمدا بولغان بولسا بۇ ئىشلارمۇ بولماستى دېسە، بىر تۇرۇپ بۇ ئىشنى ئۇئۇقسا نېمە دەپ قالاركىن؟ — دەيتتى ۋە «پالڭ» ئىدە يىغلىۋېتىدىغاندەك ئىچ — ئىچىدىن يىغا ياماشاتتى. پارتىيىنىڭ سىياسىتىغۇ ئادىل، بىراق مەن بىلەن ئۆچلىشىۋاتقانلارنىڭ ئېيىتقىنىدەك، كىم بىلىدۇ «تەلىيىم تەتۈر» كېلىپ تۈرمىدا يېتىپ قالامدىمەن-تېخى...

ئۇ، ئۆيىگە كىرىپ كەلگەن ئىككى ساقچى خادىمنى كۆرۈپ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئولتۇرۇڭ پەرىدە ئولتۇرۇڭ،— دېدى ئۇلاردىن بىرى،— سىزگە مۇناسىۋەتلىك ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلدۇق. خۇلاسە مۇنداق: ئۆلگەن كىشى، مەلۇم ئۆزگەرتىش مەيدانىدىن مۇددەتتىن بۇرۇن قاچقان جىنايەتچى تۇراق بولىدۇ. ئۇ ئاچلىقتا چىدىماي، ئادەم بولمىغان سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە ئاچقۇچ سېلىپ كىرگەن، بەختكە يارىشا سىز ۋاقتىدا كېلىپ قېلىپ، قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي، كارىۋات ئاستىغا يوشۇرۇنۇپ پەيت كۈتكەن. لېكىن، سىز ئۇنى تۇيمىغانسىز، ئوغرى سىزنىڭ قىزدىقارلىق كومىدىيىڭىزنى كۆرۈپ، قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەچ كونا يۈرەك كېسەللى قوزغىلىپ كارىۋات ئاستىدا كۈلگەن پېتى ئۆلۈپ قالغان.

پەرىدەنىڭ ئەنسىز يۈرىكى ئارامىغا چۈشتى. ئۇ بىر ئۇلۇق-كىچىك تىنىۋالدى.

— نۆۋەتتە بىز شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايلى- دېدى ئۇ يەنە- سىز باشقىلارنىڭ سىزگە شۇنچە ئۆچ بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەمسىز؟

پەرىدە ئۆزى ئويلاپ باققان، لېكىن، جاۋاب تاپالمايۋاتقان سوئالىنى ئۇلارنىڭمۇ قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بېشىنى چايقىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

(ئاخىرى 115 — بەتتە)

# كۆكۆل ھەققىدە ناخشا

(نەسىر)

### ئابلىمىت توختى

مەن ناخشا خۇمارى، كۆكۆل ھەققىدە ناخشا ئېيتىمەن. گاھى خۇشاللىقتىن كۈلۈپ كېتىمەن، گاھى غەزەپتىن تىترەپ كېتىمەن.

مەن ئاقكۆكۆلنى ئۇلۇغلايمەن، ئۇنىڭ شەنىگە ناخشا ئېيتىمەن. ئاقكۆكۆل — مەدھىيە ناخشامنىڭ مەنبەئى. مەن ئۇنىڭ بىلەن قولداش، ئۇنىڭ بىلەن يولداش. ئاقكۆكۆل شەنىگە يۈرەك ناخشامنى ياڭرىتىش — ئەجدادىمدىن مىراس قالغان تەبىئى خىسلەت.

ئاقكۆكۆللەر خەلقىم ئۇتۇقلىرىغا پەخىرلىنىدۇ، گۈللىنىش بەيگىسىدە ھاياتى كۈچ بىلەن قاناتلىنىدۇ. دوستلىرىغا ھېسسىداشلىق قىلىدۇ، خەلقى ئۈچۈن رىيازەت چېكىشنى شەرەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭ تىلى بىلەن دىلى بىر خىل؛ ئەڭ جاپا-مۇشەققەتلىك، ئەڭ خەتەرلىك مىنۇتلاردا ئۇ، يۈكسەك مىللىي غۇرۇرنىڭ كۈچىگە كامىل. ئۇ، مىللىي ئىپتىخارلىق جامىدىن مەرتلىك شارابىنى قانغىچە ئىچىپ، باتۇرلۇق تۆرىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۇنىڭدىكى قەھرىمانلىق روھ ئەسىرلەر ئۆتسىمۇ ئۆز خەلقى ئۈچۈن ئابىدە بولۇپ قالىدۇ…

مەن قاراكۆكۆلگە قارشى نەپرەتلىك ناخشام بىلەن چۇقان سالىمەن. مەرتلىك تۇلپارىغا مىنىپ، ئادالەت قىلىچىنى ئوينىتىپ، قاراكۆكۆلنىڭ يىلتىزىنى چاپىمەن.

قاراكۆكۆل — خەلقىم كۈلكىسىگە ئاھ ئۇرىدۇ، خەلقىم قايغۇرغاندا شاتلىق بەزمىسى قۇرىدۇ. ئۇ «ۋىجدان»، «غۇرۇر»غا شۇنچە ناتىۋان؛ ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنى باھالىغاندا، ئۇنىڭدىن ياخشىدۇر ھايۋان…

مەن ئالاكۆكۆلنى مەسخىرە قىلىپ ناخشا ئېيتىمەن. ئادالەت پاكىتلىرىنى پەيكان قىلىپ، ئۇنىڭ زەئىپلەشكەن غۇرۇرىنى سوراققا تارتىمەن، ئالاكۆكۆل ئىنسان ھاياتىنى لەززەت ئالالمايدۇ، تەركى دۇنيالىق ئىچىدە بۇرۇختۇم بولۇپ ياشايدۇ. ئۇنىڭ تىلى شېكەر، دىلى زەھەر؛ پۈتۈن جىسمى ھەسەتخورلۇق سۈيى بىلەن يۇغۇرۇلغان؛ كۆرەلمەسلىك، پىتنە-پاسات چىرىندىلىرى بىلەن تولغان…

مەن ناخشا خۇمارى، ناخشىنى ئەجدادىمدىن ئۆگەنگەن. غۇرۇرۇم، ئەقىل-ئىدرىكىم بار. شۇڭا مەن ئادالەتكە كۆيگەن. مەن كۆكۆل ھەققىدە ناخشا ئېيتىمەن، چۈنكى، سەبىيبوۋاق چېغىمدىن باشلاپلا جەڭگىۋار ھاياتنى چىن دىلىمدىن سۆيگەن…

# كەم ئۇچرايدىغان ئادەم

## ئەنۋەر توختى

يېقىندا ژورناللارنىڭ بىرىدە بىر پارچە ماقالەم ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالەمدە مەلۇم بىر يازغۇچىنىڭ ياخشى يېزىلمىغان بىر پارچە ئەسىرىنى تەنقىد قىلغانىدىم. بۇ، مېنىڭ ئىجادىيەتتىكى تۇنجى مېۋەم بولۇپ، ناھايىتى خوشاللاندىم. ھەر قېتىم مۇشۇنى ئويلىغىنىمدا، ماڭا يېقىندىن ياردەم قىلغان خۇشچىراي مۇھەررىر كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. بۇ ماقالەمگە ئەجرى سىڭدۇرۇپ، ژورنالدا ئېلان قىلغان مۇھەررىر كىم؟ مەن ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمىگەچكە، بۈگۈن ئاتايىتىن كۆرۈشۈپ كېلىش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەپ ئىشخانىسىغا باردىم، ئىشىكتىن كىرىشىمگە، مۇھەررىر ئاۋۋالقىدەكلا قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇ ياشقىنا بىر كىشى بولۇپ، كۆزلىرى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ:

— ئەسەر ئەپكەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، باشقا ئىش…

گېپىمنى تاماملاپ بولغىچە تېلېفون جىرىڭلىدى.

مۇھەررىر تېلېفون يېنىغا بېرىپ، تېلېفوننى ئالدى — دە، سۆزلىشىشكە باشلىدى:

— ۋەي، ۋەي، نېمە؟ ھە… مەن نورۇز ئەپەندى بولىمەن.

بۇنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ھالدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم، ھەم ھەيرانلىق، ھەم خىجىللىق تۇيغۇسى ئۆز ئارا گىرەلىشىپ مېنى مەگدىتىپ قويدى. ھۆرمەتلىك كىتابخان بەلكى سىز نېمىشقا شۇنچە ھەيران قالىسەن؟ دەپ ئويلاپ قالغانسىز، چۈنكى مەن ماقالەمدە «كېلىشتۈرۈپ» تەنقىد قىلغان يازغۇچى دەل مۇشۇ نورۇز ئەپەندىنىڭ ئۆزى ئەمەسمىدى؟

# ئەمەلدىن قالدى

## تۇراپ ئوبۇل

بۈگۈن مەن گېزىتتىن «ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىي ئەركىنلىككە ئىگە» دېگەن ماقالىنى كۆرۈۋاتقىنىمدا ، بۇندىن 3 يىل بۇرۇنقى بىر ۋەقە ئېسىمگە چۈشتى:

ناھىيىمىزدە يەرلىك ئەدەبىي ژورنال چىقىرىلىۋاتاتتى. نۆۋەتتىكى بىر سانىنى مەن مەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ چىقاردىم. لېكىن نەدىن بىلەي، بۇ سانغا بېسىلغان بىر پارچە فېلىيەتوننىڭ ئىدىيىسى «ساغلام» بولمىغاچقا، بىر كۈنى ھەسەنھاكىم مېنى ۋە ئەسەر ئاپتورىنى چاقىرتىپ:

# 5 مىنۇتلۇق ھىكايىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— سىز ئۆز كەسپىڭىزنى قىلماي نېمە ئۈچۈن بولا - بولماس نەرسىلەرنى يېزىپ يۈرۈيسىز؟ — دەپ سورىدى ئەسەر ئاپتورىدىن، — ھە، سىزمۇ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلمىغان، پارتىيىۋىلىكى رۇشەن بولمىغان، تىغ ئۇچى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە قارىتىلغان نەرسىلەرنى نېمە ئۈچۈن باستىڭىز؟ — دېدى ماڭا قاراپ. مەن ئېغىز ئېچىپ بولغىچە ئەسەر ئاپتورى:

— ئەدەبىيات نوقۇل ھالدا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىدىغان خەۋەر ياكى توكشۇن ئەمەس. ئۇ، تۇرمۇشتىن كەلگەن، لېكىن تۇرمۇشتىن بىر دەرىجە يۇقىرى تۇرغاچقا، نوقۇل ھالدىكى ئەمەلىيەتنىڭ ئۆزىمۇ ئەمەس، — دېدى قەتئىي قىلىپ.

— بەللى، ئۇنداقتا سىز ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلمىغان نەرسىنى زادى نېمە ئۈچۈن باستىڭىز؟ — دېدى ھاكىم مەسخىرە ئارىلاش.

— بەدىئىيلىكى بىر قەدەر يۇقىرى، تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن، بەلگىلىك تەسىر كۈچى بولغان ئەسەرلەرنى بېسىش — ھەر بىر مۇھەررىرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى، — دېدىم مەن چۈشەندۈرۈپ.

— ھە! سەنلەرنىڭ مەقسىتىڭ بىر ئىكەن — دە! سەنلەر «شىتاتنى ھەل قىلىش» دېگەن بۇ بىر نېمىگەدە تايىنىلىق «ئامۇدىر»، «سەۋدىر قىلىك ھاكىم»، «دەۋاگەر يولۇۋاس» دېگەنچە ۋالى تەلئەت، ھاكىم تىلىشۋالدى، قارىلانغان ھەمدۇللا دەپ يېزىشساڭ بولامدۇ؟ بىلىمەن، سەنلەر ئالدىمىزدا ئېلىپ بېرىلماقچى بولغان سايلامدىن بۇرۇن جامائەت پىكرىدە پەيدا قىلماقچى. تېخى «بىكارلايلى تۆر ئەمدى، ئىلىم - پەننى بىلگەنگە» دېيىشىلىرىڭچۇ، قېنى كۆرىمىز!... — دېدى ھاكىم ھەيۋە بىلەن.

— ھاكىم، بۇ دېگەن ئەدەبىي ئەسەر...

— ھىم! بىلىمەن، ئەدەبىي ئەسەرمىش تېخى، بىر ئەسەر دېگەن 100 يىل، بۇنداق دەپ مېنى ئالدىيالمايسىلەر، بوپتۇ، بۇ نۆۋەت سىلەرنى كەچۈرەي، ئەمما بۈگۈندىن باشلاپ ژورنال ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. سىلەرمۇ ئۆز ئىشىڭلارنى قىلىڭلار! — ھاكىم شۇنداق دېدى — دە، بىزگە: «بولدى، كېيىم تۈگىدى، چىقىپ كېتىڭلار» دېگەندەك قاراپ قويدى.

شۇنداق، ھاكىمنىڭ ھۆكۈمى بىلەن ژورنال ئەمەلدىن قالدى. لېكىن، ھاكىمنىڭ ئۆزىمۇ سايلامدىن بۇرۇن ئەمەلدىن قالغانىدى.

# قاسساپ

## ئامانگۇل مامۇت

قويىنخۇ سويغۇزدى، ئەمدى بۇ گۆشنى كىمگە ساتقۇزۇش مەسىلىسىدە ئەمەتجاننىڭ بېشى قاتتى. ئاخىرى سىرتتىن بىرەر كىشىنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ھويلىدىن چىقتى. ئۇ كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە، ئالدى تەرەپتىن قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە خورازدەك غادىيىپ كېلىۋاتقان توختى قاسساپنى كۆردى. يېنىغا يېتىپ كەلگەندە سورىدى:

— توختىكا بۈگۈن قوي سويغان ئوخشىمامسىز؟

توختى قاسساپ ئورنىدا توختاپ پۇلتىيىپ تۇرىدىغان يوغان كۆزلىرىنى ئەمەتجانغا تى-

كىپ، «شۇنداق» دېگەندەك بېشىنى چايقاپ قويدى-دە، ئورنىدىن قوزغالدى. ئەمەتجان سەل جىددىلىشىپ قالدى، ئۇنىڭغا ئىككى چامدا پلا يېتىشىۋالدى:

— ئەگەر ماقۇل كۆرسىڭىز بىر قوينىڭ گۆشىنى سېتىپ بەرسىڭىزكەن!؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ توختى قاسساپ ئۇنىڭغا بۇرۇلدى:

— سېتىپ بەرگىنىمگە قانچە پۇل بېرەرسەن؟

— ئۈچ كوي.

— نېمە، ئۈچ كوي دېدىڭما؟ بولدى ئۇكام، باشقا ئادەم تېپىۋال. ئۈچ كويغا بىر كۈن ئىشلىگىنىچە تاماشا قىلغىنىم تۈزۈك.

— ۋوي، توختاپ تۇرۇڭ. ئەمىسە قانچە پۇل ئالىسىز؟

— يەتتە كوي، قانداق؟

— سەل يولسىدراق گەپ قىلمامسىز توختىكا، سىز بىلەن بىز يات ئادەم بولمىغاندىن كېيىن…

— ھازىر ھەممە نەرسە پۇل بىلەن ماڭىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن ئۆزەڭ!؟ ئۇلار بىر ھازا تالاش - تارتىش قىلغاندىن كېيىن، توختى قاسساپ 5 كويغا ئاران كۆندى. بۇنداق قىلماقتىن باشقا ئەمەتجاندا نېمە ئامال؟ ئۆزىنىڭ قولىدىن بۇ ھۈنەر كەلمىگەندىن كېيىن قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى؟ باشقىلار بىلگەننى سەن بىلمىسەڭ، ئۇ ھالدا باشقىلارغا تايىنىپ ياشاشقا، ھەتتا ۋىجدانىڭغا مۇخالىپ ھالدا قۇل بولۇپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولىسەن، نادانلىق، ئىللاجىسىزلىق ۋەجىدىن ئۆزەڭ باققان قوينىڭ گۆشىنى مۇشۇنداق ئۆزگىمۇ سېتىپ يېيەلمەيسەن تېخى!

ئەمەتجاننىڭ گۆشى ھەم سېمىز ھەم باشقىلارنىڭ گۆشىگە قارىغاندا ئەرزان بولغاچقا، خېرىدارلار بەس-بەس بىلەن ئېلىشقا باشلىدى. ئەگەر سودا مۇشۇنداقلا بولىدىغان بولسا، گۆشىنىڭ ھەممىسى چۈشكە قالماي سېتىلىپ بولۇشىدا گەپ يوق ئىدى. ئەمەتجاننىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى چاققانلىق ۋە ئۇستىلىق بىلەن گۆش تارتىۋاتقان توختى قاسساپنىڭ مۇنۇ خۇپىيانە ھەرىكىتىنى سېزىپ قالدى: ئۇ، ئىككى كىلوگىرام گۆش ئالغان بىر ئايال بەرگەن 10 يۈەنلىك پۇتۇن پۇلنى غەللە ساندۇقىغا تاشلىماي، بەلكى پىچاقنىڭ دەستىسى بىلەن قوشۇپ تۇتىۋالدى. ئاندىن ئەتراپىغا بىر قارىۋېتىپ (بۇ چاغدا ئەمەتجان ئەتەي باشقا ياقلارغا قارىۋالغان، ئەمما كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى چاندۇرماي كۈزىتىپ تۇرغان ئىدى) گەدىنىنى قاشلىغان بولۇپ، ھېلىقى پۇلنى كۆينىكىنىڭ ئىچىگە سېلىۋېلىشقا ئۈلگۈردى ۋە خاتىرجەم بولغاندەك ئىككى يانغا سەل ئىرغىپ قويدى…

شۇ تاپتا ئەمەتجاننىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەنىدى. كۆپ-كۈندۈزدە ئۇنىڭ قىلىۋاتقان قىلىقلىرىنى قارىمامدىغان؟!

— توختىكا، گەدىنىڭىزگە بىر نەرسە كىرىپ كېتىۋاتىدۇ-يا؟- دېدى ئەمەتجان مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا،- تەپتارتماستىن ئىچىڭىزگە كىرىپ كەتكەن يۈزى قېلىن نەرسىنى ئېلىڭ، مەن بىر كۆرۈپ باقاي!

توختى قاسساپنىڭ كۆزلىرى پاقىرىدى، پېشانىلىرىدا تەرلەر يالتىرىدى، گۆشلۈك يۈزلىرى قىزاردى، قېلىن لەۋلىرى تىترىدى…

ئەمەتجان ئۇنىڭ ياقىسىنى قايرىپ، دۈمبىسىگە چاپلىشىپ قالغان تارا قىلما ئون يۈەنلىك قەغەزنى ئېلىپ، شۇ تاپتا نېمە دېيىشىنى ۋە نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان توختى قاسساپقا نەپرەت ئۇچقۇنلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى بېگىزدەك تىكتى. شۇنچە كۆپ كىشىلەر ئالدىدا يۈزى تۆكۈلۈپ، شەرمەندە بولغان توختى قاسساپ، ئەتىگەن ۋە دەللەشكەن بەش يۈەن ئىش ھەققىدىنمۇ كېچىپ، كانارا ئالدىدىن تېزلا غايىپ بولدى…

www.uyghurkitap.com

# ئىپتىخارلىق قەلبنىڭ لىرىك ساداسى

**مۇھەممەت پولات**

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982- يىللىق 5-سانىدا شائىر تاھىر تالىپنىڭ «چۈنكى مەن ئادەم» ناملىق لىرىك شېئىرى ئېلان قىلىندى. شېئىر ئۆزىنىڭ يېڭى مەزمۇن، يېڭى پىكىرلىرى بىلەن مېنى قاتتىق جەلىپ قىلدى. مەن شېئىرنى سۆيۈنۈش ۋە قايىللىق ھېسسىياتى ئىچىدە بىر نەچچە قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. ھەر بىر قېتىم ئوقۇغىنىمدا شېئىر ماڭا يېڭى بىر ئەسەردەك يېڭىچە زوق بېغىشلىدى. شېئىردا ھەر قانداق بىر ئاپتور ھېس قىلىدىغان، لېكىن ھېچقانداق بىر ئاپتور پۈتمىگەن مەزمۇن يۈكسەكلىكتە تەسەۋۋۇر قىلىپ يەتمىگەن مۇنداق بىر ئاددىي پىكىر يەنى «مەن ئادەم» دېگەن ئومۇمىي بىر پىكىر گەۋدىلەندۈرۈلگەن. كىشىنى قايىل قىلىدىغىنى شۇكى، ئاپتور كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا دائىم دېگۈدەك تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان مۇشۇنداق ئاددىي ۋە ئومۇمىي بىر پىكىرنى جەمئىيەت ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان يېڭى تېما دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنى ناھايىتى كەڭ ئىجتىمائىي مەزمۇن يۈكسەكلىكىدە ئېچىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ ئىگىسى، كەلگۈسىنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئۇلۇغۋار ئادەم — ئىنساننىڭ پىكىر، تۇيغۇسىدا ئىزچىل ۋە تەبىئىي ھالدا ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان بۇ قەدىمى ئوقۇم شېئىردا پۈتۈن بارلىقى بىلەن ئايان بولغان.

شائىر شېئىرىنى ۋۇجۇدىغا ئانا سۈتى بىلەن تەڭ سىڭگەن ۋەتەن سۆيگۈسىنى يەنى ئانا يەرگە بولغان مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئۇلۇغلاش بىلەن باشلايدۇ. شۇ يېرى خاراكتېرلىككى ئاپتور بۇ مىسرالىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى پىكىرنى-يۈزلەپ شائىرلار تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان بۇ ئورتاق تېمىنى پۈتۈنلەي يېڭى نۇقتىدىن يورۇتۇپ، ئۇنىڭغا يېڭى روھ بېغىشلايدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يېرىنى: رەزىللىك بىلەن ئېلىشىپ ھالسىرىغان چېغىدا يېڭى كۈچ ئاتا قىلغۇچى خىزىر، يىقىلغان چېغىدا يۆلەپ تۇرغۇزغۇچى پاسىبان سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى كىتابخاندا كونكرېت تۇيغۇ پەيدا قىلالايدىغان ئوبرازلىق پىكىرلەر ئېگىزىدە گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. نەتىجىدە بۇ مىسرالار ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىغا بېغىشلانغان بەزى شېئىرلاردىكى دەبدەبىلىك سۆزلەردىن قۇرۇلغان قۇرۇق مەدھىيىلەردىن پۈتۈنلەي پەرق قىلغىنى ھالدا ئاددىي ئىنسان، خەلقپەرۋەر شائىر بولغان ئاپتورنىڭ ۋەتەنگە بولغان



قايناق مۇھەببىتىنىڭ تەبىئىي ئىنكاسى سۈپىتىدە ئۆزگىچە بىر خىل لىرىك ئاھاڭدا جارائلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاپتورنىڭ ھايات ۋە گۈزەللىك كۆزقارىشى، مۇھەببەت ۋە ئەركىنلىك كۆز قارىشى، ئادالەت ۋە كىشىلىك غۇرۇر كۆز قارىشى، ئېتىقات ۋە ئەقىدە كۆز قارىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يال-

قۇنلۇق مىسرالار باشلىنىدۇ. ئاپتور بۇ مىسرالىرىدىمۇ خۇددى ۋەتەن ھەققىدىكى قۇرلىرىغا ئوخشاشلا ھەر بىر شېئىرىي پىكىرنى يېڭى بىر نۇقتىدىن يورۇتۇپ، كىتابخاننى ھاياجانلاندۇرىدىغان شېئىرىي مۇھىت يارىتىدۇ. بۇ چاغدا ئاپتور ئاددىي بىر ۋەتەنپەرۋەر ئەمەس، بەلكى ھاياتتىكى ھەممە رەزىللىكلەر بىلەن جاھالەت ھامىيلىرىغا قارشى جان تىكىپ كۆرەش قىلغۇچى جەڭچى شائىر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ ھايات گۈزەللىكلىرىنى دەپسەندە قىلغۇچى «تەلۋىلەر» بىلەن ئىستىقبال كۆكىنى خىرەلەشتۈرىدىغان «جاھالەت پەرەس» لەرگە قەھرىدىن ئوق ئۈزىدۇ. ھايات ۋە گۈزەللىك سىمۋولى بولغان نۇرانە چىمەنلىكلەرنى ئوتلۇق كۆكسى بىلەن قوغدايدۇ. ھەقىقەت ۋە ئادالەتنىڭ زورلۇق ۋە مۇتەھەملىك تۇتۇنىدە بولغانلىقىنى كۆرگىنىدە غەزەپتىن ئوت بولۇپ يانىدۇ. ئېتىقات ۋە ئەقىدىسىنىڭ خورلۇق تەھدىتىگە دۇچ كېلىشى ئۇنىڭغا ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى ئەسلىتىدۇ. شائىرنىڭ بۇ چاغدىكى قايناق ھېسسىياتى زورلۇق ۋە رەزىللىكلەر ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغان، ئۆزىنىڭ ئەقىدە ۋە ئىرادە كۈچى بىلەن ھەر قانداق ھايات دەھشىتىنى بېسىپ چۈشۈشكە قادىر بولغان ھەممە ئالىجاناپ ئادەملەرنىڭ پاك ئىنسانىي تۇيغۇلىرى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ:

رەقىپنىڭ مۇشتى ماڭا ھېچ گەپ ئەمەس،
ھەتتاكى قىلىچقا تىك بارالايمەن.
چېقىلسا لېكىن ئىززەت - ھۆرمىتىمگە،
ھەتتاكى ئەۋلىياغا يانالايمەن.
چۈنكى مەن ھېسسىياتلىق ھايات ئادەم،
غورۇرۇم پايخان بولسا ماڭا ماتەم.

بۇ مىسرالاردا ئەكس ئەتكەن يالقۇنلۇق ھېسسىياتنى يەنى شائىرنىڭ كىشىلىك ئىززىتى بىلەن ئىنسانىي غورۇر تۇيغۇسىغا تولۇپ تاشقان ئوتلۇق قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ ئىپتىخارلىق سادانى يالغۇز ئاپتورنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئادەملىكى بىلەن پەخىرلىنىشنى بىلىدىغان مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ياڭراق قەلب ساداسى دېيىش كېرەك. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بۇرچىنى تولۇق تونۇپ يەتكەن، تەقدىر تىزگىنىنى ئۆز قولىدا تۇتۇش ۋە كەلگۈسىنى يارىتىش ئىشەنچى بىلەن ياشاۋاتقان ھەممە ئاددىي ئادەملەرنىڭ ھايات ئىرادىسىنىڭ لېرىك ئىزھارى دېيىش لازىم.

ئاپتور شېئىرىدا «مەن ئادەم» دېگەن بۇ پىكىرنى يالغۇز يۇقىرىقى مەزمۇنلار دائىرىسىدە يورۇتۇپ بېرىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئەكسىنچە ئۇ، ئۆزىنىڭ لېرىك تەسەۋۋۇرىنى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان يېڭى بىر ئىجتىمائىي مەزمۇن يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك غورۇر-

نى كوممۇنىستلىق ئىپتىخارلىقى بىلەن بىرلەشتۈردۇ. «ئىنسانىيەت چاكىرى» بولۇپ، ئۆمۈر بويى خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى يولىدا كۆرەش قىلمىش، ئۆزىنىڭ جەڭچىلىك خىسلەت ۋە بۇرچىنى مەڭگۈ ئۇنۇتماسلىق، هايات گۈزەللىكىنى قوغداش ۋە ئۇنى يارىتىش ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك هايات ئەقىدىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئىنسانىي پەزىلەتلىرىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇردۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاپتۇرنىڭ «مەن ئادەم» دېگەن بۇ ئاددى لېكىن ئەھمىيەتلىك بولغان شېئىرىي پىكرى ئۆزىگە خاس لىرىك كەيپىياتتە گەۋدىلىنىپ، شېئىرنىڭ تۈپ ئىدىيىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بېرىدۇ:

مەن كوممۇنىست ئىنسانىيەت چاكىرىمەن،
لېكىن هېچ بىرەر زاتنىڭ قۇلى ئەمەس.
ئۆز كاللام هامان مەھكەم ئۆز بويىنۇمدا،
جەڭچىمەن، بىرەركىمنىڭ قۇلى ئەمەس!
چۈنكى مەن ھېسسىياتلىق هايات ئادەم،
خىسلىتىم پايخان بولسا ماڭا ماتەم.

شېئىر باشتىن ـ ئاخىر ئەنە شۇنداق هارارەتلىك مىسرالار بىلەن داۋاملىشىدۇ. ئۇلاردىكى « مەن ئادەم »دېگەن ئىپتىخارلىق خىتاب ئاپتۇر ھېسسىياتىنىڭ دولقۇنلۇق ئېقىمى بىلەن بىللە كىتابخان قەلبىگە قۇيۇلۇپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە كەلتۈرىدۇ.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك ئادەم ـ كىشىلەر تەسەۋۋۇرىدا دائىم ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان بەكمۇ ئومۇمىي بولغان ئاددى بىر ئۇقۇم. لېكىن ئۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسىنى بېسىپ چۈشىدىغان بۈيۈك مەناغا ئىگە. ئۇ پاكلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ تىپى، غايە ۋە ئەقىدىنىڭ سىمۋولى، دۇنيانى ئۆزگەرتىش ۋە هاياتنى قايتا قۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىدۇر. لېكىن ئۇنىڭدىكى بۇ ئۇلۇغۋار سۈپەتلەر پەقەت بىرلا شەرت ئاستىدا يەنى ئادەم روھىي ۋە جىسمانىي تەرەپتىن تولۇق ئەركىنلىك ۋە ئازادلىققا ئېرىشكەن شارائىت ئاستىدىلا ئاندىن نامايان بولالايدۇ. ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولغان قۇدرەتلىك كۈچى پەقەت شۇچاغدىلا ئۆزىنى كۆرسىتەلەيدۇ. ئۇنداق بولسا ئادەمنىڭ مەنىۋى تەرەپتىن ئازاد ۋە ئەركىن بولۇشىنىڭ تۈپ شەرتى نېمە؟ ئۆزىنى ۋە دۇنيانى بىلمىش، ئۆزىنىڭ كىشىلىك ئىززىتى بىلەن ئىجتىمائىي هايات بۇرچىنى تولۇق هېس قىلمىش. پەقەت مۇشۇنداق ئادەملا ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئەركىن ئادەم، ئاڭلىق ئادەم، كەلگۈسىنى يارىتىشقا قادىر بولغان پائالىيەتچان ئادەم بولالايدۇ. شۇڭا تارىختا ئۆتكەن ھەممە ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ خەلققە قارشى ھەركىتىنى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئادەملىك سۈپەتلىرىنى ئاياغ ـ ئاستى قىلمىش، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي غورۇر ۋە كىشىلىك قەدىر ـ قىممىتىنى دەپسەندە

قىلىشتىن باشلىغان. ئۇلارنىڭ دۇنيانى ۋە ئۆزىنى بىلىشىگە يول قويمىغان. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى پەقەت تىللىق قورال، مەنىۋى قۇل بولۇش دائىرىسىدە چەكلەپ قويۇپ، ئۇلارنى ئۆزى تىرىك، روھى ئۆلۈك جانسىز ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا ئۇرۇنغان. يىراقنى قويۇپ «4 كىشىلىك گۇرۇھ» ھۆكۈمرانلىقىدا ئۆتكەن ئاپەتلىك يىللارنى ئەسلەپ كۆرەيلى: ئۆزلىرىنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقلىرى بىلەن ئالەمگە سىغماي قالغان ئۇ بىر توپ تەلۋىلەر، ئۆزلىرىنىڭ «مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ ئىنقىلاب» نى ئالدى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى مەنىۋى پەزىلەتلىرىنى ئاياغ-ئاستى قىلىش، ئۇلارنىڭ پاكلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك تۇيغۇلىرىنى دەپسەندە قىلىش، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ئىززىتىنى خورلاش، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ۋە ھاياتنى بىلىش ئىنتىلىشىنى بوغۇشتىن باشلىمىدىمۇ؟ ئويلاشقا، پىكىر قىلىشقا جۈرئەت قىلغان، كىشىلىك پەزىلەتلىرىنى پاك ساقلاپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقى بىلەن پەخىرلىنىشنى بىلگەن مىڭلاپ ئادەملەر ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكى بىلەن ئالەمدىن ئۆتمىدىمۇ؟ راستىنى ئېيتقاندا جۇڭگو خەلقى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئادەملىكىنى تونۇپ، مەنىسى بىلەن پەقەت «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىنلا تولۇق ھېس قىلدى. ئۇلار زورلۇق ۋە ئادالەتسىزلىكنىڭ بېسىم ۋە خورلىقىدىن قۇتۇلۇپ ئىجادىي پىكىر ۋە ئىنسانىي ئىنتىلىشلەرنى بوغۇدىغان روھىي بويۇنتۇرۇقلارنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئازاد ۋە ئەركىن ئادەملەر سۈپىتىدە يېڭىدىن قەد كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ پارلاق كېلەچىكىنى يارىتىش يولىدىكى يېڭى ئۇزۇن سەپەرگە دادىل قەدەم تاشلىدى. ئېلىمىز زېمىنىدە «مەن ئادەم» دېگەن بۇ ئىپتىخارلىق سادا قايتىدىن جاراڭلىدى. بۇ جۇڭگودا يېقىنقى يىللار ئىچىدە يۈز بەرگەن ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىش، ئەھمىيىتى غايەت زور بولغان بۈيۈك بۇرۇلۇشتۇر، شۇنداقلا بۇ ئېلىمىزنىڭ ئىدىيە ئازادلىقى دولقۇنىدا بارلىققا كەلگەن يېڭىچە بىر خىل سوتسىيالىستىك ئاڭدۇر. يولداش تاھىر تالىپ «چۈنكى مەن ئادەم» ناملىق شېئىرىدا ئېلىمىز خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ھېس قىلىپ يەتكەن بۇ ئۇلۇغ ھەقىقەتنى ئۇلارنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ ھاياتىي بەدەل ھېسابىغا ئېرىشكەن ئەقىل-پاراسىتىنى، ئۇلارنىڭ يېڭىچە ھايات مۇناسىۋەتلىرىدىن تۇغۇلغان يېڭى ئىدىيە، يېڭى ئەقىدىسىنى، قىسقىسى ئۇلارنىڭ ئەڭ پاك ئەڭ ئالىيجاناب ئىنسانىي تۇيغۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي بۇرچ سەزگۈسى بىلەن غايە ۋە ئىنتىلىشلىرىنى «مەن ئادەم» دېگەن بۇ ئاددىي ۋە ئومۇمىي پىكىرگە يىغىنچاقلاپ ئۇنى كىتابخانىنىڭ ئەقىل ۋە زېھنىنى ئاچىدىغان يېڭى ۋە ئىجادىي شېئىرىي ئوبرازلار زېمىنىدە روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. شۇڭا بۇ شېئىر ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا كىتابخانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان شېئىرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

يولداش تاھىر تالىپ شېئىرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ئادەملىك پەزىلىتىنىڭ بىر مەزمۇنىسۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يىتىدە ئۆزىنىڭ سەنئەت ۋە گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشى بىلەن شېئىرىيەت ئىجادىيىتىگە بولغان مۇھەببىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەپ يازغان:

غەزەلخان خەلقىم ئۈچۈن يازدىم قوشاق،
ئىلھامىنى ئاتا قىلغاچ خەلقىم — ئانام.
غەزەلسىز ياشىمايدۇ بۇلبۇل دېگەن،
يۇرتۇمدا ھەربىر غەزەل بىر ئىمتىھان.
غەزىلىم پايخان بولسا ماڭا ماتەم،
چۈنكى مەن ھېسسىياتلىق ھايات ئادەم.

«چۈنكى مەن ئادەم» ناملىق شېئىرنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر كىشى ئاپتورنىڭ بۇ قۇرلاردا پۈتۈنلەي ھەقلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆز خەلقىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان، سەنئەت ۋە ئىجادىيەتكە ۋىجدانەن مۇئامىلىدە بولۇشنى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بۇرچى دەپ بىلىدىغان ئۇمىدۋار ئاپتور ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ. راس، يولداش تاھىر تالىپ بۇ شېئىرىدىكى ئىلھامىنى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكەن ئىجادكار خەلقنىڭ قايناق ھاياتىدىن ئالغان. شۇنداقلا ئۇنى غەزەلسىز ياشاشنى ئۆلۈم ھېسابلايدىغان غەزەلخان خەلققە بېغىشلىغان. كېيىن ئېيتىش مۇمكىنكى، يولداش تاھىر تالىپ بۇ ئەسىرى بىلەن ئۆز خەلقىنىڭ بىر قېتىملىق شېئىرىي ئىمتىھانىدىن — ئۇنىڭ ۋىجدانىي سەنئەت سىنىقىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكەن. ئۇ مۇشۇ يول بويىلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، ئۆز خەلقىنىڭ پاك ۋە ئالىيجاناب روھىي دۇنياسى يورۇتۇپ بېرىلگەن مۇشۇنداق ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى مەڭگۈ گۈللەپ ياشنايدۇ. ماتەم ۋە پايخان بولۇش — چىن ۋە ھەققانىي سەنئەتكە پۈتۈنلەي يات!

(بېشى 106 — بەتتە)

— بۇنىڭ سەۋەبى ئاددى، — دېدى ئۇلار، — سىز ياسىنىشقا بولغان قىزغىنلىقىڭىز تۈپەيلى جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ قالغان. شەرت-شارائىتتىن ھالقىپ كەتكەنسىز.

— نېمە، مېنىڭ مەدەنىي كىيىنىشلىرىم خاتا بولغانمۇ؟ ئەركىن يۈرگىنىم ئۈچۈنلا، كىشىلەر يامان كۆرۈۋاتامدۇ؟ — سورىدى پەردە ھەيران بولۇپ.

— شۇنداق، مەسىلە دەل مۇشۇ يەردە، — دېدى خادىم چۈشەندۈرۈپ، — سىز ئۇيلىغاندەك بىزنىڭ دەۋرىمىزدە، زامانىۋىيلىشىش، مەدەنىيەت يارىتىش ۋە گۈزەللىككە زىمىن بار. بىراق، كىشىلەرنىڭ ئېڭى ئۇ دەرىجىدە ئەمەس، تېخى مۇھىت بۇنىڭغا بالدۇر، بىزدە شەرت — شارائىتقا ماسلىشىش سەنئىتى بولۇشى كېرەك. سىزنىڭ بۇ خىل كىيىملىرىڭىزدىن ئىبارەت پەردە (ئۇ، پەردىنىڭ غەيرى تۇرقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئېيتتى) كىشىلەرنىڭ پەزىلەتلىرىڭىزنى كۆرۈش يولىدا كۆزىنى ئېتىۋالغان... مۇئەييەن شارائىتتا، بۇمۇ كىشىگە دۈشمەن بولىدۇ.

ئۇلار سۆزىنى تۈگىتىپ، پەردە بىلەن قىزغىن خوشلىشىپ چىقىپ كېتىشتى. پەردە يالغۇز كىشىلىك دىۋانىدا كۆزلىرىنى قانداقتۇ بىر توچكىغا تىككىنىچە ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. مەرۋايىتتەك ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ كۆزچاناقلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، مەڭزىنى بويلاپ، تۆۋەنگە دومىلاپ چۈشتى.

# دىلكەشلەر

(ھېكايە ـ باللادا)

**خىزمەت ئابدۇللىن**

كونا ئۇيغۇر يېزىلىرىدا بىر ياخشى ئالاھىدىلىك بار. ئۇ بولسىمۇ ئۇلاردا ياشىغۇچى تۈپ ئاھالە تۇرمۇشىدىن ئەڭ قەدىمكىي ئەنئەنىلەرنى بايقاشقا بولىدۇ.

ئەنە شۇنداق قۇتلۇق يېزىلارنىڭ بىرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ياش شائىر خېلىدىن بۇيان ئۆزىنى يەنە بىر روھىي بايلىققا ئىگە بولغانىدەك سەزمەكتە ئىدى. بۇ بايلىق ــ مەزكۇر يېزىغا قەدىمكىي قەشقەردىن كۆچۈپ كەلگەن بىر قېرى ئۇستىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى، دىلكەشلىكى ۋە باي خاتىرىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ياش شائىرنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە:


دىل غېنىمەتتۇر، دىدار غېنىمەت،
دىدار سېغىنغان جايلار غېنىمەت.
ئىنسانىنىڭ ئېسىل خىسلىتى بىلسەڭ،
دىلكەشلىك بىلەن دىلدىن ئىبارەت ــ دېگەنىدەك روبائىلارغا مۇراجىئەت قىلىشىمۇ، ئاساسەن ئەنە شۇ قېرى ئۇستىنىڭ تەسىرىگە باغلىق بولسا كېرەك.

ياش شائىر كەچ تۈنلەردە ئۆزىنىڭ مۇئەللىملىك ئىشلىرىنى تاماملاپ، كوچىغا چىقىشى بىلەن يېزىنىڭ چېتىدىكى كىچىككىنە ئۆي يېنىغا بېرىپ دائىم ئۇنىڭ دېرىزىسىدىن نۇر ئەكسىنى كۆرىدىغان، خىيالەن شۇ چىراق يېنىپ تۇرغان ئۆيدە خىزىرغا ئوخشاش بىر بوۋاينىڭ خىلمۇ ـ خىل ياغاچلارغا «دەم سېلىپ، تىلسىم قىلىپ» ئولتۇرغانلىقىنى بايقىغانىدەك بولاتتى. ئۇ، ئەنە پاكا تەكچە ئۈستىدىكى ئىسكىنە، قىرغۇ، قىسقاچ ۋە بۇرغىلار... ئەقىللىق بارماقلار ھەرىكەتلەنمەكتە... شاپاق دوپپا ئاستىدىكى ئاق چاچ تەمبۇرنىڭ تەبىئىي نەقىش ـ يوللىرىغا ئوخشاش قورۇقلار باسقان كەڭ ماڭلاي ۋە ئاق قىرودەك قاش ـ كىرپىكلەر تۈۋىدە پىلدىرلىغان ئويچان كۆزلەر ئىگىسى ــ زورقامەتلىك قېرى ئۇستىمۇ ياش شائىرنىڭ كېلىشىگە دائىم خۇرسەن ئىدى. ئۇلار ئۇچرىشىپ سۆھبەت قۇرغان چاغلاردا قېرى ئۇستىنىڭ سۆيەكلىك چىرايى خوش بولغانىدەك، ئۇنىڭ ئۆزىنى تېخىمۇ سىرلىق، تېخىمۇ قەدىمكىي قىياپەتلەرگە كەلتۈرەتتى...

× × ×

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، چوڭدادا!

ــ ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام! كېلىڭ، ئوغلۇم. مانا مۇنۇ ئورۇندۇققا... قېنى ئولتۇرۇڭ.




ئۇلارنىڭ سۆھبىتى شۇنداق باشلىناتتى.

ئەمما شائىر ھەر قېتىم قېرى ئۇستىنىڭ ئىشخانا ــ دۇككان سۇپىسىدىكى ئۆيىگە كىرىشى بىلەن يەنە بىر يېڭىلىق، يەنە بىر يېڭى كەشپىيات يارالغانلىقىنى بايقايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مانا بۇگۈنمۇ ئۇ ئۇستىنىڭ قوللىرىدا پىقىراپ، ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ، ئەكسىگە كېلىۋاتقان قەدىمكىي سىتانىڭ بېشىنى كۆردى. ئۇستا ئۇ باشنىڭ پۇچۇلغان، دەز كەتكەن «جاراھەتلىك» جايلىرىنى ئىنچىكە ئىسكىنە، نەيچى ـ قىرغۇلار بىلەن تازىلاپ، ئاندىن قەغەز ئۇلگىلەر بىلەن ئۆلچىمەكتە. «شۇ ياغاچ ـ تەككەپار» ياغاچ ياماقچىلارنى راسلىماقتا ئىدى.

ـ خوش، داستان ئاياقلاشتىمۇ ـ يوق؟ ـ دەپ شائىرنىڭ كۆزىگە قارىدى ئۇستا.

ـ ھازىرچە ئۇنداق ئەسەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسام كېرەك، چوڭدادا، ئەمما قىسقا شېئىرلاردىن بىر قانچىسىنى يازدىم.

ـ ئۇنىڭغا ھەم غېنىمەت. تاما ـ تاما كۆل بولىدۇ، ئوغلۇم. مانا مۇشۇ ياغاچ تەخمىنەن، بۇنىڭدىن يۈز يىل مۇقەددەم كېسىپ ئېلىنغان، ئۇ تەخمىنەن، يەنە شۇنچىلىك ۋاقىت ئىلگىرى يەرگە تىكىلگەن ياكى ئۆزى ئاينىغان بىر چېقىر ئۆزۈم ··· بىزنىڭ ئوتتۇز نەچچە ساز ـ ئەسۋاپلىرىمىزنىڭ كوپچىلىكى مانا مۇشۇنداق كۆپنى كۆرگەن ئېسىل ياغاچلاردىن ھازىرلىنىپ ياسىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ مۇڭى ئۆزگىچە، ئوغلۇم··· بۇ كونىدىن ـ كونا ساتانىڭ بېشىغا قاراڭ. مانا، مۇشۇ نەپىس سىزىقچىلىرى دەرەخ ياشىغان يىللارغا، ئۇ كەچۈرگەن ئىسسىق ـ سوغ ھالەتلەرگە بىنائەن ھاسىل بولغان. يەنە كېلىپ، بۇ باش دەرەخنىڭ غولىدىن ئەمەس، بەلكى شۇ يوغان ئۈجمە ياغىچىنىڭ يۇتىقىدىن ياسالغان. سەۋەب ـ قېرى دەرەخنىڭ غولى كاۋاك، يۇتىقى ـ پۇتەيھەم مەزمۇت بولىدۇ. مەلۇمكى ئوغلۇم، ياخشى ساز ئەسۋابىنىڭ يارىلىشى تەبىئەت بىلەن ئۇنىڭ تىلىنى بىلگۈچى ئادەمگە، تەخمىنەن بىر ياكى ئىككى ئەسىر ۋاقىتقا باغلىق. يەنە كېلىپ قاراڭا، قەدىمى ماھىر بۇ بىر پارچە ياغاچقا جان كىرگۈزۈش ئۈچۈن، تەبىئەت تەرتىپىگە نەقەدەر ئېتىبار بېرىپ ئىشلىگەن!···

ـ مۇلاھىزىڭىزگە تەسەددۇق، چوڭدادا! تەخمىنەن مەنمۇ سىزدەك ماھىرلار ھەققىدە شۇنداق ئويلىغان، ھەتتا مانا مۇنداق مىسرالارنىمۇ يازغانمەن:

ھەقىقى ماھىر ـ ئۇ بىردانىشمەن،
ئۇنىڭ قولىدا كۆلەر ھەر بىر زات.
ھۈنىرى ئۇنىڭ ياشار خەلقى بىلەن،
قەدىرلەر ئۇنى مىنناتدار ئەۋلاد.

ـ بارىكاللا، ئوغلۇم! كىشىنىڭ روھىنى كۆتۈرۈشكە قابىل سىلەر!

بۇ سۆزلەردىن كېيىن ياش شائىر خىجالەت بولغاندەك، بىر ئاز پەرىشانلىق بىلەن:

ـ ئارتۇقچە ماختىۋەتمەڭ، چوڭ دادا، ئاددى مىسرالار، مانا بۇ يېڭىدىن ياشتىن ئۆز ئەكسىگە كېلىۋاتقان تەمبۇر ياكى ساتار ـ ھەقىقى ئىجات مەھسۇلى!··· ئۇنىڭ بويىدىكى كۆپ ئەسىرلىك مۇڭ ـ مۇددىئالارنىڭ ئىزھارلىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىش ـ ئىجاد!

نېمىشقىدۇر قېرى ئۇستا ياش شائىرنىڭ سۆزىدىن مۇڭلانغاندەك جىم ـ جىت بولۇپ ئويلىنىپ قالدى: ئۇنىڭ قەشقەر، تۇرپان تەۋەلىرىدە كۆيۈپ، تاۋلانغان يۈزىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ قويۇقلىشىپ، كۆڭلىدە ئېغىر خىيال ـ خاتىرىلەرنىڭ ئويغانغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ـ بىر قەشقەرنىڭ ئۆزىدە قانچىلىغان ئۇستا ـ ماھىرلار، كونا ۋە يېڭى ئەدىپ، داستانى

چىلار بار ئىدى. خەپ، سىلەر شۇ قەدىم ماكانىنى كۆرمىدىڭلار... تام، سېپىللاردىكى تاش، تاپان ئىزلىرىچۇ!... خەلقىمىز ئاينىتقان باغۇ — بوستان — مەنزىرىلەرچۇ! ئەمگەكچى خەلق، ئۇنىڭ شوخ ئوغۇل — قىزلىرى، سىزدەك شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرىن سۆزلىرىچۇ!...

ئۆيدە تېخىمۇ ئېغىر، تېخىمۇ بوغۇق جىم — جىتلىق ئورناپ، ئاخىرىدا ياش شائىر چىدىماي، ئۆز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ خىلمۇ خىل ساز — ئەسۋابلىرى ئېسىغلىق تۇرغان تاملارغا قاراپ، ئەركىسىز خىتاب قىلغاندەك بولدى.

— باراقسان باغلارغا كىرگەندە يىرتقۇچ،

بۇلبۇللار قېچىپ، بولاركەن سەرسان...

غايىپتىن كەلگەندەك ئاڭلانغان مىسرالار مەناسىنى يەنە بىر قايتۇرۇپ ئويلىغان ئۇستا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئىنتايىن توغرا خىتاب قىلدىڭىز، ئوغلۇم! زادى ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى ئويىنى نەق ئېيتتىڭىز. شۇ مىسرالارنى ماڭا ئەرەبچە خەت بىلەن پۈتۈپ بېرىڭ، ئوغلۇم، — دەپ تەۋرىنىپ كەتتى.

× × ×

يەنە بىر قېتىمقى ئۇچرىشىشتا ياش شائىر ئۆز داستانىنى ئوقۇپ بېرىپ، تاۋى يوق ياتقان قېرى ئۇستىنىڭ كۆڭلىنى بىر ئاز كۆتەرگەندەك بولدى. ئەمما ئۆزىنىڭ تامامەن خەت تونىمايدىغانلىقىغا قارىماي، باي ئېغىز ۋە يازما ئەدەبىياتىمىزدىن ياخشى خەۋەردار بولغان ئىجادكار ئۇستا ياش شائىرنىڭ بۇ دەستلەپكى چوڭ ئەسىرىگە ئانچە قانائەتلەنمىگەنىدى. ئۇنىڭغا مىڭلارچە مىسرادىن ئىبارەت بولغان شېئىرىي ئەسەر، پەقەتلا شېئىرغا ئوخشىماي، بىر — بىرىگە جۆر ئەمەس ساز — ئەسۋابلىرىنىڭ قالايمىقان، چېچىلاڭغۇ سادالىرىنى ئەسلىتەتتى. يەنە شۇنىدىمۇ دىلكەش ئادەم «ياش شائىرنىڭ تاۋىنى قايتۇرماي» دېگەن مەقسەت بىلەن داستان خۇسۇسىدىكى پىكىرىنى ساز ۋە ساز ئەسۋابلىرى ھەققىدىكى بەزى ئوخشىتىشلىرى ئارقىلىق ئىپادە قىلدى. ئۇ تەمبۇرنىڭ دەستىسى بىلەن ساپلانغان ئۆتكەنكى كونا ساتا بېشىنى كۆرسىتىپ:

— ئېھتىمالىم، — دېدى — تەمبۇر سېپى بىلەن كونا باش ياكى بولمىسا ئۇجمە ياغىچىدىن ياسالغان باش بىلەن قارىغاي يۈزلۈكچە ئاڭا جۆر بولمىدى. شۇڭا ئۇ تەمبۇرنىڭ ئاۋازى تېخى بېجىرىم ئەمەس. زادى دۇنيادىكى بارچە گۈزەللىك — زور تەڭكەشلىكنى ئىچكى سىر، سېھىرلىك كۈچ، قۇدرەت — جۇشقۇنلۇقنى تەلەپ قىلىدۇ، ئوغلۇم.

— توغرا، چوڭ دادا، بۇنىمۇ ئەندى سېزىۋاتىمەن. ئەمما يەنە شۇنى سىزدىن سورىماقچى ئىدىم: نېمىشقا تەنھا بىر ئەسۋاب ياكى بىر ئەسەر بېساز بولۇپ قالدىيۇ، ئونلىغان ياكزىمۇ ياڭزا ساز — ئەسۋاپلار بىر پۈتۈنجان — تەن ئوخشاش جىپسىلىشىپ، جۆر بولىدۇ؟

قېرى ئۇستا چوڭقۇر تىنىپ، ئىلھاملانغاندەك بولدى. ئۇ بۇرۇلۇپ، ئوڭ قول تەرەپتىكى تامغا، سول تەرەپتىكى ئۇستەل ئۈستىگە قارىدى-دە:

— مانا مۇشۇ ئون ئىككى ئەسۋابنىڭ بارلىقى بىر — بىرسى بىلەن ئىناق ئىنىلىدەك جۆرىغان — تەڭكەش. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇلار ماڭا بىر جانلىق نامايەندىلەرگە ئوخشاش كۆرۈنىدۇ. مۇنۇ ساتا باشلىق تەمبۇر پارچىلىنىپ كەتكەن ئىككى تەندىن جەملەنگەن بىر ئادەمگە

ئوخشاش جانسىز. ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈش ئۈچۈن، يەنە شۇ ياغاچلار سىرى، سىھىردىن جۆرۈپ ئەمەل قىلىش لازىم. ئەگەر مېنىڭ چامىم ياكى ۋاقتىم يەتمىسە، بىر كۈن ئۇنى سىلەر سۆزلىتىسىلەر. شۇنداقلا مەن سىزگە بىر ئارمىنىمنى مىراس قالدۇرسام دەيمەن… .

ياش شائىر ئۇستىنىڭ سۆزىگە شۇ قەدەر بېرىلگەن ئىدىكى، ھەتتا ئۇ باشتىكى سۆزلەردە قانداقتۇ بىر ۋىدالىق - جۇدالىق ئەكسى بارلىقىغا زەڭقويماي تىڭشىغانىدى. كۆپىلگەن قېرىلارغا ئوخشاش، كونا ئۇستىنىڭمۇ شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا بىر نەرسىنى سېزىپ، ئۆزىنىڭ ياش ئىلپىتى، شاگىرتى بولغان شائىرغا ئۈچۈر قىلغانلىقىنى ئۇ يەنە بىر نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن بىلدى.

× × ×

ئۇستا ئاخىرقى كۈنلەردە ياش شائىرغا ئېيتقان ئۆي - مۆلچىرىنى بىر قەدەر بولسىمۇ رەتلاشتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن، بىر كونا، سۇنۇق راۋاپ بىلەن كونا نەي ئۇستىدە ئىشلىدى. ئۇ راۋاپنىڭ دەستىسىنى ئويۇپ، ئۇنىڭغا نەينى ئورناتماقچى بولغانىدى. يەنە ئۇنىڭ كۆپ يىللىق تەجرىبىسى ۋە پەرىزى بويىچە، ئەگەر راۋاپنىڭ پەدىلىرىنى نەينىڭ باسقۇچ قىسىملىرىغا تەڭكەش — باراۋەر قىلالىسا، ئۇ چاغدا راۋاپنىڭ نەي ئورنىتىلغان دەستىسىگە قومۇچ ياكى مىس تۇرۇپكا ئورنىتىپ، راۋاپ بىلەن نەيدىن — بىركىشى ئىجرا قىلىدىغان بىر يېڭى مۇزىكا ئەسۋابى ئىجاد قىلىش مۇمكىن ئىدى…

ئەپسۇسكى، ئىجادكار ئۇستىنىڭ، بۇ ئاخىرقى ئارمىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆمرى يەتمىدى.

شائىر ئاخىرقى قېتىم ئۇستىنى يوقلاپ بارغاندا، ئۇ ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا، ئۆز چۈشىنى سۆزلىمەكتە ئىدى.

— كەل ئوغلۇم، كەل! تازىمۇ ياخشى چۈش كۆرۈپتىمەن ھېلى! ئۇنى ئادەتتىكىدەك تەتۈر سۆزلىگىم كەلمەيدۇ. يېڭىباشتىن ئاۋات بولغان ئىزگۈ جايلار… ئەزىزانە قەشقەرمۇ ياكى تۇرپانمۇ ھەر ھالدا قەدىمكى يەر، ئۆزدىيارىمىز!… ئويغانسام — كۆزۈملۇق ياش، خوشاللىق مۇڭىدا يۈرىكىم تامچىمىغا تىقىلىپ قاپتۇ…

ئۇستىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان دوختۇر ئۇنىڭغا خاتىرجەم يېتىشنى بۇيرۇپ، شائىرغا مۇراجىئەت قىلدى. شائىر ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆز ئەينى بىلەن تەرجىمە قىلىپ، ئەندى نېمە دېيىشىنى بىلمەي تىڭىرقاپ تۇرغاندا، قېرى ئۇستا ياردەم قىلغاندەك بولدى.

— مومايىنى كۈتۈۋاتىمەن، ئوغلۇم. ئۇ تاشكەنتتىكى قىزلىرىمىزنى كۆرۈپ كەلگىلى كەتكەن. ۋىدالىشىش لازىم… ئاندىن، سەن شۇنى ئېيت ئوغلۇم: ئەزىز دوختۇرغا مىڭلارچە تەشەككۈر! مەن قېرىنى بىر كۈنمۇ يالغۇز قالدۇرمىدىڭلار، بىراق… مەڭگۈلۈك سەپەر ئالدىدا خاتىرجەم بولۇش تەس ئىكەن!…

ئاغرىقنىڭ چىرايى قانداقتۇر بىر دەھشەتلىك مۇجۇش پەيتىدىكىدەك ئېچىنىشلىق تۈرۈلۈپ. ئۇ ئىچى ئېلىشقاندەك يەنە ھۇشىدىن كەتتى. دوختۇر سومكىسىنى ئېچىپ، ئوكۇل ئەسۋاب-

لىرىنى قولىغا ئالدى ... لېكىن بىر يىل مابەينىدە زىرەك ئۇستا بىلەن ئۆز يېشى ئوتتۇرىسىدىكى يېرىم ئەسىردەك پەرقنى بېسىپ ئۆتكەندەك بولغان ياش شائىر، دوختۇرنىڭ دورىلىرىغا ئېتىبارسىز قارىماقتا ئىدى. چۈنكى قېرى ئۇستىنىڭ داۋاسى ئىلاجسىز جۇدا بولغان ۋەتىنىدە قالغانىدى.

## ئاپتورنى تونۇشتۇرۇش

ئاتاغلىق سوۋېت ئۇيغۇر يازغۇچىسى خىزمەت ئابدۇللىن 1925-يىلى ئالمۇتا ئوبلاستى ئەمگەكچى رايونىدىكى بايانداي يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1943-يىلىغىچە شۇ يېزىدا ئوقۇغان ھەم ئىشلىگەن. 1943-، 1950-يىللىرى سوۋېت ئارمىيىسىدە خىزمەت قىلغان. ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان. ئارمىيە سېپىدىن قايتقاندىن كېيىن، ئالمۇتىدا چىقىدىغان «يېڭى ھايات» ژۇرنىلىدا، ئاندىن كېيىن 1980-يىلىغىچە قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سېكسىيىسىدە ئىشلىگەن.

خىزمەت ئابدۇللىن ئىجادىيىتىنىڭ دائىرىسى كەڭ ۋە ماۋزۇ جەھەتتىن خىلمۇ خىلدۇر. ئۇ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئۇيغۇر سوۋېت ئەدەبىياتىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈشكە كۈچ قوشقان ئەدىپلەرنىڭ بىرى، سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە چوڭ ئۈلۈش بولۇپ قوشۇلغان «گۈلىستان» پوۋېستى، «ئانا يەت» پوئېمىسى، «تۇرپان تەۋەسىدە» رومانى، «ياركەنت ناۋاسى»، «لوتپۇللا»، «شاۋقۇن» ناملىق درامىلىرى ئۇنىڭ ئىجادىيەت دائىرىسى كەڭ، ھازىرجاۋاب يازغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. خىزمەت ئابدۇللىن شائىر سۈپىتىدىمۇ كىتابخانلارغا تونۇش. ئۇنىڭ كېيىنكى يىللاردا نەشىر قىلىنغان «كۆكۈلدە قالمىسۇن ئارمان»، «دىدار غېنىمەت» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرى كىتابخانلار ئارىسىدا ياخشى ئىنكاسلارغا ئىگە بولدى.

يازغۇچى كېيىنكى 10-15 يىل داۋامىدا ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئىشلەپ «يىللارغا جاۋاپ»، «قىيادىكى قىرانلار» ناملىق پوۋېستلارنى، «يۇرتداشلار» رومانىنى، بىر نەچچە ھېكايىلەر توپلاملىرىنى ۋە درامىلارنى يازدى. ئۇنىڭ كۆپلىگەن ئوچېرك ھەم ماقالىلىرىدا ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى، تۇرمۇشى كەڭ تۈردە يورۇتۇپ بېرىلگەن. يازغۇچى كىتابخانلار ئارىسىغا يەنە تەرجىمان سۈپىتىدىمۇ ياخشى تونۇش. ئۇ، ئا. س. پوشكىن، م. يو. لېرمونتوف، ل. ن. تولستوي، ر. تاگور، د. م. فورمانوپ، م. ئىساكوۋسكىلارنىڭ ھەم بىر قاتار قازاق شائىر- يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى.

يازغۇچى سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش يولىدىكى خىزمەتلىرى ئۈچۈن «ھۆرمەت بەلگىسى» ئوردېنى، قازاقىستان س س ر ئالى سوۋېتىنىڭ گىراموتىسى ۋە مېداللىرى بىلەن مۇكاپاتلانغان.

«خىزمەت ئابدۇللىن تاللانما ئەسەرلىرى» توپلىمىدىن ئېلىندى. قازاقىستان «يازغۇچىلار» نەشرىياتى، 1984-يىل نەشرى. نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەت نىجات

## ھېمىڭۋېي (1899 -- 1961)

ئېرنىست ھېمىڭۋېي — ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر ھازىرقى زامان يازغۇچىسى. ھېمىڭۋېي 1899-يىلى چىكاگو شەھىرى ئەتراپىدا بىر دوختۇر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، پىراكتىكانت مۇخبىر بولغان. 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدا ئارمىيىگە قاتنىشىپ، ئىتالىيە ئالدىنقى سەپتە يارىلانغان. ئۇرۇشتىن كېيىن پارىژدا ئولتۇراقلاشقان. 20 - يىللارنىڭ ئاخىرى ئامېرىكىغا قايتىپ كەلگەن. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغاندا ھېمىڭۋېي ياۋروپاغا يەنە بىر قېتىم بېرىپ، فىرونت مۇخبىرى بولغان. ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن كۇبادا ماكان تۇتقان. 1959 - يىلى كۇبا ئىنقىلاۋى پارتلىغاندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ ئىداخ شىتاتىغا كۆچۈپ كەلگەن. 50-يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى يۇقىرى قان بېسىمى ۋە قەنتسىيىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ، كېسەل ئازابىغا چىدىيالماي 1961-يىلى 7-ئاينىڭ 2-كۈنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

ھېمىڭۋېينىڭ ئىجادىي پائالىيىتى پىراكتىكانت مۇخبىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدا باشلانغان. ئۇ 40 يىللىق ئىجادىي ھاياتىدا «قۇياش كۆتۈرۈلدى»، «قورال - ياراق بىلەن مەڭگۈ ۋىدالىشىش»، «بار ۋە يوق»، «ئۆلۈم سىگنالى كىمنى ئۈچۈن چېلىنىدى»، «بوۋاي ۋە دېڭىز»، «دېڭىز ئارىلىدىكى شىددەتلىك ئېقىن» قاتارلىق رومانلارنى يازغان.

1952 - يىلى ئېلان قىلىنغان «بوۋاي ۋە دېڭىز» رومانى ھېمىڭۋېينىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى بولۇپ، 1954 - يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئېرنىست ھېمىڭۋېينىڭ ئەسەرلىرى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇپ، بىر مەزگىل ئامېرىكا ۋە ياۋروپادا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان.

## مۇپاسسان (1850 - 1893)

فرانسىيىنىڭ 19 - ئەسىردىكى مۇنەۋۋەر تەنقىدىي رېئالىست يازغۇچىلىرىدىن بىرى — ئانرى رېنې ئالبېرگى دې مۇپاسساندۇر.

مۇپاسسان 1850 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى فرانسىيىنىڭ نورماندىيە ئۆلكىسىگە قاراشلىق دېپ شەھىرى ئەتراپىدا سۇنغان ئاق سۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1870 - يىلى پارىژغا بېرىپ قانۇن مەكتىپىدە ئوقۇغان. شۇ يىلى باشلانغان فرانسىيە - پىروسسىيە ئۇرۇشىدا ئەسكەرلىككە ئېلىنغان. ھەربىي سەپتىن بوشىغاندىن كېيىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، دېڭىز ئارمىيە شىتابى ۋە مائارىپ مىنىستىرلىكىدە ئاددىي خىزمەتچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1890-يىللارنىڭ بېشىدا ئېغىر نېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي 1893 - يىلى 7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى 43 يېشىدا ۋاپات بولغان.



مۇپاسساننىڭ ئىجادى ئائىلىسىدە باشلانغان. ئۇنىڭ تاغىسى يازغۇچى ئىدى. ئانىسى قىزىغىن ئەدەبىيات ھەۋەسكارى بولۇپ، مەشھۇر فرانسۇز يازغۇچىسى فىلوبېر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە ئىدى. مۇپاسسان فىلوبېرنى ئۇستاز تۇتۇپ يېزىقچىلىقنى ئۆگەنگەن.

مۇپاسسان ئۆز ھاياتىدا 300 پارچە ھېكايە، 6 رومان ۋە كۆپلىگەن ئەدەبىي خاتىرە ھەم ئوبزورلارنى يازغان.

مۇپاسسان ھېكايىچىلىقتا دۇنيا ئەدەبىياتىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان يازغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر.

## مایاكوۋىسكى (1893 - 1930)

ۋىلادىمىر ۋىلادىمىروۋىچ مایاكوۋىسكى — سوۋېت پوئېزىيىسىنىڭ مەشھۇر بايراقدارى.

مایاكوۋىسكى 1893 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى گىروزىيىنىڭ باگدادى يېزىسىدا ئورمانچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1908 - يىلى بولشېۋىكلەر پارتىيىسىگە قاتنىشىپ، مەخپىي ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. 3 قېتىم قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. 1911 - يىلى موسكۋا رەسساملىق ھەيكەلتاراشلىق مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە جاھانگىرلىك ئۇرۇشىغا قارشى تەشۋىقى پائالىيەت ئېلىپ بارغان. 1917 - يىلىدىكى ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن قوللاپ، باشتىن - ئاياغ ئۇنىڭ يالقۇنلۇق كۈيچىسى بولغان. 1919 - يىلدىن 1922 يىلغىچە روسىيە تېلېگراف ئاگېنتلىقىدا ئىشلىگەن. 1924 - يىلى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 2 قېتىم فرانسىيە، ئىسپانىيە، كۇبا، مېكسىكا، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولغان. 1926 - يىلى پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقىنى بويلاپ ساياھەت قىلغان. 1930 - يىلى روسىيە پرولېتارىيات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىغا قاتناشقان. شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى بەختكە قارشى 37 يېشىدا ۋاپات بولغان.

مایاكوۋىسكىنىڭ ئىجادىيىتى موسكۋا گۈزەل - سەنئەت مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا باشلانغان. ئۇنىڭ بىرىنچى داستانى «ئىشتانلىق بۇلۇت» 1915 - يىلى ئېلان قىلىنغان. مایاكوۋىسكى ئۆزىنىڭ 17 يىللىق ئىجادىي ھاياتىدا يۈز دەك شېئىرلار توپلىمىنى، «ۋىلادىمىر ئىلىئىچ لېنىن»، «ياخشى»، «بار ئاۋاز بىلەن» قاتارلىق مەشھۇر داستانلارنى؛ «مەن كەشىپ قىلغان ئامېرىكا» قاتارلىق ئوچېركلارنى ۋە بىر قانچە ئونلىغان پوبلىستىك، ئەدەبىي ماقالىلارنى يېزىپ سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ، بولۇپمۇ سوۋېت پوئېزىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. مایاكوۋىسكى شېئىرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سىياسىي لىرىكىلار بولۇپ، شەكلى چاچمىدۇر. ئۇنىڭ سوۋېت پوئېزىيىسىدىكى مەزمۇن ۋە شەكلى جەھەتتىكى يۈكسەك ئىجادچانلىقى سوۋېت پوئېزىيىسىگە ۋە جاھان پوئېزىيىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

## شېللى (1792 - 1822)

پېرسى بوش شېللى — 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن ئەنگلىيىنىڭ ئۇلۇغ رومانتىك شائىرى.

شىللىي 1792 – يىلى ئەنگلىيىدە بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن 18 – ئەسىردىكى ياۋروپا مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ مەرىپەت ئىدىيىسى بىلەن خەيالىي سوتسىيالىزم تەلىماتىنى قوبۇل قىلغان. ئىدىيە جەھەتتە مۇتەئەسسىپ ئاتىسى بىلەن چىقىشالماي، ئائىلىسىدىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، 1810 – يىلى ئوكسفورد داشۆسىگە ئوقۇشقا كىرگەن. داشۆدە «ئاتېزىمنىڭ مۇقەررەرلىكى» دېگەن كىتابچىنى بېسىپ تارقاتقانلىقى ئۈچۈن مەكتەپتىن ھەيدەلگەن، مەكتەپتىن ئايرىلىپ ئىرلاندىيە خەلقىنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى كۈرىشىگە قاتناشقان. ئۇنىڭ بىر قاتار ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرى ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىرى ئىرىلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ 1814 – يىلى ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ، ئىتالىيە، شىۋىتسارىيىلەردە ساياھەتتە بولغان. 1822 – يىلى 7 – ئاينىڭ 8 – كۈنى دېڭىز سەپىرىدە ھادىسىگە ئۇچراپ 30 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

شىللىي 20 يىلغا يېقىن ئىجادىي ھاياتىدا «ئايال پادىشاھمەن»، «ئىسلام قوزغىلىڭى»، «ئازاد بولغان پرومېتى» قاتارلىق داستانلارنى؛ «شىلىسى»، «ھىراس» قاتارلىق شېئىرىي دىراممىلارنى؛ 100 پارچىدىن ئارتۇق مۇنەۋۋەر لىرىكىلارنى ۋە بىر قانچە ئەدەبىي ئوبزورلارنى يازغان. ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسى ياۋروپا ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

## چېخوپ (1860 - 1904)

ئانتون پاۋلوۋىچ چېخوپ — 19 – ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆتكەن روسىيىنىڭ ئۇلۇغ تەنقىدىي رېئالىست يازغۇچىسى.

چېخوپ 1860 – يىلى روسىيىنىڭ تاگانروك شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. 1876 – يىلى موسكۋا داشۆسىنىڭ تىببىي فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇشنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىر نەچچە يىل دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللانغان. 1904 – يىلى 7 – ئاينىڭ 15 – كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 44 يېشىدا موسكۋادا ۋاپات بولغان.

چېخوپنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى موسكۋا داشۆسىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا باشلانغان. 1880 – يىلدىن باشلاپ ھېكايىلىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان. چېخوپ 24 يىللىق ئىجادىي ھاياتىدا «ھەسرەت»، «ۋانكا» چىنوۋنىكنىڭ ئۆلۈمى»، «مۇژىكلار»، «6 – پالاتا»، «سايدا»، «چۆل»، «غىلاپ بەندىسى»، «خامېلېئون» قاتارلىق يۈزلىگەن نادىر ھېكايىلارنى؛ «چايكا»، «ۋانيا تاغا»، «ئۈچ ئاچا – سىڭىل»، «ئالۇچىلىق باغ» قاتارلىق مەشھۇر سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان.

چېخوپنىڭ ھەجمى ئىخچام، قۇرۇلمىسى پۇختا، مەزمۇنى چوڭقۇر، تىلى يۇمۇرلۇق ھېكايىلىرى روس ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ قىممەتلىك ئۈتىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## دۇما [چوڭ] (1803 - 1870)

ئالېكساندىر دۇما 1803 – يىلى 7 – ئاينىڭ 24 – كۈنى فرانسىيىدىكى بىر كىچىك شەھەردە گېنېرال ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئاتا – ئانىسى كىچىك چېغىدا ئۆلۈپ كەتكەچكە تۇرمۇشى نامراتلىقتا ئۆتكەن. 1822 – يىلى پارىژغا كېلىپ گوۋاچىلار مەھكىمىسىدە ئىشلىگەن. دۇما فېئودال قانلىق تۈزۈمنىڭ تېرىلىشىگە ئىنتايىن ئۆچ ئىدى. شۇڭا 1830 – يىلدىكى ئىيول ئىنقىلابىغا ۋە 1848 – يىلدىكى ئىنقىلابقا قاتناشقان. ئىنقىلاب مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بىر يوسۇنغا كېتىشكە مەجبۇر بولغان، 1879 – يىلى ۋاپات بولغان.

دۇمانىڭ ئىجادىي پائالىيىتى 1820 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى باشلانغان. 1829 ـ يىلى «ھېنرىخ III ۋە ئۇنىڭ ئوردىسى» دېگەن دراممىسى ئېلان قىلىنغان. 1840 ـ يىللاردىن كېيىن «ئۈچ قىلىچۋاز»، «كېيدو تېغىدىكى گىراف»، «خانىشنىڭ مارجىنى»، «ئانىرى فىدو»، «گىراف سارىسىن خانىم» قاتارلىق رومانلارنى يازغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئۈچ قىلىچۋاز» رومانى زور شۆھرەت ئېلىپ كەلگەن.

ئالېكساندىر دۇمانىڭ فرانسىيە ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى ئانچە مۇھىم بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كەڭ كىتابخانلارغا ئىگە بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى ئەللىرىگە كۆپ تارقالغان.

## دۇما [ كىچىك ] ( 1825 - 1895 )

ئالېكساندىر فىلىس دۇما ـــ فرانسىيىنىڭ 19 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاغلىق دراماتورگى.

ئالېكساندىر فىلىس دۇما 1825 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تۇغۇلغان. ئۇ، چوڭ دۇمانىڭ نىكاسىز ئاپىرىدە بولغان ئوغلى، چوڭ دۇما كۆپ يىللاردىن كېيىن كىچىك دۇمانىڭ ئۆز ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما كىچىك دۇمانىڭ ئانىسىنىڭ ئۆز خوتۇنى ئىكەنلىكىنى زادى ئېتىراپ قىلمىغان. بۇ خىل ئىجتىمائىي رەزىللىك كىچىك دۇمانىڭ قەلبىدە چوڭقۇر جاراھەت ئىزىنى قالدۇرغان. ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ چىرىك ئەخلاقىنى تەنقىد قىلىش بىلەن ئۆتكەن. ئالېكساندىر فىلىس دۇما 1895 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

ئالېكساندىر فىلىس دۇمانىڭ ئىجادىيىتى دەستلەپ ھېكايە يېزىشتىن باشلانغان. 1852 ـ يىلدىن كېيىن سەھنە ئەسەرلىرى يېزىشقا ئۆتكەن. فىلىس دۇما «چوغلۇق قىز» «پۇل مەسىلىسى»، «ۋەلىدى زىنا»، «شاللاق ئاتا»، «ئوبۇلېر خانىمنىڭ چۈشەنچىسى»، «ئارفىس ئەپەندى»، «فلانشىڭ» قاتارلىق يىگىرمىدىن كۆپرەك دراممىلارنى يازغان. «چوغلۇق قىز» ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەردۇر.

ئالېكساندىر فىلىس دۇمانىڭ سەھنە ئەسەرلىرى فرانسىيە ئەدەبىيات تارىخىدا رومانتىزىمدىن رېئالىستىك تىياتىرغا ئۆتۈش مەزگىلىدە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.

## بېرنارد شاۋ ( 1856- 1950 )

گېئورگى بېرنارد شاۋ ـــ ئەنگلىيىنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر دراماتورگى. بېرنارد شاۋ 1850 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئىرلاندىيىنىڭ پايتەختى دوبلىندىكى بىر ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، كىچىكىدىن باشلاپلا رەسىم سىزىشقا ۋە مۇزىكىغا ھەۋەس قىلغان. ئون تۆت يېشىدا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. ئائىلىسىدە قىيىنچىلىق بولغاچقا، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي، ئۆي ـ جاي شىركىتىدە خەت كۆچۈرگۈچى بولغان. 20 يېشىدا لوندونغا كېلىپ يېزىقچىلىققا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرۈش كويىدا بولغان. لېكىن يازغانلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان. شۇنداق تىنىمۇ قىلچە مەيسىلەنمەي 9 يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بىر تەرەپتىن يېزىشنى تىرىشىپ مەشىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن سىرتتىن بىلىم ئاشۇرۇشنى چىڭ

(ئاخىرى 56 ـ بەتتە)



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى، شائىر ۋە ئىلمىي تەتقىقاتچى
ئابدۇشكۇر مەمتىمىن قەشقەردە بولغان كۈنلەردە بىر قىسىم ئەدەبىيات -
سەنئەت خادىملىرى بىلەن كۆرۈشتى



**ئۇستاز ۋە شاگىرتلار قايتىدىن ئۇچراشتى**

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى تۇردى مەتنىياز تارتقان)

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەخمۇتجان تۇردى




قەشقەر ئەدەبىياتى (15 - يىل نەشرى)

«喀什噶尔文学» （双月刊）

---

1986 - يىل 4 - سان (قوش ئايلىق ژورنال)
تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى
«قەشقەر گېزىتى» مەتبەسىدە بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋاكالىتەن تارقىتىدۇ
فورماتى 787×1092مم، 1/16، 8 باسما تاۋاق
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى
ئىدارىسىنىڭ تىزىم نومۇرى: 0.41

---

ژورنال نومۇرى: 62 — 58
باھاسى: 50 فۇڭ